ISSN 1005-5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

4

1997

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

ISSN 1005-5878

9 771005 587001

# شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال

باش مۇھەررىر:

كۆرەش مەھمۇتجان

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

تەھرىر ھەيئەتلىرى:
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇكېرىم رەھمان، ئازاد سۇلتان، ئامانجان تىلىۋالدى، ئەنۋەر ئابلىمىت، تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى، رازاق مەتنىياز، شېرىن قۇربان، قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى، كۆرەش مەھمۇتجان، مەتروزى ھېيت، مۇھەممەتيۈسۈپ ئۆمەر، نىجات ئەھمەتجان، ئىبراھىم مۇتىئى.

1997 - يىللىق 4 - سان

(ئومۇمىي 72 - سان)

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقتى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورو
地址:乌鲁木齐市胜利路 14 号
تېلېفون: 2862753—2927
پوچتا نومۇرى: 830046

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ

نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ، مۇشتىرى بولۇڭ

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: مادىيۇەن، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: چوغلۇق ئابدۇلھېلىم

# بۇ ساندا

## سىياسىي — نەزەرىيە ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قىبلىنامىسى ......... ئىسمائىل نىياز 1

سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى توغرىسىدا ......... نىجات ئەھمەتجان، ۋەلى ھامۇت 10

ئىككى مەدەنىيەت ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ......... مەرىيەم ساۋۇت 19


## مەشھۇر شەخسلەر تەتقىقاتى


مەشھۇر شائىر نىم شېھىت ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە ......... كېرىمجان ئابدۇرېھىم 24


## تارىخ - ئېتنوگرافىيە - كلاسسىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا بىر نەزەر ......... تۇرسۇن پالتا 38

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مۇھىم بايانلاردىن قەدىمكى ئىلى بەگلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ......... تۇرسۇن ئەرشىدىن 46

گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ (4. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى) ......... مۇھەممەت ئوسمان 54


## تىل - ئەدەبىيات - فولكلور تەتقىقاتى


ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق قۇرۇلما توغرىسىدا ......... نەسرۇللا يولبولدى 64

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتاش سۆزلىرى ھەققىدە ......... يارى ئەبەيدۇللا 73

ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر توغرىسىدا ......... شاھزادەم سېيىت 80

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم شەرتلىرى ھەققىدە ......... ئابلەت ئۆمەر 87

يارالمىش ئەپسانىلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە ......... ئەنۋەر سەمەت غەربى 97


## ئاياللار تەتقىقاتى


بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا ......... ھەمراھ مۇھەممەت 112

ئاياللار مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئەۋلادلار ساپاسىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە ... پەزىلەت داۋۇت 117


## ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقاتى


بازار مېخانىزمى توغرىسىدا ......... جاپپار مۇتىئى 121


## قانۇن - تۈزۈم تەتقىقاتى


كىشىلىك ھوقۇق بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ......... ئەھمەت مامۇت 127

يازما تىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ......... دىلشات ئىسمائىل 132

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ......... 136

新疆大学学报
(哲学社会科学维文版)
1997年第4期
(总第72期)

# 目　录


## 政治理论、文化研究

邓小平理论是推动中国式社会主义事业前进的指针 …… 司马义·尼亚孜
论社会主义的根本任务 …… 尼加提·艾合买提江、外力·阿提木
论两种文明及其关系 …… 玛丽亚姆·萨吾提

## 名人研究

论著名诗人尼木谢依提及其文学创作 …… 克里木江·阿布都热依木

## 历史、民俗学、古典文化研究

从《突厥语大词典》看古代维吾尔族农业的发展 …… 吐尔逊·帕里塔
从《福乐智慧》中的重要论述谈到古代伊犁国 …… 图尔逊·艾尔西丁
美丽的家乡——新疆(4.伊犁哈萨克自治州) …… 穆罕默德·乌斯曼

## 语言、文学、艺术研究

论现代维吾尔语的语音结构 …… 那苏如拉·由里包尔地
论维吾尔语的称谓词 …… 亚热·艾升都拉
论维吾尔语中的阿拉伯语借词 …… 夏扎旦木·色伊提
论文学创作的重要条件 …… 阿布来提·吾买尔
创世神话之比较研究 …… 安尼瓦尔·赛迈提

## 妇女研究

论市场经济条件下维吾尔婚姻关系的变化 …… 海木拉·穆罕默德
论妇女文化水平对后代素质的影响 …… 帕孜莱提·达吾提

## 经济学研究

论市场机制 …… 贾帕尔·穆提义

## 法学研究

论人权和主权的关系 …… 艾合买提·马木提
关于区别利用书面语特点有意改动的文字的方法 …… 迪力夏提·司马义
1997年总目录

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قىبلىنامىسى

ئىسمائىل نىياز*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىنىڭ مۇھىم روھى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى شۇنداقلا پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش قاتارلىق نېگىزلىك مەسىلىلەر مۇھاكىمىلىك بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文论述江泽民同志在党的十五大所做的报告的精神，论述高举邓小平理论的伟大旗帜，坚持党的社会主义初级阶段基本路线，经济体制改革和发展经济的战略以及加强党的领导等根本问题。

**Abstract**: In this article, the writer expounds the spirit of Comrade Jiang ze ming's report in the Party's 15th Congress, hold high the great banner of Deng xiaoping's theory. He also expounds some basic problems such as how to stick to the principle rules in the initial stage of Socialism, the reforming of economis system and the strategy of economic development, and how to strengthen the Party's Leadership and so on.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم پەيتتە ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15 ـ قۇرۇلتىيىدا، يولداش جياڭ زېمىن «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى XXI ئەسىرنى نىشانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى» دېگەن تېمىدا ئىنتايىن مۇھىم دوكلات بېرىپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن XXI ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا چاقىردى. يولداش جياڭ زېمىن-

* ئىسمائىل نىياز: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىدە، دوتسېنت.

نىڭ مۇھىم دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئىگىلەش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش جياڭ زېمىن دوكلاتتا «بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر. بايراق ئوبراز دېمەكتۇر. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتىن تەۋرەنمەسلىكنىڭ ئۆزى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن تەۋرەنمەسلىك بولىدۇ.»① دەپ كۆرسەتتى. نۆۋەتتە بايراقنىڭ يۆنىلىش، بايراقنىڭ ئوبراز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر. بىر پارتىيە، بىر دۆلەتتە چوقۇم بايراق بولۇشى كېرەك. بايراق بولمىسا ئالغا باسىدىغان يۆنىلىش ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايراق. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش ۋە بىرقانچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

**1. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە قىلچە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش**

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا «پۈتۈن پارتىيە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە قىلچە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش كېرەك»② دەپ كۆرسەتتى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. ئۇ بولسىمۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بۇ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» بۇ لۇشيەنىنىڭ قىسقىچە يىغىنچاقلىنىشى. شۇڭا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا قىلچە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش كېرەك.

بىرىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى تۈگىتىش، ئاخىر بېرىپ ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر يورۇتۇپ بەردى. سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئاساسىدا يەنە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلە-

رىنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرلۇك خىزمەتلەردە سوت-
سىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلە-
رىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش - بولماس-
لىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنۇۋېرسال كۈ-
چىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىق،
خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدى-
لىق بولۇش - بولماسلىقتىن ئىبارەت «ئۈچ پايدى-
لىق بولۇش»نى تۈپ ھۆكۈم ئۆلچىمى قىلىشنى
چوڭقۇر شەرھلەپ بەردى. مانا بۇلار بىزدىن ئىقتى-
سادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا باشتىن ئاخىر
چىڭ تۇرۇپ، باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇشۇ
مەركەزگە بويسۇندۇرۇپ ۋە خىزمەت قىلدۇرۇپ،
پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى
تىرىشىپ يۈكسەلدۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئۇنۇۋېرسال
كۈچىنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ۋە
مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈ-
رۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىلەن
تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە
چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بى-
لەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ
ئىككى ئاساسىي نۇقتىسى. بۇ ئىككى ئاساسىي نۇق-
تا بىر - بىرىگە سىڭگەن، بىر - بىرىنى تەقەززا
قىلىدىغان بولۇپ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. تۆت
ئاساسىي پرىنسىپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى، دۆ-
لەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن بىۋاسىتە
مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈپ مەسىلە. ئۇ، دۆلىتى-
مىزنىڭ قانداق يولدا مېڭىشى، قانداق ئىقتىسا-
دىي، سىياسىي تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش، كىمنىڭ
رەھبەرلىك قىلىشى، شۇنىڭدەك نېمىنى يېتەكچى
ئىدىيە قىلىشقا ئوخشاش بىر قاتار ئەڭ تۈپ، ئەڭ
مۇھىم پرىنسىپال مەسىلىلەرنى بەلگىلىگەن بو-
لۇپ، ئۇ، دۆلەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات
يۆنىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورنى ۋە تەقدى-
رى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، يەنە ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى سىياسىي
كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئىسلاھات سوتسىيالىزم
تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى،
ئېنگلس بۇرۇنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئا-
تالمىش «سوتسىيالىزم جەمئىيىتى، ئۆزگەرمەس
نەرسە ئەمەس، باشقا ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە ئوخ-
شاش، ئۇنىمۇ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئىسلا-
ھات قىلىنىدىغان جەمئىيەت دەپ قاراش كېرەك.
»③ ئىسلاھات سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى -
ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان
ئەڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. سوتسىيا-
لىزم تۈزۈمى مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۆزى ئىسلاھ قى-
لىشتا چىڭ تۇرۇش جەريانىدىلا پەيدىنپەي ساغلام-
لىشىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ، پىشىپ يېتىلىدۇ.
سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تېخىمۇ تو-
لۇق نامايان بولىدۇ. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش-
نى يولغا قويۇش، ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك
ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى بولۇپ، ئۇ، ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تاشقى شەرت
يارىتىپ، ئىنتايىن زور تاشقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى
كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ
مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىز تارىخىي تەجرى-
بىلەرنى يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ ئۇزاققىچە قاششاق-
لىق ۋە قالاق ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشىدىكى مۇھىم
بىر ئامىلنىڭ بېكىنمىچىلىك ئىكەنلىكىنى بىل-
دۇق، بېكىنمىچىلىك بىلەن قۇرۇلۇش قىلىپ مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدىغانلىقى، جۇڭگونىڭ
تەرەققىياتىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى
تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدى. »④ شۇڭا بىز سوتسىيا-
لىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قى-
لىشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى
بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قەتئىي ئېغىشماستىن چىڭ
تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇم-
يۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، بارلىق «سول» چىل
ۋە ئوڭچىل خاتا خاھىشلارغا قارشى تۇرۇپ، ئوڭ-
چىللىقتىن ھوشيار بولۇش، لېكىن ئاساسلىقى
«سول» چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىم-
لىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش.
يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى-
دا بەرگەن دوكلاتىدا «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچىدا ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ

مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇقىم سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.»⑤ دەپ كۆرسەتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مەركىزى. شۇڭا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ھەرقانداق ۋاقىتتا قەتئىي تەۋرەنمەسلىكىمىز لازىم. تەرەققىيات — ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى. ئىسلاھات - تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. تەرەققىيات بىلەن ئىسلاھات مۇقىملىقنىڭ ئاساسى. مۇقىملىق تەرەققىيات بىلەن ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزئارا ماسلىشىش، بىر - بىرىگە تۈرتكە بولۇش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. مۇقىملىق بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. مۇقىملىق پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. شۇڭا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىقنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىش لازىم. ئىسلاھات كۈچى، تەرەققىيات سۈرئىتى ھەم جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىجتىمائىي-سىياسىي مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**2. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش**

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەڭگۈشتىرى، ماركسىزمنىڭ مەڭگۈ يېمىرىلمەيدىغان ھەقىقىتى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا، «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ جەۋھىرى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭمۇ جەۋھىرى.» دەپ كۆرسەتتى. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى تۇرغۇزۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ قايتىدىن تىكلىنىشىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى. يېڭى تارىخىي دەۋردە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت مۇشۇ نەزەرىيە جەۋھىرىدە قەتئىي ئېغىشماستىن چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى،

ئۇ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى تارىخ تەرەققىياتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەستايىدىل كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، جۇڭگونىڭ ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۇزاققىچە تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھۆكۈمنى يەنىمۇ تەكىتلىدى. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە ئاساسىي سىياسىتىنى بەلگىلىدى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ دوكلاتىغا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش باشتىن ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ئىنتايىن شەرەپلىك، ئىنتايىن مۈشكۈل. شۇڭا، بۇلار بىزدىن ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» نى ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مۇكەممەلرەك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ساقلاپ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشنى، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى بىلەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش، ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى ھەقىقىي تۇردە ئالدىن راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 3. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا «ھازىردىن باشلاپ كېلەركى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىغىچە بولغان مەزگىل — دۆلىتىمىز ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى كۆزلەپ قەدەم تاشلايدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل. مۇشۇ مەزگىلدە، بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاش — ئۆبدان ھەل قىلىش شەرت بولغان ئىككى چوڭ تېما.»⑦ دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى بەزى چوڭ جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سۈرئەت بىر قەدەر تېز، ئۈنۈم بىر قەدەر ئۆبدان بولغان بىر پۈتۈن سۈپەت ئۈزلۈكسىز ئۆسىدىغان يولنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش سوتسىيالىزم شارائىتىدا بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، مۇلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۈكچىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەش جەھەتتىكى مۇناسىۋەت سىستېمىسىدۇر. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئىگىلەش، ئىدارە قىلىش، ئىشلىتىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مۇلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى — ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ھەر خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادتا تۇتقان ئورنى، ئىگى-

لىگەن نىسبىتى، شۇنىڭدەك ئۇز ئارا مۇناسىۋىتىنى
كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي
گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكد-
نى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ سوت-
سىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي
ئىقتىسادىي تۈزۈمى، بۇ تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى
سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرى بىلەن سوتسىيالىزم-
نىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس دۆلەت ئەھۋالى
تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى
ئاساسىي گەۋدە قىلىش كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك
ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، ماركسىزمنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى-
گە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك دېگەن ئاساسىي قارى-
شىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پاي-
دىلىق بولۇش- بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دۆ-
لەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق
بولۇش- بولماسلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى-
نى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقتىن
ئىبارەت «ئۈچ پايدىلىق بولۇش» نى تۈپ ئۆلچەم
قىلىپ، ئىشلەپچىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بە-
لەن راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئومۇمىي
مۇلۇكچىلىكنىڭ تۈرلۈك ئەمەلگە ئېشىش شەكى-
لىرىنى يولغا قويۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاسا-
سىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك
ئىگىلىكى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئاساسىي
ئىقتىسادىي تۈزۈمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئىككىنچىدىن، سوت-
سىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيا-
لىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشىشى ۋە
تىزگىنلىشى ئاستىدا بازارنى، بايلىقنى تەقسىم
قىلىشتا ئاساسىي رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدۇر. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى-
نى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈ-
رۈپ، بازارنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش، تىز-
گىنلىشى ئاساسىدا بايلىق تەقسىملەشتە ئۈللۈق
رول ئوينايدىغان قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، دۆ-
لەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش. دۆ-
لەت كارخانىلىرى خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ تۈۋرۈ-
كى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى ياخشى ئې-
لىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈ-
زۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك تۈ-
زۈمنى مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە. يولداش جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتايدا
بەرگەن دوكلاتىدا «زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى
ئورنىتىش — دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات
يۆنىلىشى ‹مۈلۈك ھوقۇقى ئوچۇق بولۇش، ھو-
قۇق - مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مەمۇرىيەت
بىلەن كارخانىنى ئايرىش، باشقۇرۇش ئىلمىي بو-
لۇش› تەلىپى بويىچە، چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى
دۆلەت كارخانىلىرىدا قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈ-
مى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، كارخانىنى بازارغا
لايىقلاشقان قانۇنىي ئىگىلىك ئەمەلىي گەۋدىگە ۋە
رىقابەت سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك»⑧ دەپ
كۆرسەتتى. بۇ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى
تېزلىتىشتە زور بۆسۈش بولۇپ، دۆلەت كارخانى-
لىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت
يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە
ئىگە. تۆتىنچىدىن، تەقسىمات قۇرۇلمىسى ۋە تەق-
سىمات ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. سوتسىيا-
لىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئومۇمىي مۇلۇكچى-
لىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۇلۇك-
چىلىك ئىگىلىكى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان
مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، بۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس
قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنى تەڭ ساق-
لاپ قېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈ-
كىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم
قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كۆپ خىل تەق-
سىمات ئۇسۇلىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇ-
كەممەللەشتۈرۈپ، بىر قىسىم رايونلارنىڭ، بىر
قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىپ، كېيىنرەك
بېيىغانلارغا باشلامچى بولۇپ ۋە ياردەم بېرىپ،
ئورتاق بېيىش يولىغا پەيدىنپەي قەدەم تاشلىشىغا
يول قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرىم

تەقسىماتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كىرىم پەرقىنى ئەقىلغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

### 4. «ئاچقۇچ پارتىيە رەھبەرلىكىدە» دېگەن ئىدىيىدە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، ئىشلىرىمىزنى XXI ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقىشتا.» ⑨ دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولۇش خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەرنىڭ سىناقلىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتماقتا. بۇ بىزدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتا كۆزلەنگەن ئومۇمىي نىشان بويىچە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىدىيە جەھەتتىن، تەشكىلىي جەھەتتىن ۋە ئىستىل جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، يېڭى تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە تۈپ ئاساسلىقى پۈتۈن پارتىيىنى قەتئىي تەۋرەنمەي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى، قەتئىيلىكىنى كۈچەيتىپ، كوممۇنىزم غايىسىنى تۇرغۇزۇپ سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇلار بىزدىن، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە ئىدىيىۋى ئاساس سېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پۈتۈن پارتىيىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، راستچىللىق، ئەمەلىيەتچىلىك كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم» ⑩.

ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.

پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە تۈپ ئاساسلىقى پارتىيىنى مۇستەھكەم رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

(1) دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. ئۇ، ھەم پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي پرىنسىپى، ھەم ئاممىۋى لۇشيەننىڭ پارتىيە تۇرمۇشىدىكى تەتبىقلىنىشى. شۇڭا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىنىڭ ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى، پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۇقتىسى. شۇڭا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم. يولداش ماۋزېدۇڭ خېلى بۇرۇنلا «سىياسىي لۇشيەن بېكىتىلگەندىن كېيىن كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ» .⑪ دەپ ئېنىق كۆرسەتكەندى. كادىرلار خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، زىيالىيلاشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلاشتۇرۇش فاڭجېنى بويىچە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشقان، يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ئىشلىرىدىمىزدا ئۆزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كادىر تاللاشتا ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئامما پارتىيىنىڭ لۇشيەننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي، ئەمەلىي نەتىجىسى گەۋدىلىك، پاك - دىيانەتلىك دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلغان كادىرلارنى ۋاقتىدا تاللاپ رەھبەرلىك ئورنىغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسىر ھالقىپ مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە بولۇپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئايال كادىرلارنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پارتىيىسىز كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش لازىم.

ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.

پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، توپ ئاساسلىقى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق، پارتىيە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئامما بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت باغلىشى لازىم. پارتىيە ئۆز خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەننى يولغا قويۇشى، ھەممە ئىشتا ئاممىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇشى لازىم. پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسى پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولۇپ، پارتىيىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. شۇڭلاشقا، پارتىيە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەر جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئېسىل ئىستىل — نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئامما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئىستىلىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ جارى قىلدۇرۇش لازىم. بىز ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممىدە ئاممىغا ئىشىنىدىغان، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىدىغان بولساق يەتمەس - تۈگىمەس كۈچ مەنبەئىگە ئىگە بولالايمىز.

تۆتىنچى، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي بوشاشماستىن چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش.

چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى - تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي سىياسىي كۈرەش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشى خېلى نەتىجىلىك تۇتۇلدى. ۋەزىيەت كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، لېكىن كەيپىيات يامانلىشىپ كېتىۋەرسە، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ بۇنداقتا باشقا تەرەپتىن ئاينىش يۈز بېرىدۇ-دە، ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىقتىسادقا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئاينىش پەيدا بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەۋج ئېلىپ كېتىۋەرسە، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق ئەدەپ كەتكەن بىر زېمىن شەكىللىنىدۇ» .⑫ چىرىكلىشىش ھادىسىسى — پارتىيىنىڭ چوڭ دۈشمىنى. خەلقنىڭ چوڭ دۈشمىنى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ چوڭ دۈشمىنى، شۇڭلاشقا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيا-

لىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قى-
لىش جەريانىدا ھەم ئۈزاققا سوزۇلغان جىدىي قى-
لىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا، ھەم باسقۇچلۇق
جەڭنى بىر - بىرلەپ ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، چى-
رىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي بو-
شاشماستىن قانات يايدۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋې-
تىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغ-
لام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئىك-
كىنچىدىن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ، مۇ-
ھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ، پارىخور،
خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالاپ، تارماق ۋە ساھە-
لەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى
داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ
ئىشەنچىسىنى ۋە مەدەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈ-
شىمىز لازىم. ئۈچىنچىدىن، چىرىكلىك ھادىسىسى
ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مەھسۇلى.
ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇ-
رۇۋاتىدۇ، فېئودالىزم، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك
ئىدىيىسى ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئادەت كۈچى
جەمئىيەتتە يەنىلا خېلى زور تەسىرگە ئىگە. شۇڭ-
لاشقا، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغ-
رىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىلىك كا-
دىرلارنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە
تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش
ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم. تۆتىنچىدىن، پار-
تىيىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇ-
رۇپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۈچلۈك نازا-
رەتچىلىك تۈزۈمى، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى
كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دېڭ
شياۋپىڭ «ئاممىۋى نازارەت تۈزۈمى ئورنىتىلى-
شى، ئامما بىلەن پارتىيە ئەزالىرى كادىرلار، خۇ-
سۇسەن رەھبىري كادىرلار ئۈستىدىن نازارەتچى-
لىك قىلىشى لازىم» . «ھەممىدىن مۇھىمى قىلچە
يۈز - خاتىرە قىلماستىن نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈ-
رۈپ تۇرىدىغان مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىش
كېرەك»⑬ دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، پارتىيە
ئەزالىرى مەيلى قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانى-
سۇن، قانداق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە
ئالسۇن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ۋە خەلق ئاممىسى-
نىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم.
بەشىنچىدىن، يېڭى ۋەزىيەتتە، پارتىيىلىك كادىر-
لار ئارىسىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسى-
لىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر قائىدە - نىزام
قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەش-
تۈرۈپ، پارتىيىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ ھەرد-
كەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، رەھبىري كادىرلار-
نىڭ پارتىيە ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلى-
قىنى ئۆستۈرۈش لازىم.
بىز پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتى-
يى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يولداش جياڭ زېمىن
يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، 15-
قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ۋە ئۇ-
نىڭ روھى ماھىيىتىنى ئىگىلەپ ۋە ئومۇميۈزلۈك
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىر مەقسەتتە،
ئېگىلمەي، سۇنماي، جاپاغا چىداپ كۈرەش قى-
لىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت
ئۇلۇغۋار ئىشنى XXI ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك يۈز-
لەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

①②⑤⑥⑦⑧⑨⑩ جياڭ زېمىن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا
بېرىلگەن دوكلات» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى سانى.
③ «ماركس. ئېنگلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، خەنزۇچە نەشرى، 37 - توم 443 - بەت.
④ دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرايلى» (تۈزىتىلگەن ۋە تولۇقلانغان نەشرى) ، خەنزۇچە
67 - بەت.
⑪ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم 357 - بەت.
⑫ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم 314 - بەت.
⑬ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم 721 - 722 - بەتلەر.

(پوچتا نومۇرى: 830046)
تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى توغرىسىدا

ن. ئەھمەتجان، ۋەلى ھامۇت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، ھەر ساھە خىزمەتلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**:生产力是社会发展的决定因素。本文阐明发展生产力是社会主义的根本任务,是各行各业工作的中心点,并论述发展生产力的途径。

**Abstract**: Productive forces are the decisive element in social developement. This article briefly expounds that developing productive forces is the essential task of Socialism and it is the central point of all professions. The article also expounds the way how to develope productive forces.

## I

ئىنسانغا ھايات ئاتا قىلغۇچى بىرىنچى ئامىل ئەمگەك بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدۇر.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيە مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىقتىسادىي بازىسنىمۇ، مۇشۇ ئىقتىسادىي بازىسقا ماس بولغان ئۈستقۇرۇلمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي بازىس — جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساس. ئۈستقۇرۇلما بولسا جەمئىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى سىياسىي شەرت. ئىقتىسادىي بازىس جەمئىيەتنىڭ «سۆڭىكى»، ئۈستقۇرۇلما بولسا «سۆڭەك» ئۈستىدىكى «گۆش»، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بۇنداق باغلىنىشى ۋە ئورگانىك بىرلىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىجتىمائىي فورماتسىيە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىرلىكى بول-

• ن. ئەھمەتجان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.
ۋەلى ھامۇت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى.

غان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئاساس قىلىدۇ. ماركس مۇنداق دەيدۇ: «ماددىي ھاياتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى پۈتكۈل ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەريانلىرىنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئورنى بىلەن مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ياكى مال - مۈلۈك مۇناسىۋەتلىرى بىلەن زىتلىشىپ قالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش شەكلى بولۇپ كەلگەن بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغىدىغان كىشەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ. ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ناھايىتى چوڭ بولغان پۈتكۈل ئۇستقۇرۇلمىمۇ يا تېز، يا ئاستا ئۆزگىرىشيۈزبېرىدۇ»①.

ماركسنىڭ بۇ سۆزىدىن ئاز دېگەندە مۇنداق ئۈچ مۇھىم مەزمۇننى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن: بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سىنىپىي جەمئىيەتتە سىنىپىي كۈرەش بولۇپ ئىپادىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىنقىلاب بىلەن ھەل قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ كۈچ؛ ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىمۇ، شۇنىڭدەك پۈتۈن جەمئىيەت سىستېمىسىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىل. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە ئورناتقان ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى ماھىيەتتە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ماھىيەتتە ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىگە ماس بولغان ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ۋە بىر پۈتۈن ئۇستقۇرۇلمىنىڭ شەكىللىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ياكى مۇنداق ئۇستقۇرۇلمىمۇ جەزمەن مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا، بۇ خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىن يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە ئۆتۈش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بارىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھازىرغىچە بولغان تارىخىدىكى بەش خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئالمىشىشى دەل مۇشۇ پاكىتنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى، سەۋەبى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىككى جۈپ نېگىزلىك زىددىيەت ۋە بۇ ئىككى جۈپ نېگىزلىك زىددىيەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ ئامىل تىلغا ئېلىنىسىمۇ، مۇھىمى، يەنىلا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان، ئادەمنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ ۋە بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدىغان ئەمەلىي ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىل دېگەندە، مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى كۆزدە تۇتىمىز:

بىرىنچى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن باشلىنىدۇ. مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەربىر ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات مېۋىسىگە ئىگە بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس قىلغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار-

دىن بۆلۈنۈپ چىقىشى — قورال ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشى — قورال يېڭىلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ تېخىمۇ ئىجتىمائىيلىشىپ، تىل - يېزىقچە ئومۇملاشقانلىقىنى ئاساس قىلغان. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەمگەك قوراللىرى ۋە ئەمگەكچىنىڭ ئەمگەك ماھارىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ماھىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولۇپ، بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقانداق يېڭى ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئۆز تەرەققىياتىنى مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن باشلايدۇ، كونا ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئاكتىپ تەرەپلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى — ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت. ئىشلەپچىقىرىش — ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا، ئاساسلىقى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا بېقىنىدۇ. تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بولمىسا، شۇنىڭدەك ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجغا ماس ھالدا تېخىمۇ يۇقىرى شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىنسانلارنىڭ باشقا ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىدىن، ھەتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «ھەرقانداق مىللەت ئەمگەك قىلىشنى بىر يىل ئەمەس، بىر نەچچە ھەپتىلا توختىتىپ قويىدىغان بولسا ھالاك بولۇپ كېتىدۇ.» ② ھالبۇكى، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى پەقەت مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە تايىنىپلا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەرقايسى ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى ۋە بەلگىسى. ھەرقايسى ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەر «نېمىلەرنى ئىشلەپچىقارغانلىقى بىلەن ئەمەس بەلكى قانداق ئىشلەپچىقارغانلىقى ۋە قانداق ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ ئىشلەپچىقارغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەمگەك ۋاسىتىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك كۈچى تەرەققىياتىنى ئۆلچىگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەكنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆرسەتكۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» ③ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئۆلچەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا تايىنىپ تۇرغۇزۇلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھالىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەمگەك قوراللىرىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى بىر مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تارىخىي دەۋرلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئاخىرقى ھېسابتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىلىق بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ئورۇنلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ئاساس. جەمئىيەت تارىخى — مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت. تارىخنىڭ ھەربىر قەدەم ئالغا بېسىشى ئوخشاش بولمىغان تاسادىپىيلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ، تاسادىپىيلىقلار بولسا مۇقەررەرلىكنى ئىپادىلىگەن بولىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۆلەملىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئىشقا ئېشىش دەرىجىسى مۇئەييەن ئوبيېكتىپ ئاساسقا ۋە

بۇ ئوبيېكتىپ ئاساسنى ئەكس ئەتتۈرۈش دەرىجى-
سىگە باغلىق بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ
ئېيتقاندا، ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تە-
رەققىيات ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا،
ھەرقانداق ئالغا بېسىش خاراكتېرىدىكى ئىجتىما-
ئىي ئۆزگىرىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئىبا-
رەت ئوبيېكتىپ ئاساس ئۈستىگە قويۇلىدۇ. چۈن-
كى، بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ
تەرەققىيات ئەھۋالى خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۆ-
لەملىك تارىخىي پائالىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-
نىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىسا، خەلق ئاممىسى-
نىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ئورۇنلىشىدىكى رو-
لىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، خەلق ئام-
مىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققى-
يات ئەھۋالىنى چۈشىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بول-
مىسا، ئۇلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئىشقا
ئېشىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆتىنچى-
دىن، ھەربىر تارىخىي دەۋردە كىشىلەر دۇچ كەل-
گەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئۆزگىرىشلەرنى ئورۇنلىشىدا ھەل قىلغۇچ
ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرىنى خالىغانچە تاللىۋالالمايدۇ. مانا
بۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جەمئىيەت تە-
رەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

II

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى پۈتكۈل ئىجتىمائىي
تەرەققىياتنىڭ بىر فورماتسىيىسى ۋە بىر تارىخىي
باسقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئى-
يىتىنىڭ ھەممە فورماتسىيىلىرىدە ئورتاق رول
ئوينايدىغان ئىجتىمائىي ئېگىزلىك زىددىيەت —
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش
مۇناسىۋەتلىرىنىڭ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن
ئۈستقۇرۇلمىنىڭ دىئالېكتىك تەرەققىيات قانۇنى-
يىتى ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي
قىلىدۇ. لېكىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئې-
گىزلىك زىددىيەت ئادەتتە ئانتاگونىستىك خاراك-
تېر ئالمايدىغان بولغاچقا، سوتسىيالىزم جەمئىيى-
تىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە
راۋاجلاندۇرۇش سىنىپىي كۈرەشكە موھتاج بول-
مايدۇ. ئەمما بۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا ۋە را-
ۋاجلاندۇرۇشقا سەل قارىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەي-
دۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش —
سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى تۈپ ۋەزىپە. دېڭ
شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: «سوتسىيالىزم باسقۇچى-
دىكى ئەڭ تۈپ ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزمنىڭ
ئەۋزەللىكى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمغا قارىغاندا
تېخىمۇ يۇقىرىراق ۋە تېخىمۇ تېزرەك سۈرئەتتە
راۋاجلاندۇرۇشىدا ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلى-
رىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا خەلقنىڭ ماددىي ۋە
مەدەنىي تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىدا گەۋ-
دىلىنىشى كېرەك»①. لېكىن بىز ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇزاق بىر مەز-
گىل سەل قارىدۇق. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپ-
كى مەزگىللەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەن-
دىزىسىگە ئاساسەن ئورنىتىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈل-
مە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسى-
مۇ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئورۇنلىنى-
شى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ كېڭىيى-
شىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە نۇقسانلار
كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى، بۇ نۇقسانلار
پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى «سول-
چىل» خاتالىقى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ،
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بو-
غۇپ قويدى.

ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيىنىڭ
11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي
يىغىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلى-
يەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قى-
لىشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن-

دىن بۆلۈنۈپ چىقىشى — قورال ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشى — قورال يېڭىلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ تېخىمۇ ئىجتىمائىيلىشىپ، تىل - يېزىقچە ئومۇملاشقانلىقىنى ئاساس قىلغان. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەمگەك قوراللىرى ۋە ئەمگەكچىنىڭ ئەمگەك ماھارىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ماھىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولۇپ، بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقانداق يېڭى ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئۆز تەرەققىياتىنى مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن باشلايدۇ، كونا ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئاكتىپ تەرەپلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى — ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت. ئىشلەپچىقىرىش — ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا، ئاساسلىقى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا بېقىنىدۇ. تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بولمىسا، شۇنىڭدەك ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجغا ماس ھالدا تېخىمۇ يۇقىرى شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىنسانلارنىڭ باشقا ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىدىن، ھەتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «ھەرقانداق مىللەت ئەمگەك قىلىشنى بىر يىل ئەمەس، بىرنەچچە ھەپتىلا توختىتىپ قويىدىغان بولسا ھالاك بولۇپ كېتىدۇ.»② ھالبۇكى، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى پەقەت مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە تايىنىپلا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەرقايسى ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى ۋە بەلگىسى. ھەرقايسى ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەر «نېمىلەرنى ئىشلەپچىقارغانلىقى بىلەن ئەمەس بەلكى قانداق ئىشلەپچىقارغانلىقى ۋە قانداق ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ ئىشلەپچىقارغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەمگەك ۋاسىتىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك كۈچى تەرەققىياتىنى ئۆلچىگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەكنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆرسەتكۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» ③ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئۆلچەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا تايىنىپ تۇرغۇزۇلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھالىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەمگەك قوراللىرىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى بىر مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تارىخىي دەۋرلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئاخىرقى ھېسابتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىلىق بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ئورۇنلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ئاساس. جەمئىيەت تارىخى — مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت. تارىخنىڭ ھەربىر قەدەم ئالغا بېسىشى ئوخشاش بولمىغان تاسادىپىيلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ، تاسادىپىيلىقلار بولسا مۇقەررەرلىكنى ئىپادىلىگەن بولىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۆلەملىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئىشقا ئېشىش دەرىجىسى مۇئەييەن ئوبيېكتىپ ئاساسقا ۋە

بۇ ئوبيېكتىپ ئاساسنى ئەكس ئەتتۈرۈش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئالغا بېسىش خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئاساس ئۈستىگە قويۇلىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۆلەملىك تارىخىي پائالىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىسا، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ئورۇنلىشىدىكى رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسا، ئۇلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆتىنچىدىن، ھەربىر تارىخىي دەۋردە كىشىلەر دۇچ كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئورۇنلىشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى خالىغانچە تاللىۋالالمايدۇ. مانا بۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## II

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بىر فورماتسىيىسى ۋە بىر تارىخىي باسقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەممە فورماتسىيىلىرىدە ئورتاق رول ئوينايدىغان ئىجتىمائىي ئىگىزلىك زىددىيەت — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ دىئالېكتىك تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. لېكىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىگىزلىك زىددىيەت ئادەتتە ئانتاگونىستىك خاراكتېر ئالمايدىغان بولغاچقا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سىنىپىي كۈرەشكە مۇھتاج بولمايدۇ. ئەمما بۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قارىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى توپ ۋەزىپە. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: «سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى ئەڭ توپ ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرىراق ۋە تېخىمۇ تېزرەك سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇشىدا، ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىدا گەۋدىلىنىشى كېرەك»①. لېكىن بىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇزاق بىر مەزگىل سەل قارىدۇق. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىگە ئاساسەن ئورنىتىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئورۇنلىنىشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە نۇقسانلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى، بۇ نۇقسانلار پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى «سول» خاتالىقى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدى.

ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيە-

نى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ، «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقاقىلىش»، «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش» تىن ئىبارەت سوتسىيالىزمغا ماس كەلمەيدىغان خاتا شوئارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خىزمەت نۇقتىسىنى سىنىپىي كۈرەشنى مەركەز قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەپ، ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش— پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەر ساھە خىزمىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلاندى.

پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھىم بىر تۆھپىسى شۇ بولدىكى، ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئەھۋالىمىزنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، «دەسلەپكى باسقۇچ» نىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاقلىقىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ بەردى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەيلى سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي جەريانىدا بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بولسۇن ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپە، بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى.

بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

سوتسىيالىزم — كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم. شۇڭا ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەممە تەرەپتىن كاپىتالىزمدىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك. لېكىن بىز بۇنداق ئۈستۈنلۈكنى گەۋدىلەندۈرەلمىدۇق. بۇ، «سوتسىيالىزم نېمە؟ ئۇنى قانداق قۇرۇش كېرەك» دېگەن ئاساسىي مەسىلىگە — سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ تازا چوڭقۇر بولمىغانلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. دېڭ شياۋپىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئىجابىي، سەلبىي تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ: سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى — «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش»⑤ تىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردە سوتسىيالىزمنىڭ نىشانى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ يوقىتىلىشى، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ تۈگىتىلىشى، ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق بېيىشى — سوتسىيالىزمنىڭ نىشانى، سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەرقايسى ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەردىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك بەلگىسى ۋە ئۈستۈنلۈكى؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. ۋەزىپە بىلەن نىشان بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ؛ نىشان - ۋەزىپىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ، ۋەزىپە - نىشانغا يېتىشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. نىشاندىن ئايرىلغان ۋەزىپە ئەھمىيەتسىز ۋەزىپە بولغىنىدەك، ۋەزىپىدىن ئايرىلغان نىشانمۇ ئەھمىيەتسىز نىشان بولىدۇ. «ھازىر بىز سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىمىز دەۋاتقىنىمىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق دېگۈدەك سالاھىيىتىمىز يوق. كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەندىن كېيىن، راستىنلا سوتسىيالىزم قۇردۇق دەپ ئېيتالايدىغان بولىمىز، مەردانىلىق بىلەن سوتسىيالىزم كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل دېيەلەيمىز.»⑥ ھالبۇكى، بۇ نىشانغا پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىراۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەنلا يېتەلەيمىزكى، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر توغرا ئۇسۇلى.

ئېلىمىزدە خەلق ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئەزگۈچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى. سىنىپىي زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەت قۇرۇلمىسىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇشۇ ئاساسىي زىددىيەت ياخشى ھەل قىلىنسا، باشقا زىددىيەتلەر ئاسان ھەل بولىدۇ ياكى ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ ئېشىپ بېرىشى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ يۈزلىنىش. ئۇ، ھەم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا سەل قاراش، خەلق ئاممىسىنىڭ نورمال ئىستېمال تەلىپىنى بېسىش ياكى ئۇنى سىنىپىي كۆرەش ئۇسۇلى بىلەن «ھەل قىلىش»قا ئۇرۇنۇش تامامەن خاتا. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر توغرا ئۇسۇلى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قالاقلىقى زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى، شۇنداقلا دۆلەت ئەھۋالىمىزنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى بولغاچقا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى مۇمكىنقەدەر چاپسانراق ئاشۇرۇش» ⑦ نى ئۆز خىزمەتلىرىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاساسىي زىددىيەتنى ياخشى ھەل قىلغىلى، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ تېزلەتكىلى بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە كەلگۈسىدە كوممۇنىزمغا ئۆتۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

سوتسىيالىزم بىلەن كوممۇنىزم كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات ۋە يېتىلىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى باسقۇچى. سوتسىيالىزم كوممۇنىزمنىڭ زۆرۈر تەييارلىقى؛ كوممۇنىزم سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. كوممۇنىزم جەمئىيىتى مەھسۇلات ئىنتايىن مول بولغان، ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدىغان جەمئىيەت. ماددىي نەرسە ئىنتايىن مول بولغان شارائىت يارىتىلماي تۇرۇپ، ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس. «ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئاخىرقى ھېسابتا يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق نەرسە» ⑧. كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى قانچە كەڭ، قانچە ئومۇمىي بولسا، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسى قانچە مۇستەھكەم بولسا، كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئۈچۈن شۇنچە كەڭ، شۇنچە ئومۇمىي ۋە شۇنچە پۇختا ئاساس يارىتىلىدۇ. پەقەت سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنلىغاندىلا، ئاندىن «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماددىي ئاساس ياراتقىلى»⑨ بولىدۇ.

دېمەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرى؛ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى؛ زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانمىسا، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانمىسا، جۇڭخۇانى

گۈللەندۈرۈش، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانمىسا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرغىلى ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىگىلى، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانمىسا، دۆلەت ئىچىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، مۇقىملىقنى ساقلاش مۇمكىن بولمايدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانمىسا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەسىرگە ئۇچرايدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانمىسا، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش، تىنچ يول بىلەن ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئۆلچىمى.

## III

ئىجتىمائىي نېگىزلىك زىددىيەتنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سىنىپىي جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي نېگىزلىك زىددىيەت سىنىپىي زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلەنگەنلىكتىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاساسەن سىنىپىي كۈرەشكە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىنىپ سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بولسا ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە خەلق ئاممىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سىنىپىي كۈرەشنى ۋاستە قىلمايدۇ. بۇ ھال بىزدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرى ئۈستىدە تېخىمۇ كەڭ ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇنداق بىرقانچە ئىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك:

بىرىنچى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. بىزنىڭچە، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. بىرى، ئىلمىي باشقۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا باب كېلىدىغان ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئادەتتە ئېيتىلىدىغان ئەمگەكچى، ئەمگەك ئوبيېكتى ۋە ئەمگەك ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل دائىرىسىدىلا چۈشەنمەي، بەلكى ئۇنى ئىلمىي باشقۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش، پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن قاراشنى ھەقىقىي تۈردە تىكلەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زامانىمىزغا ماس تەرەققىيات ھالىتىنى ۋە قۇرۇلمىسىنى توغرا تونۇش كېرەك؛ يەنە بىرى، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىش، ئېغىزدا ئەمەس ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بۇ جەھەتتە بەزى مەسىلىلەرنىڭ يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، مەۋقەنى پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ: «پەن- تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» [10] دەپ كۆرسەتتى. پەن - تېخنىكا شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولىدۇكى، ئۇ، ئەمگەكچىنىڭ ئەمگەك ماھارىتىنى ئۆستۈرىدۇ؛

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىچىدىكى ئەمگەك
قوراللىرىنى ئىجاد قىلىدۇ ياكى ئۇنى يېتىلدۈرىدۇ؛
ئەمگەك ئوبيېكتىنى كېڭەيتىدۇ؛ ئەمگەك ئامىللىد-
رى ئارىسىدىكى بىرىكىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەر-
يانىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ؛ قىسقا ۋاقىت
ئىچىدە ئاز كۈچ بىلەن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ سۈ-
پەتلىك مەھسۇلات يارىتىدۇ. دۇنيانىڭ پەن - تېخ-
نىكا تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، پەن -
تېخنىكىدىكى ھەربىر چوڭ كەشپىيات ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرىدە غايەت زور سەكرەش پەيدا قىلغاز-
لىقىنى كۆرەلەيمىز. پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ
قىلىنىشى ئىپتىدائىي كاپىتالىزمنىڭ مانافاكتۇرا
سانائىتىنى ماشىنا سانائىتىگە تەرەققىي قىلدۇر-
دى؛ ئېلېكترنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانىيەتنى
ئېلېكترون دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. بۈگۈنكى كۈن-
دە پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
تەرەققىياتىدىكى رولى تېخىمۇ روشەن بولماقتا.
بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تەرەققىي تاپقان
دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقى-
رىشنى ئۆستۈرۈش نىسبىتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باش-
لىرى 5 — 20 بولغان بولسا، 70 - يىللارغا
كەلگەندە 60 — 80 گە يەتكەن. ئەنگلىيە، ئامېرى-
كا، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق بەش
دۆلەتنىڭ ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا،
ئۇلارنىڭ 1850 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە بول-
غان 100 يىل ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىد-
غان ئوتتۇرىچە كىرىمى 235 ئامېرىكا دوللىرىدىن
861 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 3.7 ھەسسە ئاش-
قان. پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان 1950
- يىلدىن 1973 - يىلغىچە بولغان 23 يىل
ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە
كىرىم 861 ئامېرىكا دوللىرىدىن، 4606 ئامېرىكا
دوللىرىغا يېتىپ، ئىلگىرىكىدىن 5.4 ھەسسە
ئاشقان. روشەنكى، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش پەن
- تېخنىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى
بىلەن پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.
ھالبۇكى، پەن - تېخنىكا قۇرۇق شوئار بىلەن
تەرەققىي قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان سېلىن-
مىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۇنىڭ ئاساسى بولغان
مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە مائارىپقا بولغان سې-
لىنمىنى كۆپەيتىش؛ ئىختىساسلىق خادىملارنى
تەربىيىلەشنىڭ يول ۋە شەكىللىرىنى كېڭەيتىش
لازىم.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىسلاھات-
نى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ ئىسلاھا-
تىمىز «سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش-
كە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە،
پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە سوتسىيالىستىك تۈ-
زۈم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى را-
ۋاجلاندۇرۇشقا پايدا يەتكۈزۈش»⑪نى مەقسەت قى-
لىدۇ. ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇنا-
سىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان
ھالقىلار ئۆزگەرتىلىدۇ ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇل-
دۇ؛ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ
تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قۇرۇلما-
لار بەرپا قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ
تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىلىدۇ. ئىسلا-
ھات قانچىكى چوڭقۇر، ئومۇميۈزلۈك، ئۇزۇل -
كېسىل بولسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تە-
رەققىياتى شۇنچە كەڭ شارائىتقا ئىگە بولىدۇ.
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قانچە تەرەققىي قىلسا،
سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە پارتىيە رەھبەرلىكى-
نى مۇستەھكەملەش شۇنچە پۇختا ئاساسقا ئىگە بو-
لىدۇ.

تۆتىنچى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇ-
كەممەللەشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش كېرەك. با-
زار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇ-
رۇشتا بازار مېخانىزمىنى ئاساس ۋە يېتەكچى قى-
لىدىغان بىر خىل ئىقتىسادىي ھەرىكەت فورماتسى-
يىسى بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئالا-
ھىدار ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ۋە رىقا-
بەتنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بى-
لەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش-
نىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. ماركس
بىلەن ئېنگېلس كاپىتالىزمنىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئوت-

تۈرلىرىغىچە بولغان تەرەققىياتى ئۈستىدە توختىلىپ «بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ تېخى يۈز يىلغا يەتمىگەن سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى داۋامىدا ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىلگىرىكى ھەممە دەۋرلەردە يارىتىلغان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىنمۇ كۆپ ۋە زور بولدى»⑫ دەيدۇ. بۇنىڭدىكى سىر بۇرژۇئازىيىنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقىدا. شۇڭا، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

بازار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى دېگەندە، ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى تەرەپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ: بىرى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا شەكىللەنگەن رىقابەت ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلارغا ناھايىتى زور بېسىم ۋە ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىغا، ئەقلىي كۈچىنى ئېچىشىغا، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. يەنە بىرى، بانكا، تىرەست، پاي چېكى شىركىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي شەكىللەرنى يارىتىپ، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىق تەشكىلىي شەكىل بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، باھا، پايدا، ئۆسۈم ۋە باج قاتارلىق كەم بولسا بولمايدىغان ئىقتىسادىي ۋاستە ۋە پىشاڭلار بىلەن تەمىنلەپ، ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يارىتىدۇ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. شۇڭا، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

بەشىنچى، تىنچ مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش كېرەك. تەرەققىيات دەۋرىمىزدىكى يۈزلىنىش، بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىز. ھالبۇكى، مۇقىملىق تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، «جۇڭگونىڭ مەسىلىسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى — مۇقىملىقنىڭ بولۇشى.»⑬ مۇقىملىق بولمىسا، تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. بىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىز، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىز، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، چەتئەللەرنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشىمىز، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشىمىز، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. پەقەت مۇقىملىق بولغاندىلا، ئاندىن بۇ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، مۇقىملىقنى قەدىرلەش، ئۇنى قوغداش، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇش ۋە مۇئامىلە قىلىش لازىم.

ئىزاھلار:

① «ماركس - ئېنگلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم 139 - بەت.
② «ماركس - ئېنگلس خەت چەكلىرى»، 1978 - يىلى نەشرى 47 - بەت.
③ «ماركس - ئېنگلس ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە نەشرى)، 23 - توم 204 - بەت.
④⑤⑥⑨⑩⑪⑬ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3 - توم 128، 777، 463، 281، 569، 499، 586 - بەتلەر.
⑦⑫ «ماركس - ئېنگلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم 466-، 439 - بەت.
⑧ «لېنىن ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە نەشرى) 37 - توم 18 - بەت.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئىككى مەدەنىيەت ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە

مەريەم ساۋۇت*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ھەرقايسى ئەللەردە «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىغا بېرىلگەن تەبىرلەر، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەمدە بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文探讨"文明"这一概念的产生、各国对文明概念的界定、物质文明与精神文明的产生及其关系等。

**Abstract**: In this article, the writer approached the idea of "civilization" from its formation, its limits of various countries and from the formation of material civilization, spiritual values and their relations.

## 1. «مەدەنىيەت» ئۇقۇمى ھەققىدە

«مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇم ناھايىتى مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. كىشىلەرنىڭ «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ سۆزگە بەرگەن تەبىرى ھەر خىل بولۇپ كەلمەكتە.

فرانسىيە ئېنسىكلوپېدىيىسىدە بەزى مەشھۇر شەخسلەر، فېئودال ئىستىبداتلارغا قارشى تۇرغۇچىلار «مەدەنىيەتلىك كىشىلەر» دەپ ئىزاھلانغان.

سابىق شەرقىي گېرمانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسىدە «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاددىي تۇرمۇش شەكلىدىن كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سانائەت، شۇنىڭدەك جەمئىيەت ۋە دۆلەت تەشكىلاتلىرى بىردەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ ئومۇمەن مەدەنىيەت دېيىلىدۇ» دەپ تەبىر بېرىلگەن.

«ئىسپانىيە خەلقئارا ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە «مەدەنىيەت مۇئەييەن رايوندا ئولتۇراقلاشقان ھەمدە ئامما ئېتىراپ قىلىدىغان، دائىرىلەرنىڭ قانۇنىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتىنى كۆرسىتىدۇ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3500 يىل ئەتراپىدا يېقىن شەرقتە، بىرنەچچە ئەسىرلەر داۋامىدىلا قەبىلىلەر جەمئىيىتى ئارقىلىق كېيىن شەھەرلەشكەن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت روشەن ھالدا تۇرغۇ-

• مەريەم ساۋۇت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىلار باشقارمىسىنىڭ خادىمى.

زۇلغان بولۇپ، سىياسىي ئورۇنلاردىكى كىشىلەر مەدەنىيەتلىك كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشكىللىك تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قىلىقى مەدەنىيەت دېيىلىدۇ» دېيىلگەن.

ياپونىيە «دۇنيا مەدەنىيىتى چوڭ ئىشلار ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «مەدەنىيەت بىر جەمئىيەت ياكى دۆلەتنىڭ مەنىۋى (سەنئەت، دىن ئەخلاق، پەن، قانۇن قاتارلىقلار ۋە يېزا ئىگىلىك، تېخنىكا، ئىقتىساد قاتارلىقلار) تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىي گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالدىنقىسى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ياكى مەنىۋى مەدەنىيەت دېيىلىدۇ؛ كېيىنكىسى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ياكى ماددىي مەدەنىيەت دېيىلىدۇ».

«گېرمانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «مەدەنىيەت، سىپايىلىك بىلەن بەدۆلىك سېلىشتۇرمىسىدا بارلىققا كەلگەن، ئىنسانلارنى نوقۇل ھايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان. ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئەسلىدىلا ھايۋان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇخلاش، تاماق يېيىش، ناچار ھاۋارايى شارائىتى قاتارلىق تەبىئى ئاپەتلەردىن قوغدىنىش جەھەتلىرىدە باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئەزالىرى — نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش، ۋە قان ئايلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھايۋانلارغا ئىنتايىن ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئىرسىيەتچانلىق جەھەتتىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. مەدەنىيەت تىل، دىن، چوقۇنۇش، ئەخلاق - پەزىلەت، سەنئەت ۋە ئىنسانلار ئىدىيىسىنىڭ ئىدراكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ جەھەتتىن ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ».

يۇقىرىقىلاردىن «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ھەر خىل تەبىرلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ سۆز كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئالاقىدار بولغاچقا، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ.

دېمەك، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ ئادەم بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر بولغان پائالىيەت تارىخى «مەدەنىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2 . ماددىي مەدەنىيەت

ماددىي مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشىنىڭ مەھسۇلى، ماركس ئىنسانىيەتنىڭ يەر شارىدا ئىز قالدۇرۇشتىن بۇرۇنقىسىنى «بىرىنچى تەبىئەت» دەپ ئاتىغان. شۇڭا ئۇلارنى ماددىي مەدەنىيەت دېيىشكە بولمايتتى. ماددىي مەدەنىيەت پەقەتلا ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن كېيىنكى مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا پەيدا بولغان، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشىنىڭ نەتىجىسى، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، مەدەنىيەت، ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا قالدۇرغان تامغىسىدىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئىرادىسى، مەنىۋى رولى قاتارلىقلار «ئىككىنچى تەبىئەت» ياكى «ئىنسانلار تەبىئىتى»نى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ماددىي مەدەنىيەتتىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىدە، ئىجتىمائىي ئەمگەك ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىدە، ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ماددا شەكلىدە بارلىققا كەلگەن بۇ خىل مەدەنىيەتنى كىشىلەر كۆرەلەيدۇ، تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچتا بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇلار تاشتىن ھەر خىل قوراللارنى، سۆڭەكتىن يىڭنە ۋە ھەر خىل سايمانلارنى ياسىغان. تاشنى

تىشىپ ئۇنى ساپلاش بىلەن قورالنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. پار ماشىنىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى سانائەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىپ، قاتناش، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە زور ئۈنۈم ياراتقان. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىسلاھات، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتە ھازىرلىغان ماددىي شارائىتلىرى ئاساسىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۆي ھايۋانلىرىنى كۆندۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تىكلەش، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنى يىغىش ۋە ئۇنى تېرىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ياراتقان، شۇنداق قىلىپ يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئىگىلىك بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار چارۋىچىلىق بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ماددىي بايلىقلارنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىغان. ئىنسانلار تۇرالغۇ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ھەر خىل قاتناش قوراللىرى بولغان دەۋرنى ياراتقاندىن بېرى ماددىي مەدەنىيەت تېز تەرەققىي قىلدى. مىسىرنىڭ ئەل - ئېھراملىرى، قەدىمكى رىمنىڭ سۇ نوللىرى، جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلى، سۇۋەيش قانىلى، كىرىمىل سارىيى، بېيجىڭ خان سارىيى، ئاقساراي قاتارلىقلار ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئەمگەكچان خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ۋە جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى، رايونىمىزدىن تېپىلغان ئابىدە تاشلار، كرورەن گۈزىلى بىلەن بىرگە تېپىلغان رەڭدار پالاز ۋە يۇڭ توقۇلمىلار، ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگىنىڭ 4000 يىلدىن ئارتۇغراق ۋاقىتتىن بېرى ئۆزگىرىپ كەتمىگەنلىكىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئىنكاسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا دىيارىمىزدا ساقلىنىپ قالغان مىڭ ئۆيلەردىكى ھەر خىل رەسىملەر، بوياقچىلىق تېخنىكىسى، ئۈزۈم شارابى ئىشلەش تېخنىكىسى، مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى، قەدىمكى ئۇدۇن گۈلقەنتى، تۇرپان كارىزى، دورىگەرلىك تېخنىكىسى، يىپەك يولىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام قاتارلىقلارمۇ ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىدىن ئىبارەت.

## 3 . مەنىۋى مەدەنىيەت

ئىنسانلار ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيا قارىشىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ.

بىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش نەتىجىلىرىمىز، مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى. ئومۇمىي نۇقتىدىن ئالغاندا، مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى، ئىدىيە - ئەخلاق، سىياسىي سەۋىيىمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت گەرچە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز ئابستراكت ۋە تۇتقىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان، چۈشىنىشكە بولىدىغان نەرسە. مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت، سەنئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە تەرەققىيات كۆلىمىنى ئۆلچىگىلى، سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق، دىن، پەلسەپە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلەرنىمۇ ئۆلچەشكە، سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قەدىمكى قۇللۇق تۈزۈم جەمئىيىتىگە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇللۇق تۈزۈم جەمئىيىتىدىن يېقىنقى دەۋردىكى كاپىتالىستىك تۈزۈم جەمئىيىتى دەۋرىگە كىرگەندىن بېرى، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بولۇپمۇ مائارىپ، پەن - تېخنىكا،

سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەلىرىدە، ۋە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە مەدەنىيەت بىلىملىرى كەڭ تۈردە راۋاجلاندى. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ئىگىلىرى ۋە مەدەنىي ئىدىئولوگىيىلەر بارلىققا كەلدى.

مائارىپ، پەن - مەدەنىيەتنىڭ سەۋىيىسى بىرەر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى مەنىۋى ئامىللار مەنىۋى مەدەنىيەت رولىنى ئوينىغاچقا، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسىنىمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ «ماددىلىشىشى» دېيىشكە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ زېھنى كۈچى بىلەن پەن - تېخنىكا «ماددىلىشىدۇ» ياكى ئۇنى «ماددىلاشقان» مەنىۋى مەدەنىيەت دېيىشكە بولىدۇ. ئىنسانلار ئىجاد قىلغان كىيىم - كېچەك، يېمەكلىك، تۇرالغۇ، قاتناشقا كېرەكلىك ھەر خىل ماددىي نەرسىلەر، ماددىي مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار گەرچە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماددىلاشقانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماددىي تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماددىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولىدۇ. ھەرخىل پەن- تېخنىكا، سىياسەت، پەلسەپە، قانۇن، مائارىپ، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق ئەسەرلەر ئىلغار ئەدەبىيات، رەسىم، مۇزىكا، ئۇسۇل، كىنو قاتارلىقلار مەنىۋى مەھسۇلات، مەنىۋى بايلىق بولۇپ، بۇلار ئىنسانلار ئىجات قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىسى. بۇ، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە رايوننىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە باھا بېرىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى.

مەنىۋى مەدەنىيەت يەنە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئىدىيە، سىياسەت، ئەخلاق مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، گەرچە ھەممىسى «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان پەن- مەدەنىيەت بىلىمىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ جەمئىيەت تۈزۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئادەملەر ئارا ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرىدە شۇنىڭدەك سىياسىي مۇناسىۋەتلەردە كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلىرىدە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەنىۋى مەدەنىيەت مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئىدىيە، ئېڭىمۇ ئۆسىدۇ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ كۈنسايىن مەدەنىيلىشىپ، ئىنسانىي يۈنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىدۇ.

## 4. ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى

«مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنى چۈشىنىشىمىزگە ئاساسلانغاندا، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بىرلا ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تونۇشى ۋە ئۆزگەرتىشى ئەڭ دەسلەپتە ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بىرلا جەرياندا يۈز بېرىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر بىرىگە ئۆتۈشىدۇ ۋە بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسى بولىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت

جەمئىيەتتى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى.

ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى. مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتتىن كېلىدۇ، ماددىي مەدەنىيەت ئاساس قىلىنمىسا، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. تۇرمۇشتىكى يوقسۇللۇق تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، نادانلىق بولۇپ، نادانلىق مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقىنىڭ ئاساسى. ماددىي مەدەنىيەت بولغاندىلا، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا بولىدۇ. پەقەت ئىشەنچلىك ۋە تولۇق ماددىي مەدەنىيەت بولغاندىلا، ئاندىن مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۇقىرى سەۋىيىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولغاندىلا، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ يېتەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. دېمەك، ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەلگىلەيدۇ. قانداق ماددىي مەدەنىيەت بولسا، شۇنداق مەنىۋى مەدەنىيەت بولىدۇ، لېكىن مەنىۋى مەدەنىيەت خۇددى كۆلەڭگىدەك ماددىي مەدەنىيەتكە ئەگىشىپلا يۈرمەيدۇ. ئۇ نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ماددىي مەدەنىيەتكە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇبادا مەنىۋى مەدەنىيەت تۇتۇلماي، ناچار كەيپىيات، ناچار قىلىق، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىق، ئومۇمنىڭكىنى بۇزۇپ چېچىش ۋە ئوغرىلىق ئەۋج ئېلىپ كېتىدىغان بولسا، ماددىي مەدەنىيەت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى كۈچەيتىش تولىمۇ زۆرۈر.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. دېڭ شياۋپىڭ: «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى. ج. ك، پ مەركىزى كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى باستۇرغان (ئۇيغۇرچە).
2. «ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت»، خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.
3. «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 4 - توم (2-، 471 - بەت).
4. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» نىڭ 1996 - يىلى 10 - 11 - ئايلىرىدىكى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئائىت ماقالىلەر.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# مەشھۇر شائىر نىم شېھىت ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە

كېرىمجان ئابدۇرېھىم•

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ھازىرقى زامان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى نىم شېھىتنىڭ ھايات پائالىيىتى، شېئىر ئىجادىيىتىدىكى تالانتى، ئۆزگىچە خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى شۇنداقلا ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى مۇھاكىمىلىك بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文论述维吾尔族现代著名诗人尼木谢依提的生平，诗歌创作天才，他的独到之处以及他对现代维吾尔族诗歌的贡献。

**Abstract**: In this article, the writer expounds the famous modern Uyghur poet Nim. Xeyit about his life, poems and his wisdom in writing. He also expounds the poet's special characters and his contribution to modern Uyghur poem.

نىم شېھىت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان مەشھۇر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەخمىنەن 40 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات - شېرىن»غا ئوخشاش يىرىك ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئىلىم - مەرىپەت تەرغىپ قىلىنغان، ئەل - يۇرتنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى رېئاللىقى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. مەشھۇر شائىر نىم شېھىتنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى، ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. نىم شېھىتنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

نىم شېھىتنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەرمىيا ئېلى، ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە يۇرتىنىڭ نامىنى ئەدەبىي تەخەللۇس قىلغاچقا ئەرمىيا ئېلى سايرامى دەپمۇ ئاتالغان. 1933 - يىلىدىكى ئېغىر يارىلىنىشتىن كېيىن

• كېرىمجان ئابدۇرېھىم: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاسسىستېنتى.

بولسا «نىم شېھىت» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللانغان. بۇ تەخەللۇس كېيىنچە ئۇنىڭ ئىسمى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان. كىشىلەر ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىنى نىم شېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامىنى نىم شېھىت دەپ ئاتاش ئاللىقاچان ئادەت بولۇپ قالدى.

نىم شېھىت 1906 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىغا قاراشلىق تېزەك قاغا كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى خەت ساۋادىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە چىقارغان. 1922 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ، باي ۋە كۇچا ناھىيىلىرىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقى ئېشىپ، تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەش مەقسىتىدە، شۇ چاغلارغىچە يۇرتىمىز مەدەنىيەت - مائارىپىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەرگە بېرىپ، مەشھۇر «خانلىق مەدرىس» كە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ يەردە ئۇ نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جامائەت ئىچىدە تېزلا تونۇلۇشقا باشلىغان.

1933 - يىلى نىم شېھىت ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس بىر يىل بولدى. شۇ يىلى قەشقەردە قەشقەر خەلقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا، ۋەتەن پارچىلاشقا، ئىچكى قالايمىقانچىلىققا قارشى بىر قېتىملىق قوراللىق كۈرەشى بولغاندا، نىم شېھىتمۇ شۇ كۈرەشكە قاتنىشىپ، دۈشمەن ئوقىدا ناھايىتى ئېغىر يارىلاندى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى ئۇ مۇنداق يازغانىدى.

تەككەن ئىدى گەردەندىن،
ئۆتۈپ چىقتى دەنداندىن،
پارچىلىۋەتتى ئېڭىكىمنى،
جاندىن ئايرىلا بولدى.

ئوق تەگدىيۇ ھۇش كەتتى،
دوستلارغا خەۋەر يەتتى،
«ئۆلگەن» دەپ گۇمان ئەتتى،
گۆرگە ئۆزىتا بولدى.

گەرچە شائىرنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق خەۋپ ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىللىك جىددىي داۋالاش ئارقىلىق ئۇ، ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالغان، ئەمما، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك قەشقەردىكى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي، بايغا قايتىپ كېلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1936 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىت چىقارغاندا، نىم شېھىت شۇ گېزىتنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. شائىرنىڭ مۇشۇ چاغدىن باشلىنىپ 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئاقسۇدىكى ھاياتى ناھايىتى مول مەزمۇنلۇق ئۆتكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن گېزىتنىڭ ئەدەبىي بېتى ئارقىلىق ئاقسۇدا ئەدەبىي ھاياتنى جانلاندۇرۇپ، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سۈرگۈن ھېسابىدا ئاقسۇغا كېلىپ «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئىشلىگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئىنقىلابىي دوستلۇق ھەم ئىجادىيەت ھەمكارلىقى ئورنىتىپ، ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئالغا باسقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ، شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرى سۈپىتىدە تونۇلغان.

نىم شېھىت 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇيرۇق بويىچە ئاقسۇدىن غۇلجىغا قايتقان مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە غۇلجىغا باردى. شۇندىن تارتىپ شائىرنىڭ غۇلجىدىكى جەڭگىۋار ھاياتى باشلاندى. ئۇ غۇلجىدا

مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلغان «تارىخ يېزىش ئىشخانىسى»دا ئىشلىدى. خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەن ئىلى، چۆچەك ئەترابلىرىدا ئۇرۇش بولغان يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شۇ يەرلەردە بولغان ئۇرۇشلار ھەققىدە ماتېرىيال توپلاپ خاتىرە يازدى. 1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇست غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. نىم شېھىت بۇ «ئىتتىپاق»نىڭ كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۇنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ، بۇ جەھەتلەردىمۇ ئاز بولمىغان ئەمگەكلەرنى قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن نىم شېھىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. 1952 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ 1 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. شۇندىن كېيىنمۇ ئۇ داۋاملىق تۈردە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ كەلدى. 1956 - يىلى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ھەج قىلغۇچىلار ئۆمىكى تەركىبىدە ھەج پائالىيىتىگە قاتناشتى ۋە چەت ئەللەردە دوستانە زىيارەتلەردە بولدى. 1957 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ بىرلەشمىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى، شۇندىن ئېتىبارەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىدى.

60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ۋاقىت نىم شېھىت ھاياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر مەزگىل بولدى. سولچىل ئىدىيىنىڭ ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن نىم شېھىت خىزمىتىدىن توختىتىلىپ، باي ناھىيىسىگە قايتۇرۇلدى. جازا ھېسابىدىكى ئېغىر ئەمگەك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شائىرنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، 1972 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.①

## 2. نىم شېھىتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى

نىم شېھىت ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن بالدۇر كىرىشكەن ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 20 - يىللاردا باي، كۇچا مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىدىلا خەلق قوشاقلىرى شەكلى بىلەن ھەر خىل تېمىلاردا بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يازدى. مۇشۇ شېئىرلار ئاساسىدا شائىر 1930 - يىلى «بازار ۋە مازار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزدى. بۇ توپلام شائىرنىڭ دوستلىرى ۋە جامائەت ئارىسىدا ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. ئۇ 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرى ئاساسىدا «مادارا ئەئزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزدى. توپلامدىكى شېئىرلاردا شۇ مەزگىللەردىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغاچقا ۋە ئاممىباب يەڭگىل بەدىئىي شەكىل قوللىنىلغاچقا، بۇ توپلاممۇ جامائەتچىلىكنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. شائىر قەشقەردە يەنە «ئەنۋار ۋەلھۇدا» (ھەقىقەت نۇرلىرى) ناملىق ئىشقى قەسىدىنى يازدى. شائىرنىڭ بىز كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان تۇنجى شېئىرى يەنىلا 1933 - يىلى قەشقەردە يازغان «ئۆمۈر خاتىرەمدىن» ناملىق شېئىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىم شېھىت بۇ شېئىرىدا ئاساسلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ يارىلىنىش سەۋەبلىرىنى، داۋالىنىش جەريانلىرىنى يازغاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت، ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ھەققىدىمۇ بايانلارنى بەرگەن-

① ئەرشىدىن تاتلىق تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1980 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يۈرەك سۆزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا قارالسۇن.

ندى. بۇ شېئىردىن شائىرنىڭ ۋەتەن، خەلق تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش، ئاممىباب، جانلىق بەدىئىي ئۇسۇللارنى قوللىنىشتا ئوخشاش ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلە-رىنىڭ بىخلىرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

نىم شېھىتنىڭ ئاشۇ يىللاردىن باشلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان تەخمىنەن 40 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن.

(1) ئاقسۇدىكى ئىجادىيىتى. شائىرنىڭ ئاقسۇدىكى ئىجادىيىتى تەخمىنەن 10 يىللىق ئىجادىيەت بولۇپ، 1936 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىجادىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ باسقۇچتا «بىلىم ئىشقىدا»، «بۈيۈك جۇڭگو»، «قىزىم يىغلىماڭ»، «ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى يازدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شىرىن» داستانىنى يېزىپ، كېيىنتتە ئېلان قىلىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردى. بۇ داستانىنىڭ شۇ مەزگىللەردىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. نىم شېھىت بۇ يىللاردا يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا «لەيلى - مەجنۇن» ئوپېراسىنى يازدى، ئارقىدىنلا «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شىرىن» داستانىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە كىرىشتى، ئەمما سالامەتلىكى يار بەرمەي، بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

نىم شېھىتنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىرقانچە مۇھىم تېما بار. ئىلىم - مەرىپەت تېمىسى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر «بىلىم ئىشقىدا» قاتارلىق بىر قىسىم شېئىرلىرىدا دەۋر يۈكلىگەن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مەڭگۈ-لۈك قىممىتىنى، خاسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شۇ دەۋر كىشىلىرىنى ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە، بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، شائىرنىڭ ئاكتىپ، ئەھمىيەتلىك مەرىپەت ئىدىيىسى ۋە دەۋىتى شۇئار ياكى ئاددىي ئۇقۇم شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ھەر خىل بەدىئىي ئوبرازلار ۋە باشقا بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بەدىئىي يوسۇندا تەسىرلىك، جانلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شائىرنىڭ خەلقنى ئىلىمگە دەۋەت قىلىشى نوقۇل دىداكتىك نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ھالدا ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تەقەززاسىنى چىقىش قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شائىر شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىدا ئومۇمىي ھادىسە ھېسابلىنىدىغان ئىجتىمائىي نامراتلىقنىڭ، تۇرمۇش جاپاسىنىڭ ۋە ھەر خىل ئىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى دەل بىلىمسىزلىك دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇ «قىزىم يىغلىماڭ! ...» دېگەن شېئىرىدا كونا دۇنيانىڭ ۋە فېئوداللىق ئىدىيەلەرنىڭ ئاسارىتىدە قالغان قىزچاقنى بىلىم ئارقىلىق، يېڭى ئىدىيە ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتىپ ھوقۇقىنى، ئورنىنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇرغان بولسا، «ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت» دېگەن شېئىرىدا ئوقۇش ئۈچۈن كەتكەن ئىنىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئارزۇ - تىلەكلەردە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئاشۇ دەۋر رېئاللىقىدا شائىرنىڭ مەرىپەت ئىدىيىسىنى كۈچلۈك ۋە ئىزچىل ئىپادىلىشى ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

بۇ باسقۇچتا نىم شېھىت يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىمۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازغان. «باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى» ناملىق شېئىرىدا شائىر ۋەتەن، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسا، «بۈيۈك جۇڭگو» ناملىق شېئىرىدا ۋەتەننى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق تەرىپلىگەن:

بۈيۈك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىڭ بار،
كۈمۈش سۇلار، ئالتۇن تاغلار ھەددىسىز ئورمان-باغلىرىڭ بار،

تۆرلۈك مەدەن، نېفىت، كۆمۈر، ھېچ تۈگىمەس بايلىقىڭ بار،
يەر شارىنى تويغۇزغۇدەك كەڭرى مۇنبەت تۇپرىقىڭ بار.

شېئىردا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى يالغۇز يۇقىرىقىدەك قەسىدە ئارقىلىقلا ئىپادىلەنگەن ئەمەس، بۇ شېئىر يېزىلغان 1942 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىل ئىدى. شائىر ھەقىقىي بىر ۋەتەنپەرۋەر سۈپىتىدە ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەزكۇر شېئىرىدا تاجاۋۇزچىلارغا بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش روھىغا ئىلھام بەرگەن، شۇنداقلا غەلىبىگە بولغان چەكسىز ئۈمىدۋارلىقىنى ئىپادىلەگەندى.

(2) غۇلجىدىكى ئىجادىيىتى. نىم شېھىتنىڭ غۇلجىدىكى ئىجادىيىتى 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1950 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەخمىنەن بەش يىللىق ئىجادىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. شائىرنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتى خېلى ھوسۇللۇق بولدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئىجتىمائىي مەزمۇنغا موللۇقىنى، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بايلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلدى. نىم شېھىت بۇ باسقۇچتا «ئىلىمگە ئىلھام»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب»، «ئالدىدا»، «جىنايەتتىن شىكايەت»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «خاتا»، «غەلەت»، «غەزەل»، «سەپەردىكى يارىمغا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ، كۈرەشچان يىللارنىڭ جەڭگىۋار شائىرىغا ئايلاندى. ئاشۇ يىللاردا غۇلجىغا ھازىرقى زاماندىكى بىر تۈركۈم مەشھۇر شائىر - يازغۇچىلار توپلانغان بولۇپ، ئەدەبىي ھاياتى ناھايىتى جانلىق - جۇشقۇن ئىدى. بۇنداق ئەدەبىي ھايات نىم شېھىت ئىجادىيىتىگىمۇ ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۇ، بۇ يەردە «مىلك ئۈي ۋە پەرھاد - شېرىن» ناملىق داستاننى قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىپ، زۇنۇن قادىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئايرىم كىتابچە قىلىپ باستۇرۇپ تارقاتتى. ئارقىدىنلا «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن» ئوپېرالىرىنى قايتىدىن سەھنىلەشتۈردى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ئەدەبىي ماقالىلەر يېزىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپ تەرەپلىمە ۋە خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

نىم شېھىتنىڭ غۇلجىدا يازغان شېئىرلىرىدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش روھىغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى، قەيسەر - قەھرىمانلىقىنى مەدھىيىلەش، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئازاد - ئەركىن ھاياتقا تەنتەنە قىلىش، تېخىچە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قېلىپ، زۇلۇمدىن، ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلالمايۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتىغا ئېچەنىش، كۈرەش قىلىش روھىنى قوزغاش، ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلاش، خەلققە زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى تەنقىد قىلىش ... قاتارلىقلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىققا، جەمئىيەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە كەڭ دائىرىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ بۇ ھەقتە شېئىرىي پىكىر يۈرگۈزۈشى — ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئازاد ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلقنىڭ جانلىق، جەڭگىۋار، ئەركىن ھاياتى بىلەن تېخىچە ئاسارەتتە تۇرۇۋاتقان باشقا يۇرتلاردىكى خەلقنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن. ھەم مۇشۇ مىسرالىرى بىلەن ئۇلارنىمۇ كۈرەشكە دەۋەت قىلغان:

قاراقاش ئورنىغا ئەمدى قىلىچنى ياخشىراق سۆيگىن،
ھايات ئۇ، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، كۈرەشكە بولسا ئىخلاسى.
كۆزۈڭ ئاچ، دەۋرى غەپلەت ئۆتتى، كۈرەش ئەمدى جانانىڭ،
دېمەك كۈرەش بىلەن كەلدى يۈرەكتە دەردكە دەرمانىڭ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك — نىم شېھىت ئىجادىيىتىدىكى ئىزچىل ۋە ئەڭ ئاساسلىق تېما. ئۇ مۇشۇ ئىجادىيەت باسقۇچىدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان «ئالدىدا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى بەدىئىي يۇكسەكلىكتە ئىپادىلىگەن.

ماختىناردىم سەن كەبى بىر نازىنىنىڭ يارى دەپ،
يارنىڭ كۆكرىكى تەگكەن سازىنىڭ بىر تارى دەپ،
ساڭا باغلانغان مۇھەببەت ھەممىدىن يۇقارى دەپ،
خاھ گۈلۈم خاھ بۇلبۇلۇمغا قىش ۋە ياز باھارى دەپ،
كۆڭۈلۈك بويىن ئۇپەردىم لالە - رەيھان ئالدىدا.

نىم شېھىتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ۋەتەن قۇربانلىرىنى مەدھىيىلەش، ۋەتىنىنىڭ ۋە ۋەتەندىكى خەلقنىڭ كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتى - تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىشنى بايان قىلىش جەھەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا نىم شېھىت «غەزەل»، «سەپەردىكى يارىمغا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئازادلىق تېڭىغا بولغان تېخىمۇ كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىگەن ۋە بۇ تاڭنىڭ ئېتىشىغا ئاز قالغانلىقىغا بولغان چەكسىز شادلىقىنى ئىزھار قىلغان.

(3) ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجادىيىتى. نىم شېھىتنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىجادىيىتى 1949 - يىلى باشلىنىپ، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان ۋەتىنىنىڭ ئازادلىق ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار بىلەن باشلانغان يېڭىچە ھايات ھەم جەمئىيەت رېئاللىقى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر شائىرنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئىلھام بۇلىقى بولۇپ قالغان. شائىر بۇ باسقۇچتا يازغان «ئالدىدا»، «لەززەت ئالغاندا»، «ئالدىدا»، «سېغىنىدىم»، «سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرىمىز»، «يېڭى شىنجاڭىم مېنىڭ»، «يۈرەك سۆزى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، سوتسىيالىستىك يېڭى ۋەتەندە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقنىڭ چەكسىز خۇشاللىقىنى، ئەمگەك قىزغىنلىقىنى، يېڭىچە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگەن، تېخىمۇ گەۋدىلىك قىلىپ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتىنى، ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلغان. شائىرنىڭ بۇ باسقۇچتا يازغان «ئالدىدا» (1955 - يىلى)، «سېغىنىدىم» قاتارلىق لىرىكىلىرى نىم شېھىت ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەتەننى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسىنىڭ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈلۈشى ھەم يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىنىشى — بۇ شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى ۋە قىممىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، بۇ چوڭ ھەجىملىك شېئىرلاردا شائىر ھېسسىياتىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر قەدەمدە كىشىنى قايىل قىلىپ كۆپ تەرەپتىن ئىپادىلىگەن. ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان شېئىرىي تىلنىڭ پاساھىتىمۇ ۋە يارىتىلغان ھېسسىي ئوبرازلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىمۇ بۇ شېئىرلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، نىم شېھىت ۋەتەن ھەققىدىكى بۇ بىر قاتار شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا ھەققەتەن مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى شېئىرلىرىدا نىم شېھىت ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شېئىرلىرىدا يېڭى ھاياتنى كونا ھايات بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى بۇ بەختىيار ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىشكە، ئۇنى قوغداش

ۋە گۈللەندۈرۈشكە چاقىرغان. ئۇ «تۆمۈر يورغا»، «تارىم قىزى»، «كۆرگەزمىدىن خاتىرە» قاتارلىق شېئىرلاردا بەختلىك ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئىشچانلارنىڭ ئەمگىكىنى، يۇرتىمىزدىكى غايەت زور يېڭىلىق، ئۆزگىرىشلەرنى، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. شائىر بۇ باسقۇچتا يەنە «بىر دىلبىرىمگە»، «قىز»، «مۇھەببەت سەۋداسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىمۇ يازغان. بۇ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا ئىشچان قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدا ئورنىتىلغان سەممىمىي دوستلۇقى، چىن مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نىم شېھىتنىڭ بۇ باسقۇچتا ياراتقان لىرىك قەھرىمانى ۋەتەننىڭ ئازادلىقىغا تەنتەنە قىلىۋاتقان، يۇرتتىكى يېڭىلىقلاردىن سۆيۈنۈۋاتقان، كونا جەمئىيەت يادىغا كېلىپ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ چۈشىنىۋاتقان، ۋەتەن ئىشقىدا كۆيۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان، قەلبىدە ئوتلۇق ھاياجان ئۆركەشلەپ تۇرغان «مەن» دىن ئىبارەت.

(4) مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئىجادىيىتى. نىم شېھىتنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلدەكى ئىجادىيىتى 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىجادىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزگىلدە نىم شېھىتنىڭ تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ھاياتى ناھايىتى ئازابلىق ئۆتكەندى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شائىر بۇ مەزگىلدىمۇ قەلىمىنى توختاتمىدى. ئۇ ناھايىتى چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» داستانىنى، «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ 1 مىڭ 500 كۇپلېتىنى، بىر قىسىم شېئىرلارنى ۋە يەنە 300 پارچىدەك رۇبائىينى يازدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يوقاپ كەتتى. ساقلىنىپ قالغان «ئۈمىدىم»، «پېقىرنىڭ ئىقرارى» قاتارلىق شېئىرلاردىن بىز شائىرنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى تۇرمۇش شارائىتىنى، ئىدىيىۋى - ھېسسىياتىنى خېلى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا «مېنىڭدەك زارۇ - سەرسان ھەم جاپاكار بولمىسۇن ھېچكىم»، «ئۈمىدىم دوستلىرىم مەندەك قېرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم»، «يامانلىق يوق ئىدى مەندە، لېكىن ماڭا يامان قىلدى، قاۋاندەك ھۆركىرەپ ۋەھشى ماڭا كۆپلەپ زىيان قىلدى»، «كۆڭۈلگە تولغۇزۇپ زەرداپ، يۈرەكنى لەختە قان قىلدى»... دېگەن مىسرالاردا، ئۆزىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەھۋالىنى بايان قىلغان بولۇپ، كۆڭۈلسىز مۇھىت، ئازابلىق ھايات شائىرنى ئۆزى ھەققىدە كۆپ سۆزلەتكۈزگەندى. شائىر ئۆزىنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمىغان، ياخشىلىققا يامانلىق كۆرگەن، بۇ قالايمىقانچىلىقلارنى چۈشىنىپ بولالمىغان ھالىتىنى، گاڭگىرىشىنى شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ:

> قانمىدۇر، مارجانمىدۇر، يا قەترە شەبنەم ياشىمىز،
> تاشمىدۇر يا تاغمىدۇر، قايغۇدا قاتقان باشىمىز،
> يوقمىدۇر دۇنيادا بىزنىڭ ئىچ كۆيەر يولداشىمىز،
> دائىما قايغۇ - ئەلەم، ھەسرەتمىدۇر قولداشىمىز،
> سورۇلۇپ باش ئۈستىگە تۇپراقلىرىڭ، ئەي شۇم پەلەك،
> بولدىغۇ زىندان كەبى ھەر ياقلىرىڭ، ئەي شۇم پەلەك.

دېگەندەك شېئىرلىرى ئەلۋەتتە بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ شۇ يىللاردىكى تەقدىر - سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلەپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋرنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نىم شېھىت ناھايىتى ئۈمىدۋار شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدۋارلىقى بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق دېگەندى: ئەگەرچە نىم شېھىت كۆرەرگە شەك قىلماس سۇبھى سائادەتنى، تارتىسمۇ ھازىر ئەلەم، رەنجۇ - پالاكەتنى.

نىم شېھىت ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يازغان بىر شېئىرىدا مۇنداق ئېيتقانىدى ئىدى:

> ئاخىرقى ئىجادىمنىڭ چالىسى قالدى،
> قولارلاردا يۈرىكىم پارىسى قالدى.

ئىشەنچىم ئىشەنچلىك دوستلار سىلەردىن،
كېيىنكى قەلبىمنىڭ ۋارىسى قالدى.

بۇ مانا مۇشۇنداق ئارمانلىق دۇنيا. نىم شېھىتمۇ ئىجاد ئىشقىغا قانماي ئارمان بىلەن كەتتى. يۈرىكىنىڭ پارچىسىنى شېئىر مىسرالىرىدا قويۇپ كەتتى. ئۇ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۈمىدىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا باغلىغانىدى.

نىم شېھىتنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى «ۋەتەن مۇھەببىتى» دېگەن نامدا 1957 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1963 - يىلى يەنە ئۇنىڭ «شېئىرلار» ناملىق توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى. 1980 - يىلىغا كەلگەندە پىشقەدەم شائىر ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئۇنىڭ نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان شېئىرلار توپلىمى — «يۈرەك سۆزى» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ توپلام نىم شېھىت ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى شائىرنىڭ قىزى بۈۋىھەجەر نەشرگە تەييارلىغان «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانىنى نەشر قىلدى.

## نىم شېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» ناملىق داستانى

نىم شېھىتنىڭ هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن تۆھپە ھېسابلىنىدىغان مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى — شەرق ئەللىرىنىڭ يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر پەرھاد - شېرىن تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنى يېڭىچە تەركىب ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ يېزىپ چىققان «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» ناملىق داستانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر داستان شائىرنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ياكى بىز هازىرغىچە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان بىردىنبىر يىرىك ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بىلەن يالغۇز نىم شېھىت ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ ھەقىقەتەن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

پەرھاد - شېرىن تېمىسى دۇنياۋى ئورتاق تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان بىر قاتار ئەسەرلەر ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. تارىختىن بۇيان ھەرقايسى ئەللەردىكى بىر تۈركۈم داڭلىق شائىرلار بۇ تېمىدا ئەسەر يېزىپ، پەرھاد بىلەن شېرىننى داستانغا قېتىپ، بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەر-نى بېيىتقانىدى. بۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق چىن ئىشقى - مۇھەببەتنى مەدھىيىلەپ، چوڭقۇر پىكىر - ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەپ، كىشىلىك ھايات ۋە ئادەملىك قەدىر قىممەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن پەرھاد بىلەن شېرىن ئوبرازلىرىنى تېخىمۇ رەڭدارلاش-تۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇھەببەت بابىدىكى ئۆلمەس ئوبرازلارغا ئايلاندۇردى. ئەلىشىر نەۋائى بۇ تېمىغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانى بىلەن بۇ تېمىدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، بۇ تېمىنىڭ دۇنياۋى يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان ھەم بۇ تېمىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇستەھكەم ئورۇنغا ئىگە قىلغانىدى. ئەلىشىر نەۋائىدىن كېيىن ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق بىرمۇنچە شائىرلىرىمىز ۋە يازغۇچىلىرىمىز نەۋائى باشلاپ بەرگەن يول بىلەن بۇ تېمىدا داستان قىسسەلەرنى يېزىپ، پەرھاد - شېرىن ھېكايىلىرىنى ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى كەڭ ئومۇملاشتۇردى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا، پەرھاد - شېرىن تېمىسىدا ئاخىرقى قېتىم داستان يازغان شائىر بەلكىم نىم شېھىت بولسا كېرەك، ئۇنىڭ پەرھاد - شېرىن تېمىسىدا يازغان مەشھۇر «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» ئاتلىق داستانى 40 - يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، ھەجىم جەھەتتىن 1476 مىسرادىن تۈزۈلگەن، «پەرھاد» ، «شېرىن» ، «مىڭ ئۆيلەرنىڭ قېزىلىشى» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. گەرچە مەزكۇر داستاننىڭ ھەجىمى سەل كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ ئىشقى - مۇھەببىتى، سەرگۈزەشت تەقدىرى ۋە مىڭ ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەقەلەرنى خېلى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن. نىم شېھىتنىڭ بۇ داستاندىكى ۋەقەلىك ئەلشىر نەۋائىينىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانىدىكى ۋەقەلىك بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش. نىم شېھىتنىڭ بۇ داستاننى يېزىشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىش بولمىغاچقا، ئۇ داستان ۋەقەلىكىنى يېگىلاش ياكى ۋەقەلىككە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى قېتىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەن. مەزكۇر داستاننىڭ ئومۇمىي خاھىشى ۋە شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىدىن قارىغاندا، نىم شېھىت بۇ داستاندا بىر تەرەپتىن، پەرھاد - شېرىن مۇشۇ يۇرتنىڭ بالىلىرى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى مۇشۇ يۇرتتا بولغان دېگەن قاراشنى، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى مەدەنىيەت - سەنئىتىمىزنىڭ بىباھا خەزىنىسى بولغان قىزىل مىڭ ئۆينى پەرھاد، جۈملىدىن ئەمگەكچان، ئىجادكار ئەجدادلىرىمىز ياسىغان، - دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە بۇ قاراشلىرىنى ئەسەر ئەمەلىيىتىدە ۋە ئۆزىنىڭ لىرىك خىتاب، دەلىللىرىدە ئىسپاتلىغان. شائىر بۇ مەقسەتلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولغاچقا، ئەسەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابخان شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئەسەرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش، قايىل قىلىش كۈچىدىن ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۈچلۈك تۈرمۇش چىنلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

نىم شېھىت بۇ داستانىدا، پەرھاد بىلەن شېرىن ھەققىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ۋەقەلىكنى خوتەنگە، شەھرىيارغا، كۇچاغا، قىزىل مىڭ ئۆيگە ۋە باشقا تارىخىي - جۇغراپىيىۋى ئورۇنلارغا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن باغلىغان. نىم شېھىتنىڭ پەرھاد - شېرىن تېمىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى دەل مانا مۇشۇ يەردە. نىم شېھىت ئەسەردىكى باش قەھرىمان پەرھادنى خوتەنلىك يىگىت، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاھزادىسى دەپ، شېرىننى بولسا شەھرىيار مەلىكىسى دەپ تەسۋىرلىگەن. كەپلەش تېغىنى پەرھاد كېسىپ، مۇزات ئېقىنىنى ئاچقان، قىزىلدىكى مىڭ ئۆيلەرنىمۇ پەرھاد ياسىغان دەپ يازغان. پەرھادنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى شېرىننىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن قىلىنغان دەپ ھېكايە قىلىنغاچقا، تارىخىي ئىزلار بىلەن مۇھەببەت ھېكايىسى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بىز ھېلىھەم مىڭ ئۆي ئەتراپلىرىدا كۆرەلەيدىغان بىر مۇنچە داڭلىق سەيلىگاھلارنىمۇ ئەسەرگە ئېلىپ كىرگەن. شائىر:

باشقا جايلارنىڭ بارمۇ مىڭ ئۆيى،
ياكى تاغ كېسىپ ئۆتكۈزگەن سۈيى،

باشقا جايلارنىڭ تاغ ھەم چۆلىدە،
ياكى دەريادا ۋە يا كۆلىدە

بۇنچە تەرتىپلىك بارمىدۇر ئەسەر،
ۋە يا كېمىگە تەدبىق بىر سەپەر.

كۆرسەتسە بۇنداق ئۆتمۈشنى هايات،
باشقا جايلاردا دىيىلىش ئۇيات.

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، كۆزقارىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئوتتۇرىغا قويغان.

نىم شېھىتنىڭ پەرھاد - شىرىن تېمىسىغا قوشقان يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، نىم شېھىت پەرھاد بىلەن شىرىن هەققىدىكى مۇھەببەت هېكايىسى بىلەن مىڭ ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكى ۋە داستاندا مىڭ ئۆيلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت. نىم شېھىتنىڭ بۇ داستان ماۋزۇسىغا باشقا داستان ماۋزۇلىرىدىن پەرقلىق هالدا «مىڭ ئۆي»نى قوشۇشى ھەرگىز سەۋەبسىز ياكى تاسادىپىي ئەمەس. مىڭ ئۆيلەرنى يېزىش — شائىرنىڭ بۇ داستاننى يېزىشتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ داستاندىكى ۋەقەلىك مۇشۇ يۇرتتا بولغان، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، داستاندا مىڭ ئۆيلەرنى يېزىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت. نىم شېھىت داستاندا مىڭ ئۆيلەرنى پەرھاد ياسىغان دەپ ھېكايە قىلغان. ئەدەبىياتتىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، داستاندىكى پەرھاد ئەمەلىيەتتە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇشى - ۋەكىلىدىن ئىبارەت. شائىر داستاندا مىڭ ئۆيلەردىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن ھەم مىڭ ئۆيلەرنى ياسىغان ئىجادكار، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىزنى مەدھىيىلەپ: «تارىم بويىدا ياشىغان ئۇلار، مىڭ ئۆينى بۇرۇن ياسىغان شۇلار» دەپ يازغان. مىڭ ئۆيلەر ھەققىدە يېزىش — نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېھتىمال ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مىڭ ئۆيلەر ھەققىدە تۇنجى بولۇپ نىسبەتەن چوڭ ھەجىملىك ئەسەر يازغان كىشى نىم شېھىت بولسا كېرەك. ئۇ، بۇ داستاندا مىڭ ئۆيلەرنى يېزىشنى يەنىلا ئاساسلىق مەقسەت قىلغاچقا داستاندا:

ئايىماي قەلەم يازىمەن داستان،
چۆل تاغنى قىلىپ باغ بىلەن بوستان.

مەن ھەم مىڭ ئۆينىڭ سۆيۈملۈك يارى،
شۇنىڭچۈن قىلدىم قەلەمنى جارى.

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. دەرۋەقە، داستاندا شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىي ئەمگىكى، تىرىشچانلىقلىرى ئۇتۇقلۇق بولغان.

نىم شېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شىرىن» ناملىق بۇ داستانى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن قارىغاندا، يۇكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئىپادىلەنگەن، خەلقچىللىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەر. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقچىللىق — نىم شېھىتنىڭ بۇ داستانىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، داستاندىن مىسال ئۈچۈن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالار ئاشۇ خىل ئىدىيىنىڭ ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

مېنىڭ مىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ پەرھادىم،
مېنىڭ شىرىنىم، مېنىڭ سەييادىم.

مېنىڭ كۇچارىم، مېنىڭ خوتەنىم،
مېنىڭ شەھيارىم، مېنىڭ ۋەتىنىم.
نىم شېھىت ئېيتار، ئۇلگە ئەجدادىم،
روناق تاپقۇسى ئەزىز ئەۋلادىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نىم شېھىت ئۆزىنىڭ پەرھاد شېرىن تېمىسىدىكى مەشھۇر «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا، پەرھاد بىلەن شېرىن ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسى ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ـ سەنئىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئېسىل نەمۇنىسى ھېسابلىنىدىغان مىڭ ئۆيلەرنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، پەرھاد بىلەن شېرىنىدىن ئىبارەت ئەسىر قەھرىمانلىرىنى يۇرتىمىزنىڭ باللىرى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى مۇشۇ يۇرتتا بولغان دېگەن قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. داستاننىڭ ئاساسىي خاھىشىدا يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئىپادىلەنگەن، ئىجادكار، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغان.

## 4. نىم شېھىت ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر

نىم شېھىت يالغۇز مول ھوسۇللۇق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شائىر. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا خەلقىمىز قەلبىدىن، ئەدەبىيات ئالىمىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئېلىپ كەلدى. تۆۋەندە نىم شېھىتنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. نىم شېھىت ئالدى بىلەن رېئالىزمچى شائىر. ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ خىل مەنزىرىلىرى ئارقىلىق ۋە رېئاللىق ئاتا قىلىنغان ھەقىقىي ھېسسىيات ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش — نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ ئالدى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە نىم شېھىت ئىجادىيىتى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، رېئاللىق تۇسىگە ناھايىتى باي. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئۆز سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ـ تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەش ئەمەس، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تۇرمۇش رېئاللىقىنى، ئورتاق غەم ـ قايغۇلىرىنى، ئورتاق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ۋە ئورتاق خۇشاللىقىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ھېسسىياتى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئالايلۇق، ئۇنىڭ بىز كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان تۇنجى ئەسىرى «ئۆمۈر خاتىرەمدىن» نىڭ ئۆزىلا ئىجتىمائىي تېمىلارغا بېغىشلانغان. گەرچە كۆرۈنۈشتە بۇ شېئىردا نىم شېھىتنىڭ يارىلىنىپ، داۋالىنىش جەريانى يېزىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە شائىر خەلق دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى مۇنۇ مىسرالار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

بىرسىدىن بۇلانغانلار،<br>
بىرسىدىن تالانغانلار،<br>
زۇلۇمدىن تولا جانلار،<br>
زىنداندا ياتا بولدى.

شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىمۇ گەرچە ئۆزىنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى تۇرمۇشى، ئىدىيىسى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ ئارقىلىق شۇ مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ناھايىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، شۇ رېئاللىقتا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ھېسسىياتى، ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەش نىم شېھىت ئىجادىيىتىدە ئىزچىللىق شەكىللەندۈرگەن. ئۇ 30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى جەريانىدا خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشكە دالالەت قىلىپ شېئىرلارنى يازغان، گومىنداڭ

ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى، خانۇ ۋەيران ھاياتىنى كۆرسىتىپ، زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىنى تەنقىد قىلغان، خەلقنى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغانىدى.

نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر مىسال شۇكى، نىم شېھىت مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىمۇ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، تۇرمۇش رېئاللىقىغا ئىگە قىلىپ يازغان. قىسقىسى، نىم شېھىت دەۋرىنىڭ شائىرى، خەلقنىڭ شائىرى. تۇرمۇش رېئاللىقى ئۇنىڭ بىلىم بۇلىقى، ئۇ ئىجادىيىتىنى ئۆزى ياشىغان دەۋرگە، ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان خەلققە بېغىشلاپ ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، نىم شېھىتنىڭ رېئاللىق تۇسگە، دەۋر روھىغا باي شېئىرلىرى تۇرمۇشنىڭ ئاددىيلا تەسۋىرى ئەمەس، بەلكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتلەر بىلەن يېزىلغان ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەردۇر.

2. نىم شېھىت — ۋەتەنپەرۋەر شائىر. نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق باش تېمىسى — ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت. نىم شېھىت پۈتۈن ئىجادىيىتىنى ۋەتەننى ئۇلۇغلاشقا بېغىشلىغان، بارلىق بەدىئىي تالانتى، بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ۋەتەننى كۈيلىگەن دېيىشكە بولىدۇ. نىم شېھىت ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى بىر خىل ئىزچىللىق شەكىللەندۈرگەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ئۇمۇمەن ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەن. نىم شېھىت شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق، ۋەتەن دېسە ئۇنىڭ قەلبى ھاياجانلىنىپ، دىلى يايراپ، تىلى پاساھەتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ ئەڭ ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ۋەتەننى مەدھىيىلىگەن، ۋەتەننىڭ زۇلمەتلىك كۈنلىرى ئۈچۈن ئېچىنىپ، ئۇنى ئازاد قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن ھەم خەلقنى كۈرەشكە چاقىرغان؛ ئۇ يەنە ۋەتەننىڭ ئازاد، بەختىيار كۈنلىرى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىپ، ئۇنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئىپادىلىگەن ھەم خەلقنى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرغان، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلغان قەھرىمانلارنى ئۇلۇغلاپ، ۋەتەن خائىنلىرىغا لەنەت ئوقۇغان. نىم شېھىت ۋەتەن ھەققىدە «بۈيۈك جۇڭگو»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «ئالدىدا» (1955 - يىلى)، «سېغىندىم» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە باشقا شېئىرلىرىدىمۇ ۋەتەن ھەققىدە يېزىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ۋەتەننىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى بىلەن خەلقنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى بىر گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، كېيىنكى مەزگىللەردىكى شېئىرلىرىدا، خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى بىلەن ۋەتەننىڭ ھۆر، ئازادلىقىنى باغلاپ تەسۋىرلىگەن. نىم شېھىتنىڭ پەرھاد - شېرىن ھەققىدىكى بىر ئىشقى مۇھەببەت قىسسىسىنى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان داستانغا ئايلاندۇرۇپ، داستاندا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئاساسلىق ئىدىيىگە ئايلاندۇرغانلىقىنىڭ ئۆزىلا، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەشكە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئىجادىيەت بولۇشىنىڭ ھەرگىز تاسادىپىلىق ئەمەسلىكىنى ناھايىتى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. نىم شېھىتنىڭ ۋەتەن ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى ھەرگىزمۇ شوئارۋازلىق قىلىنغان، ئوقۇملاشتۇرۇلغان، ھېسسىياتسىز، ئوبرازسىز، قۇرۇق شېئىرلار ئەمەس، بەلكى قايناق ھېسسىيات، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ھەقىقىي شېئىرىي تىل قوللىنىلىپ يېزىلغان جانلىق، ئوبرازلىق، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلاردۇر.

دىلبىرىم، ئاھۇ كۆزۈم، خۇرشىد يۈزۈم، شېرىن سۆزۈم،
ھۆسنى ئەپلاكىڭدا[1]تۇغقان ئەردى تەلەي يۇلتۇزۇم،
لەۋلىرىڭدىن قىزغانۇردى باغدا پىشقان تال - ئۈزۈم،
قاشلىرىڭ مېھراپ قىلىپ سەجدە قىلاي تەنھا ئۆزۈم،
چوڭ گۇناھكار بولسىمۇ دىن بىرلەن ئىمان ئالدىدا.

مىسال ئېلىنغان بۇ مىسرالاردا شائىر «ۋەتەن» دەپ يازمىغان بولسىمۇ، لېكىن شېئىرىيەت ئەنئەنىسىدىكى مەجاز ۋاستىسىدىن ۋە سىمۋوللۇق ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ ۋەتەن ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ. مۇشۇ مىسرالاردىكى بەدىئىي ماھارەتلەرنىڭ تاكامۇللىقىنى يەنە چۈشەندۈرسەك ئارتۇقچىلىق قىلماس. دېمەك، نىم شېھىت ھەقىقەتەن بىر ۋەتەن كۈيچىسى.

3. نىم شېھىت يېتۈك تىل ئۇستىسى. تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. نىم شېھىتنىڭ شېئىرىي تىلى ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەربىر پارچە مۇنەۋۋەر شېئىرى ئۇنىڭ تىل قوللىنىشتىكى ماھارىتى، ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نىم شېھىت قوللانغان شېئىرىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاممىباب، يەڭگىل ھەم ناھايىتى ئىپادىلىك، دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن. شېئىرى شەكىل جەھەتتە نىم شېھىت كلاسسىك شەكىللەردە يېزىشقا تىرىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قوشاق شەكلىدە يېزىشقىمۇ ئالاھىدە تىرىشقان. قوشاق شەكلىدىكى شېئىرلاردا نىم شېھىتنىڭ بۇنداق تىل ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن. بۇنداق شېئىرلاردا تىل بىۋاستە، تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ جانلىق ۋە راۋان قوللىنىلغان بولۇپ، كىشىدە ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىيات قوزغايدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالاردىن بۇ خىل شېئىر شەكلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

قامىتىڭ ئەجەپ زىبا، ئەي، لېۋى قىزىل ياقۇت،
كۆيمىگەن ساڭا كىم بار؟ قىلمىغىن مېنى نابۇت،
سەن ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن، ھەممىسى لېكىن مەندە
بولمىغاندۇ سەرسان، قىز. ئىشىق ئەھلىگە سۇلتان قىز.

«چىقسام ناگاھ ئىشىككە» شېئىرىدىن.

ئەمدى نىم شېھىتنىڭ كىلاسسىك شەكىللەردە يېزىلغان شېئىرلىرىغا كەلسەك، بۇ شېئىرلاردىمۇ تىل ئاممىباب، يەڭگىل ھەم ئىپادىلىك قوللىنىلغان، شېئىرىي تىلدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكنى بىر تەرەپتىن شېئىرىي شەكىللەرنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نىم شېھىتنىڭ تىل قوللىنىشتىكى ماھىرلىقى بەلگىلىگەن. نىم شېھىت كلاسسىك شەكىلدىكى شېئىرلىرىدا تىلنى ناھايىتى تاللاپ ھەم تاۋلاپ ئىشلەتكەن، مىسرالاردا سۆزلەرنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ماسلاشتۇرغان، شۇڭا مىسرالار ناھايىتى راۋان، قاپىيىلەر تولۇق چىققان. نىم شېھىت شېئىرلىرىدا سۆز ياكى ۋەزىن چاقىندىغان ئەھۋاللار

[1] ئەپلاك — پەلەك، ئاسمان.

ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. نىم شېھىت تىل ئىشلەتكەندە ھەم تىل ئارقىلىق مەنىنى چوڭقۇر ئىپادىلەشكە ھەم مەنىنى پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشكە ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا نىم شېھىت شېئىرلىرىدا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ماسلىشىشى ھەقىقىي مەنىدە ئەمەلگە ئاشقان. نىم شېھىت ئىشلەتكەن شېئىرىي تىل ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناھايىتى ئوبرازلىق. ئۇ ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر، ئىدىيوم، خەلقنىڭ ئىپادىلىك تىل ۋە ئۆزى ياسىغان يېڭى تىل تەركىبلىرى ئارقىلىق شېئىرىي تىلىنى شۇنداق ياخشى ئوبرازلاشتۇرغان. بۇ ئوبرازلىق تىل بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا بەدىئىي زىننەت بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىردىكى پىكىر - ئىدىيىلەرنى تېخىمۇ جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. نىم شېھىت شېئىرلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان «يۈزلىرىم شەرمەندە بولسۇن تاڭلا سۈبھان ئالدىدا»، «بىر تىلەمچىدەك قىسىلدىم كۈزدە خامان ئالدىدا»، «مېنىڭ ھالىمنى سورىساڭ، لەيلىنىڭ ۋەسلىدىكى مەجنۇن»، «ئەندەلىپتەك ئەرزىم ئېيتاي باغدا گۈلزار ئالدىدا»، «بوينى باغلانغان مۈشۈكتەك ساڭگداچاشقان ئالدىدا»، «موللىنىڭ ئىمانى بولدۇم خۇددى شەيتان ئالدىدا»، «تامچە سۇغا زارى بولدۇم بەھرى ئۇممان ئالدىدا»، «بويغا يەتكەن قىزغا ئوخشاش ئۆيدە مېھمان ئالدىدا»... دېگەندەك مىسرالارنى شۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بىز پەقەت بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى ۋە نىسبەتەن گەۋدىلىكلىرى بىلەنلا قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتتۇق.

نىم شېھىت ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەم مۇۋەپپەقىيىتىگە شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز بىلەن بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنى باغلاشقىمۇ كۆرۈنەرلىك ھەسسىلەرنى قوشقان داڭلىق شائىر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ۋەتەن ئۇلۇغلانغان، ئىلىم - مەرىپەت تەشەببۇس قىلىنغان شېئىرلىرى بىزنى دائىم تەربىيىلەپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرغۇسى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. نىم شېھىت: «يۈرەك سۆزى» (شېئىرلار توپلىمى) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى.

2. نىم شېھىت: «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» (داستان ۋە شېئىرلار) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

3. ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.


(پوچتا نومۇرى: 844000)

**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا بىر نەزەر

تۇرسۇن پالتا*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى دېھقانچىلىققا ئائىت سۆزلەملەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى دېھقانچىلىق تەرەققىياتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文以《突厥语大词典》中有关农业的词汇和考古材料为据，简要论述维吾尔喀喇汗王朝及其以前的农业发展情况。

**Abstract**: Based on the relative words or relating archaeology materials, the author briefly expounds the Imperial Court of Karahan and the agricultural development prior to it

XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) دا قاراخانىلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن جايلاردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، تارىخىنى، ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت - سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، جايلارنىڭ جۇغراپىيىسىنى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى لۇغەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، باي ۋە ئەمەلىي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەرگەنىدى. «دىۋان» دىكى ئىنتايىن مول مەزمۇنغا ئىگە سۆزلەملەر ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماق پەنلىرى دائىرىسىگە كىرىدىغان يەنى، دېھقانچىلىق زىرائەت تۈرلىرى، تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىك، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مۇسەللەس - شاراپ ئىشلەش، سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش، بېلىقچىلىق، ئورمانچىلىق، تۇپراقچىلىق، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ، ياۋايى ھايۋاناتلار، ئۇچار قانات، ھاشارات، چارۋىچىلىق، ئوتلاقچىلىق، يەم - خەشەك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق تارماق پەنلەرگە ئائىت سۆز - ئاتالغۇ، جۈملىلەر 700 دىن ئاشىدۇ (ئوخشاش بىر خىل سۆز - ئاتالغۇنىڭ بىر قانچە جايدا تەكرار ئۇچرايدىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). يېزا ئىگىلىكىگە دائىر سان جەھەتتىن شۇنچە كۆپ، مەزمۇن جەھەتتىن شۇنچە مول سۆز - ئاتالغۇلار بىزنى قاراخانىلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن

* تۇرسۇن پالتا: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ خادىمى.

جايلاردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىزنى ئىنتايىن مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاتاقلىق تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسى ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللارنى شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش تۈركىي تىلشۇناسلىقىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.»[1] دېگەنىدى.

بۇ ماقالىدە، «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان دېھقانچىلىققا ئائىت قىسمەن سۆز - ئاتالغۇ، جۈملىلەرنى تىلغا ئېلىش ۋە تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان غەربىي يۇرتنىڭ دېھقانچىلىقىغا ئائىت بايانلارنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى دېھقانچىلىق تەرەققىياتى ئۈستىدە ئۆز مۇلاھىزىمىزنى قويىمىز.

«دىۋان» دا دېھقانچىلىق ئىلمىگە مەنسۇپ بولغان زىرائەت تۈرلىرى، تېرىلغۇ يەر، زىرائەتلەرنى تېرىش، ئېتىز پەرۋىشى، زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش، كۆكتاتچىلىق، دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئائىت سۆزلەم ۋە جۈملىلەر ناھايىتى كۆپ.

## 1. زىرائەت تۈرلىرى

1. بۇغداي. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: بۇغداينىڭ بانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ. يەنى بۇغداينىڭ دۆلىتى ۋە بەركىتى تۈپەيلىدىن قارىمۇقمۇ سۇغىرىلىدۇ. بۇ ماقال بىركىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. بارسغانلىقلار «بۇغداي» دېيەلمەيدۇ، «بۇدغاي» دەيدۇ، «مەن بارسغانلىق ئەمەس» دېگەن كىشى مۇشۇ سۆز بىلەن سىنىلىدۇ.
(3 - توم 330 - بەت)

2. ئۇرۇقلۇق: ئۇرۇقلۇق بۇغداي. ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ساقلانغان ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.
(1 - توم 203 - بەت)

3. تارىغ: ئاشلىق. بۇ دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىسمى. (1 - توم 483 - بەت)

4. تارىغ: بۇ كۆپچىلىك تۈرك خەلقلىرى تىلىدا «بۇغداي» دېگەن بولىدۇ، يالغۇز ئوغۇزلار بۇ سۆزنى «تېرىق» دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇغداينى «ئاشلىق» دەيدۇ.
(1 - توم 483 - بەت)

5. ئاشلىق: ئاشخانا. ئوغۇزلار بۇغداينى «ئاشلىق» دەيدۇ. (1 - توم 154 - بەت)

6. قوناق: چۈژگۈن قوناق. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: «قوناق بېشىنىڭ سىيرەك بولغىنى ياخشى»، چۈنكى سىيرەك بولسا، دېنى چوڭ - چوڭ بولىدۇ، قېلىن بولسا، دېنى ئۇششاق بولىدۇ. بۇ ماقال كۆتكەن مەقسىتىگە ئاز زەخمەت چېكىش بىلەن يەتمەكچى بولغانلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.
(1 - توم 499 - بەت)

7. ئارپا. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: «ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، يارەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس». بۇ ماقال ھەر ئىشتا ئۆزئارا يارەملىشىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.
(1 - توم 167 - بەت)

8. ئارپالاندى: ئارپىلىق بولدى. ئات ئارپىلىق بولدى، يەنى ئاتنىڭ يەيدىغان ئارپىسى بار بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئارپالانۇر - ئارپالانماق). (1 - توم 390 - بەت)

9. قاتىلدى: قېتىلدى، قوشۇلدى. ئارپا ئۈگۈر بىرلە قاتىلدى — ئارپا تېرىق بىلەن قېتىلدى.

---

[1] ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - بەت.

ھەرقانداق نەرسە باشقا بىرەر نەرسىگە قېتىلسا ياكى قوشۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.
(2 - توم 168 - بەت)
(ئەسكەرتىش: بۇنىڭدا «ئۇگۇر دېگەن سۆزگە «تېرىق» دەپ مەنە بېرىلگەن)
10. يۇگۇرگۈن: تېرىققا ئوخشاش قىزىل دانلىق بىر خىل ئۆسۈملۈك، ئۇنى تۈركمەنلەر يەيدۇ.
(3 - توم 73 - بەت)
11. تۆگى: ئاقلانغان تېرىق، سۆك، ئوغۇزچە. (3 - توم 317 - بەت)
12. كەپەزلىك: كېۋەزلىك، كېۋەز تېرىلغان يەر. كىشى توغرىسىدا ئېيتىلسا «كەپەزلىك ئەر - كېۋەزى بار ئادەم» دېيىلىدۇ. (1 - توم 659 - بەت)
13. «پامۇق ئۇرۇغلادى — پاختىنى چىگىتتىن ئايرىدى». (3 - توم 473 - بەت)
14. بۇرچاق: پۇرچاق. (1 - توم 609 - بەت)
15. تۇتۇرقان: گۈرۈچ. (1 - توم 675 - بەت)
16. قىيچى: قىچى ~ قىچا. (3 - توم 327 - بەت)
17. كۈچ: كۈنجۈت، كۈنجۈت يېغى «كۈچ ياغى» دېيىلىدۇ. چىگىلچە. ئىنەك پىتىنىڭ ئۇرۇقىمۇ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىنگەك كۈچى» دېيىلىدۇ. (3 - توم 167 - بەت)

18. زارانزا: زاراڭزا. زارانزا ئۇرۇقى — زاراڭزا ئۇرۇقى. (1 - توم 587 - بەت)
19. يورىنچغا: بىدە (3 - توم 589 - بەت)

## 2. تېرىلغۇ يەر توغرىسىدىكى سۆزلەملەر

20. ئاتىز: ئېتىز. ئىككى ئېرىق ئارىسىدىكى تېرىلغۇ يەر. (1 - توم 76 - بەت)
21. ئاتىزلادى: ئېتىزلاشتۇردى. ئەر يەرنى ئاتىزلادى — ئادەم يېرىنى ئېتىزلاشتۇردى، يەنى چۆنەكلەپ، قىر تارتىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا لايىق قىلدى (ئاتىزلار — ئاتىزلاماق).
(1 - توم 396 - بەت)
22. ئەكىن: ئېكىنلىك. ئوغۇزچە (1 - توم 106 - بەت)
23. ئەكىم: بىر ئەكىم يەر — بىر ئېكىم يەر، بىر قېتىمدا تېرىلىپ بولىدىغان يەر.
(1 - توم 103 - بەت)
24. ياتىز: ئەنلىك. ھەرقانداق كەڭ نەرسە. «ياتىز قازىش — ئەنلىك قېيىش»، «ياتىز يەر — ئېتىز يەر، كەڭ يەر» دېگەن سۆزلەرمۇ شۇنىڭدىن ئېلىنغان. (3 - توم 10 -، 11 - بەتلەر)
25. تارىغلاغ: تېرىلغۇلۇق، ئېتىز، ئېتىزلىق. (1 - توم 646 - بەت)
26. تارىغلىق: ئاشلىق ئامبىرى. (1 - توم 654 - بەت)
27. تارىغلىغ: تارىغلىغ يەر، ئېكىنزارلىق. ئاشلىق ئامبىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.
(1 - توم 646 - بەت)
28. تارىغ تارىنغۇ يەر: ئاشلىق تېرىيدىغان يەر. (2 - توم 470 - بەت)
29. قىرلادى: قىرلىدى، چۆنەك تارتتى. «ئۇل يەرىگە قىرلادى — ئۇ يەرگە چۆنەك تارتتى، يەنى قوغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تېرىش ئۈچۈن يەرگە چۆنەك تارتتى. ئېتىزغا قىر تارتىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.» (قىرلار - قىرلىماق). (3 - توم 408 -، 409 - بەت)
30. ئاڭىز: ئېڭىز. بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زىرائەتلەرنىڭ ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەردە

قالغان تۆپچەكلىرى. (1 - توم 126 -، 127 - بەت)

## 3. تېرىقچىلىق قىلىشقا ئائىت سۆزلەملەر

31. تارىغچى: دېهقان. (2 - توم 64 - ۋە 3 - توم 333 - بەت)

32. ساپانلادى: ساپان سالدى. «ئول يەرگە ساپانلادى — ئۇ يەرگە ساپان سالدى» (ساپانلار — ساپانلاماق). (3 - توم 468 - بەت)

33. تۆزلۆندى: تۆزلەندى، تۆزەلدى. «تۆزلۆندى يەر — يەر تۆزلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ سۆزنىڭ «تۆزۆلدى» شەكلىمۇ بولۇپ، «ئىش تۆزۆلدى — ئىش تۆزەلدى» مۇ دېيىلىدۇ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تۆزلۆنۆر — تۆزلۆنمەك). (2 - توم 353 -، 354 - بەت)

34. ئۆرۈق: ھەر نەرسىنىڭ ئۇرۇقى. (1 - توم 492 - بەت)

35. تارىمسىندى: تېرىيدىغاندەك كۆرۈندى. «ئول تارىغ تارىمسىندى — ئۇ (ئاشلىق تېرىمايدىغان بولسىمۇ) ئاشلىق تېرىيدىغاندەك كۆرۈندى (تارىمسىنۇر - تارىمسىنماق). (2 - توم 376 - بەت)

36. قىغ: توپىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىغ. (3 - توم 177 - بەت)

37. قىغلاتتى: قىغلاتتى، تېزەكلەتتى. «ئول يەرىگ قىغلاتتى — ئۇ يەرنى قىغلاتتى»، «ئول ئاتىن قىغلاتتى — ئۇ ئېتىنى تېزەكلەتتى» (قىغلاتۇر - قىغلاتماق). (2 - توم 509 - بەت)

38. تارىدى: تېرىدى. «ئول تارىغ تارىدى — ئۇ ئاشلىق تېرىدى». باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تارىر- تارىماق). (3 - توم 358 - بەت)

39. ئۆرۈغ: ئۇرۇق. يەرگە چېچىلغان دانمۇ «ئۆرۈغ» دېيىلىدۇ. «ئۆرۈغ ئەكتى- ئۇرۇق چاچتى...» (1 - توم 87 - بەت)

40. ئەكدى: ئەكتى، تېرىدى. «ئول تارىغ ئەكدى — ئۇ ئاشلىق تېرىدى»... (1 - توم 227 - بەت)

41. تارىلدى: تېرىلدى؛ چېچىلدى. «تارىغ تارىلدى — ئاشلىق تېرىلدى»... (2 - توم 176 - بەت)

42. ئەكتۆردى: تېرىتتى. «ئول تارىغ ئەكتۆردى — ئۇ ئاشلىق تېرىتتى»... (1 - توم 298 - بەت)

43. ئەۋىن: ئۆرەن، ئۇرۇق. (1 - توم 106 - بەت)

44. تارىتغان: تېرىتىدىغان. «بۇ ئەر ئول تەلىم تارىغ تارىتغان — بۇ تولا ئاشلىق تېرىتىدىغان ئادەم». (1 - توم 667 - بەت)

45. بالدىر: بالدۇر. «بالدىر تارىغ — بالدۇر تېرىلغۇ، باش باھاردا تېرىلغان ئاشلىق». ئەڭ ياخشى تېرىم ۋاقتى شۇ ۋاقىتتۇر. باشقىلاردىن بۇرۇن قىلىنغان ئىش ياكى پەيدا بولغان نەرسىگىمۇ «بالدىر» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. تۆل ۋاقتىدا تۇنجى تۇغۇلغان قوزىمۇ «بالدىر قوزى» دەپ ئاتىلىدۇ. (1 - توم 596 - بەت)

## 4. زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈپ چىقىش، چېچەكلەش، دان تۇتۇش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەر

46. ئۈندى: «ئوت ئۈندى»، «ئول ئەۋگە ئۈندى — ئۇ ئۆيگە ئۈندى». ئۇيغۇرچە (ئۈنەر

— ئۇنمەك) .                                                                        (1 ـ توم 229 ـ بەت)

47. يىلدىز: يىلتىز. بەزىدە بۇ سۆز ئوخشىتىش يولى بىلەن ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتىگە قارىتىلىپ. مۇ ئىشلىتىلىدۇ. «تۆپلۈگ ـ يىلدىزلىغ ـ تىگى ـ تەكتى بار (ئادەم)» . (3 ـ توم 53 ـ بەت)

48. كۆكلەندى: كۆكلىدى، راۋاج تاپتى ... «ئەر كۆكلەندى — ئادەم كۆكلىدى» . بېيىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كۆكلەنۇر ـ كۆكلەنمەك) .                                                                        (2 ـ توم 369 ـ بەت)

49. تۆپلەندى: تۆۋلىدى. «يىغاچ تۆپلەندى — دەرەخ تۆۋلىدى» ، «ئەر تۆپلەندى — ئادەم تۆۋلىدى، يەنى مېلى كۆپەيدى» . ھەرقانداق نەرسىنىڭ يىلتىز تارتىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.
(2 ـ توم 351 ـ بەت)

50. پۇتاقلاندى: شاخلاندى؛ تارماقلاندى. «يىغاچ پۇتاقلاندى — دەرەخ پۇتاقلاندى» ، «سۆۋ پۇتاقلاندى — سۇ تارماقلاندى» . بۇنىڭ ئەسلى «پۇتاق، شاخ» تۇر (پۇتاقلانۇر — پۇتاقلانماق) .
(2 ـ توم 384 ـ بەت)

51. بوقۇق: پورەك، پوقاق، غۇنچە. «چەچەك بوقۇقلاندى — چېچەك (گۈل) پورەكلەندى. بۇ گۈلنىڭ ئېچىلىش ئالدىدىكى ھالىتى ...»                                        (2 ـ توم 415 ـ بەت)

52. چەچەك: چېچەك، گۈل.                                                                        (1 ـ توم 504 ـ بەت)

53. چەچەك ئاغزى ئاتىلدى: چېچەك ئېچىلدى. گۈل ۋە شۇنىڭدەك بىر بىرىدىن ئاجراپ كەتمەي ئېچىلىدىغان نەرسىلەر ياكى تۈپ نەرسىنىڭ يېيىلىپ كېتىشىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.
(1 ـ توم 259 ـ، 260 ـ بەت)

54. باشلاندى: تۈتۈندى؛ باشاقلاندى، باش ئالدى ... «تارىغ باشلاندى — ئاشلىق باش ئالدى» ...
(2 ـ توم 345 ـ بەت)

55. ئۇرۇغلاندى: دان تۈتتى. «تارىغ ئۇرۇغلاندى — ئاشلىق دان تۈتتى» ، «كەپەز ئۇرۇغلاندى — كېۋەز غوزىلىدى» . ھەرقانداق مېۋىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. (ئۇرۇغلانۇر — ئۇرۇغلانماق) .
(1 ـ توم 386 ـ بەت)

56. ئىچلەندى: دان تۈتتى، ئىچى تولدى. «تارىغ ئىچلەندى — ئاشلىق دان تۈتتى» . يېيىلىدىغان نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى يېپىشكە بولىدىغان ھالەتكە كەلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (ئىچلەنۇر ـ ئىچلەنمەك)
(1 ـ توم 340 ـ بەت)

## 5. زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىشقا دائىر سۆزلەملەر

57. سۇۋالدى: سۇغىرىلدى، سۇلاندى. «تارىغ سۇۋالدى ـ زىرائەت سۇغىرىلدى» . ھەرقانداق نەرسىگە سۇ سېپىلسىمۇ (سۇلانسىمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ (سۇۋالۇر ـ سۇۋالماق) .
(2 ـ توم 174 ـ بەت)

58. ئوتادى: ئوتىدى. «ئول تارىغ ئوتادى — ئۇ زىرائەت ئوتىدى» . زىرائەت بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى پۇتىدى. زىرائەتنىڭ باشقى كېسىلسىمۇشۇنداقدېيىلىدۇ (ئوتار ـ ئوتاماق) .
(3 ـ توم 344 ـ بەت)

59. ئوتۇلدى: ئوتالدى. «تارىغ ئوتۇلدى — ئېكىن ئوتالدى» . «زىرائەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ياۋا ئوتلار يۇلۇپ تاشلاندى» دېگەن مەنىدە (ئوتۇلۇر — ئوتۇلماق) .        (1 ـ توم 260 ـ بەت)

60. سارقاچ: قارىمۇق.                                                                        (3 ـ توم 330 ـ بەت)

61. تارىغ قوتۇردى ـ ئاشلىق قوتوراپ ئۇسۇپ كەتتى. باشقا ئۇسۇملۇكلەردىمۇ شۇنداق.

(2 - توم 98 - بەت)

62. پىت: بۇغدايغا چۈشىدىغان ئۇششاق قۇرۇتقا «تارىخ پىتى — بۇغداي پىتى» دېيىلىدۇ. (1 - توم 420 - بەت)

63. قىراغۇ: قىرو. (1 - توم 582 - بەت)

64. سارقىم: قىرو. (1 - توم 632 - بەت)

65. ئۇشىك: ئۇششۇك. مېۋىلەرنى ئۇششۇتىۋېتىدىغان سوغۇق. (1 - توم 98 - بەت)

## 6. زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىشقا دائىر سۆزلەملەر

66. ئوردى. «ئول ئوت ئوردى — ئۇ ئوت ئوردى». بۇغداي ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئورۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ئورار — ئورماق). (1 - توم 232 - بەت)

67. ئورۇم. «بىر ئورۇم ئوت». (1 - توم 102 - بەت)

68. يىغدى: توستى، يىغدى، توپلىدى. «ئول مەنى ئاشقا يىغدى — ئۇ مېنى تاماقتىن توسۇپ قويدى». باشقىلاردىمۇ شۇنداق «ئول تارىغ يىغدى — ئۇ بۇغداي ۋە بۇغدايغا ئوخشاش نەرسىلەرنى توپلىدى، يەنى چەش قىلدى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى يىغقان كىشىگىمۇ بۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يىغار- يىغماق). (3 - توم 82 - بەت)

69. تۆگۈشدى: سوقۇشتى، سوقۇشۇپ بەردى. «ئول ماڭا تارىغ تۆگۈشدى — ئۇ ماڭا ئاشلىق سوقۇشۇپ بەردى». بۇغداي دانلىرىنى سوقۇپ چۈشۈرۈشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. سۇ تۆكۈش-كىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (تۆگۈشۈر — تۆگۈشمەك). (2 - توم 145 -، 146 - بەت)

70... «تارىغ ئارتىغۇ يەر — بۇغداي ئېرىغدايدىغان يەر». (2 - توم 470 - بەت)

71. ماما: خامان تېپىشتە ئوتتۇرىغا قېتىلىدىغان ئۆكۈز. باشقا ئۆكۈزلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. (3 - توم 324 - بەت)

72. ساۋۇردى: سورىدى. «ئەر تارىغ ساۋۇردى - ئادەم (خاماندا) ئاشلىق سورىدى». شامالدا ھەرقانداق نەرسىنى سورۇپ تازىلاشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (ساۋۇرار - ساۋۇرماق). (2 - توم 108 - بەت)

73. ساۋۇرتتى: سورۇتتى. «ئول ئاڭار تارىغ ساۋۇرۇتتى — ئۇ ئۇنىڭغا بۇغداي سورۇتتى». باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ساۋۇرتۇر — ساۋۇرتماق). (3 - توم 586 - بەت)

74. ساۋۇرۇشدى: سورۇشتى. «ئول ماڭا تارىغ ساۋۇرۇشدى — ئۇماڭائاشلىقسورۇشۇپبەردى». باشقىلاردىمۇ شۇنداق... (2 - توم 305 - بەت)

75. ئۆرتكۈن: چەش. (3 - توم 563 - بەت)

76. ساغۇلادى: كەملىدى. «ئەر بۇغداي ساغۇلادى — ئادەم بۇغداي كەملىدى». باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ساغۇلار — ساغۇلاماق). (3 - توم 443 - بەت)

77. ... «سامانلىغ ئەر - سامىنى بار ئادەم». (1 - توم 650 - بەت)

78. توپۇنلۇغ: «تۇپۇنلۇغ تارىغ — تۇپانلىق بۇغداي، توپىنى بار بۇغداي». (1 - توم 649 - بەت)

79. قىلدرۇق: قىلتىرىق. بۇغداينىڭ باشاقلىرىدا بولىدىغان قىلتىرىق. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. (3 - توم 569 - بەت)

80. ... «پامۇق ئورۇغلادى — پاختىنى چىگىتتىن ئايرىدى»... (3 - توم 473 - بەت)

# 7. دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئائىت سۆزلەملەر

81. ساپان: قوش. (1 ـ توم 523 ـ بەت)

82. بۇقۇرسى: بۇقۇسا. (3 ـ توم 333 ـ بەت)

83. بۇيۇندۇرۇق: بويۇنتۇرۇق. بۇ ياغاچتىن ياسىلىپ، ئىككى ئۆكۈزنىڭ بوينىغا ئېسىلىدۇ. (3 ـ توم 247 ـ بەت)

84. كەتمەن. (1 ـ توم 579 ـ بەت)

85. ئورغاق: ئۇرغاق (1 ـ توم 161 ـ بەت)

86. تاغار: ئىچىگە بۇغداي ۋە باشقا نەرسىلەر قاچىلىنىدىغان قاپ. (1 ـ توم 535 ـ بەت)

87. ئۇرۇق: ئارغامچا. (1 ـ توم 90 ـ بەت)

88. سەۋدىچ: سېۋەت. ياش نوتىلاردىن توقۇلۇپ، ئىچىگە مېۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سالىدىغان نەرسە. (1 ـ توم 593 ـ بەت)

89. سۇپۇرگۇ: سۇپۇرگە. (1 ـ توم 638 ـ بەت)

90. ئورۇ: ئورا. بۇغداي، چامغۇر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن قېزىلغان ئورا. (1 ـ توم 119 ـ بەت)

يۇقىرىدىكى تىل پاكىتلىرىدىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى دېھقانچىلىقتا ئۇرۇقلۇق تەييارلاش، يەرلەرنى قىر سېلىپ، چۆنەكلەپ ئېتىزلاشتۇرۇش، تېرىقچىلىقتا بالدۇر تۇتۇش قىلىش، يەرنى تەكشى تۈزلەش، ئوغۇت توپلاپ يەرلەرنى ئوغۇتلاش، ئۇرۇق سېلىش، زىرائەت ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن پەرۋىش قىلىش، هارام شاخلارنى پۇتاش، هارام چۆپلەرنى ئوتاش، سۇغىرىش، هاشارەتلەرنى يوقىتىش، ئۆششۈكتىن مۇداپىئەلىنىش، زىرائەت پىشقاندا ۋاقتىدا يىغىۋېلىش، ئوما ئورۇشتا بەسلىشىش، خامان تېپىش، سورۇپ دان ئايرىش، چەشلەپ تاغارغا ئۇسۇش، يەر ئاغدۇرۇشتا ئۆكۈز كۈچىدىن پايدىلىنىپ بۇقۇسا ـ بويۇنتۇرۇق ئىشلىتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇكەممەل تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى، تېرىغان زىرائەت تۈرلىرىمۇ (بۇغداي، قوناق، تېرىق، پۇرچاق، كەندىر، زىغىر، كۈنجۈت، كېۋەز، ئابدىمىلىك قاتارلىق) كۆپ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا دېھقانچىلىقنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە راۋاجلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك، «دىۋان» دا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن خاتىرىلىنىش بىلەن بىر قاتاردا يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت نۇرغۇن سۆزلەم ۋە جۈملىلەر خاتىرىلەنگەن. ئۇ، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ۋە شۇ دەۋردىن ئىلگىرىكى تارىخنىڭ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان خاتىرىسى. بۇ سۆز، جۈملە ـ ئىبارىلەر ئىپادىلىگەن شەيئىلەرنىڭ كۆپ قىسمى نۇرغۇن ئەسىرلىك تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئۆز مەنىسىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۇ هەرگىزمۇ قاراخانىلار هۆكۈم سۈرگەن دەۋردىلا پەيدا بولغان ئەمەس.

تىلشۇناسلىق ئىلمى بىزگە تىل ئىجتىمائىي هادىسە؛ تىل ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە كۈندىن كۈنگە بېيىغان؛ تىل شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ تارىخى بىلەن چىڭ باغلانغان، دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن تېپىلمىلار ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار غەربىي رايوندا دېھقانچىلىقنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىمۇ بۇ هەقتە كۆپلىگەن خاتىرىلەر بار. مەسىلەن: خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ تېرىلىشى ئاللىقاچان مۇئەييەنلىشىپ بولغان. «لياڭ سۇلالىسى تارىخى قوچۇ تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قوچۇدا〈كېۋەز〉 دېگەن بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ غوزىكى پىلە غوزىكىگە ئوخشايدۇ، غوزەكتىن ئىنچىكە، يۇمشاق ۋە ئاق رەڭلىك يىپ تالالىرى چىقىدۇ. بۇ تالالاردىن رەخت توقۇلىدۇ. بۇنى «پاختا دەپمۇ ئاتايدۇ.» ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر

ئۇنى «كېۋەز» دەپ ئاتىغان. تاشقورغانلىقلار «پاختىدىن توقۇلغان رەختلەرنى كېيەتتى». «بۇ زامانلاردا يىپەك ـ مەشۇتمۇ پەيدا بولغان بولۇپ، ئاساسەن قوچۇ، كىنگىت ۋە ئۇدۇندا يېتىشتۈرۈلەتتى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ قىسىم 117 ـ بەت). يەنە شۇ كىتابنىڭ 31 ـ بېتىدە مىلادىدىن 200 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردە تارىم بوستانلىقىدا بۇغداي، ئارپا، تېرىق، سۆك، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغانلىقى ئېيتىلغان.

1979 — 1980 ـ يىللىرى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىن ئەتراپىدىكى ئەڭ قەدىمكى قەۋرىلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرگەندە، جەسەتنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قاتارىدا، كەندىر چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان كىچىك سېۋەتلەرگە سېلىپ قويۇلغان ئون نەچچە تالدىن يۈز نەچچە تالغىچە بۇغداي دانلىرى تېپىلغان. بۇغداينىڭ رەڭگى قارامتۇل بولۇپ، چىرىماي ياخشى ساقلانغان. قەۋرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى كاربون 14 ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ ئەۋرىشكىلەرنىڭ يىل دەۋرىنى بۈنىڭدىن 3800 يىللار بۇرۇن دەپ بېكىتكەن (ئابدۇقېيۇم خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 136 ـ بەتكە قاراڭ). «بۈنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن بۇغداي دانلىرى تېپىلىش بىلەن بىللە بىر تال بىجىرىم بۇغداي باشىقىمۇ تېپىلدى.» (يۇقىرىقى كىتاب 137 ـ بەت). «قۇمۇل بارىكۆل ناھىيىسى قارا دۆۋە دېگەن يەردىكى بۈنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى قەدىمكى قەۋرىلەردىن ئارپا باشىقى، ئارپا پوستى تېپىلغان»، «چاقىلىق ناھىيىسىدىكى قەدىمكى مىران خارابىسىدىنمۇ ئارپا دانلىرى تېپىلغان» (يۇقىرىقى كىتاب 137 — 138 ـ بەتلەر). بۈندىن 1800 — 2000 يىللار ئىلگىرى ياسالغان قىزىل مىڭئۆينىڭ 175 ـ ھوجرىسىدىن كەتمەن چېپىۋاتقان ۋە قوش ھەيدەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشتىكى بىر پارچە تام رەسىمى تېپىلغان. بۇ رەسىمدە كالتە يەڭ كۆڭلەك ۋە دوپپا كىيىپ، تامبىلىنى تىزىنىڭ ئۈستىگىچە تۈرۈۋپ قويۇپ، يالىڭاياق ھالەتتە كەتمەن چېپىۋاتقان ئىككى ئۇيغۇر دېھقان بىلەن ئىككى ئۆكۈز قوشۇلغان ساپاننى ھەيدەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر قوشچىنىڭ ئوبرازى ناھايىتى ئېنىق ھەم جانلىق سۈرەتلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ··· تارىخىي خاتىرە ـ ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆستۈرۈلىدىغان كېۋەز، ئۈزۈم، تاۋۇز، زىغىر، ياڭاق، ئانار، سامساق، يۇمغاقسۈت (ئاشكۆكى)، سەۋزە قاتارلىقلار خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ شىنجاڭدىن تارقالغان.» (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭ دېھقانچىلىق تېخنىكا قوللانمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1977 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ كىتاب 2 ـ بەت).

يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما تارىخىي پاكىتلار بىزگە «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن سۆز، جۈملە ـ ئىبارىلەر قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ۋە شۇ دەۋردىن ئىلگىرىكى ئۇزاق تارىخنىڭ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان خاتىرىسى بولۇپ، قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۈنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە راۋاجلانغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

2. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. ئابدۇقېيۇم خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.


(پوچتا نومۇرى: 830003)

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

# «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇھىم بايانلاردىن قەدىمكى ئىلى بەگلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە

تۇرسۇن ئەرشىدىن*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئىلى ۋادىسىدا مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا كۈچلۈك ۋە مەدەنىيەتلىك، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىلى بەگلىكىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە تارىخىي يازما مەنبەلەر، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مۇھىم بايانلار ئاساسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**:本文以历史文献、考古资料和《福乐智慧》中有关的重要论述为基础,论述公元前在伊犁河流域建立的对中亚产生过某种重要影响的强大文明的伊犁古国.

**Abstract**: In this article, based on the historical documents, archaeological materials and the important description about《Kutadghu Bilik》the author gave us a description about the Strong civilized kingdom of YiLi, which was built along the River of YiLi in the quite remote past, BC. and had an important influence to the Middle Asia.

غەربىي رايوننىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردە ۋە تەتقىقاتلاردا «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات نەزەردىن تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدەنمەي ۋە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارماي، ھەمدە ئومۇم ئېتىراپ قىلغۇدەك ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلماي تۇرۇپ، مۇشۇ زېمىندا ياشىغۇچى خەلقلەر ۋە شۇ زېمىنغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي ھەققىدە تارىخىي چىنلىقنا ئۈيغۇن، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

ئۇزاق ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» ھەققىدىكى خاتىرىلەر ھازىر رىۋايەتكە ئوخشاش تارىخقا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بىز تارىخىي يازما ماتېرىياللارنى، قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنى، جۈملىدىن بۈيۈك قاراخانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شاھانە ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»تە قەيت قىلىنغان مۇھىم بايانلارنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسەك، «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭشانۇ- شەۋكەتلىك سىماسى كۆز ئالدىمىزدا قايتىدىن نامايان بولىدۇ.

---

• تۇرسۇن ئەرشىدىن: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتىنىڭ خادىمى.

## 1. «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» توغرىسىدىكى يازما ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار

بىز ئالدى بىلەن قەدىمكى يازما ماتېرىياللارغا مۇراجەت قىلساق، «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭ تارىخىي ھادىسە سۈپىتىدە ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ تارىخىغا چوڭقۇر ئىز سېلىپ ئۆتكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئىلى دەرياسى جۇملىدىن تەڭرىتاغلىرىنى بەلگە قىلغان كەڭ زېمىندا بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

لى گۇاڭىننىڭ «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىتىكى ئەللەر خەرىتىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا: «خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى ‹ئىلا بەگلىكى› دەپ ئاتىلاتتى» دېيىلگەن. «خەننامە. چېن تاڭ تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچە 72 - جىلدىدا چېن تاڭنىڭ گەن يەنشۇغا قىلغان سۆزى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «كانگانى ئىگىلەپ تۇرغان شىمالىي ھون تەڭرىقۇتى قۇتىئۇس ئەگەر ئۇيسۇن (ئاسىيۇ) بىلەن پەرغانىنى بويسۇندۇرۇپ يەنە شىمالدىكى ئىلىغا ھۇجۇم قىلسا، غەربتە ئارشاكنى بېسۋالسا (ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا)، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۇزۇن يىللار خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ». «كىتابلار جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 958 - جىلدىدا «ئىلا بەگلىكى كانگانىڭ شىمالىدا» دەپ كۆرسىتىلگەن.

«شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق خەنزۇچە 1 - سانىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئىلا غەربىي يۇرتتىكى دەريا نامى ۋە جاي نامى، ئۇ خەن دەۋرىدە ‹ئىلا تەڭرىقۇتلىقى›، جىن دەۋرىدە ‹ئىلا بەگلىكى› دەپ ئاتىلاتتى. بۇلار ئىلى دەرياسىنى ۋە شۇ دەريا نامى بىلەن ئاتالغان ھاكىمىيەتلەرنى كۆرسىتەتتى،… غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى چابىش تۇغلۇق خاقان ئاشۇ دەريانى چېگرا قىلغان بولۇپ، ئۇ دۆلەتكە چۇلۇك خاقان بىلەن چابىش ئىشبارا يابغۇ خاقانلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى».

شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1982 - يىلى 2 - سانىنىڭ 46 - بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ھازىرقى كۈچانىڭ شىمالىدىكى توققۇزتارا، تىكەس قاتارلىق جايلاردا… مىلادىنىڭ V ، VI ئەسىرلىرىدە زابىندىرلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان بىر دۆلەت قۇرۇلغان».

يۇقىرىقى يازما خاتىرىلەردىن باشقا ئىلى رايونىدا تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ بىزنى «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»گە ئائىت مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى «خۇنخاي مازار» دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ ئوتتۇرىسىنى كىچىكرەك بىر ئېقىن «خۇنخاي دەرياسى» كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاشۇ دەريانىڭ شەرق تەرىپىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جىلغىلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان سۇ بويلىرىدا ھەر بىرى بۇغداي خامىنىدەك دۆڭلەر بار. يەرلىك ئاھالىلار ئۇ دۆڭلەرنىڭ تۇپىسىنى ئۇغۇت قىلىش ئۈچۈن كولاش جەريانىدا ئۇ دۆڭلەرنىڭ ئىچىدىن نەپىس ئىشلەنگەن ھەر خىل تاش بېزەكلەرنى تاپقان ۋە قەدىمكى ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى چېلىقتۇرغان.

خۇنخاي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تەرەپتە كۆلىمى بىرمۇ كېلىدىغان بىر تاش قورغان بار بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە ئۇ قورغاننىڭ پادىشاھ لەشكەرلىرى تۇرىدىغان گازارما ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى.

ئارخېئولوگلار خادىملىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلى ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاش پىچاق، تاش ھەيكەل، ساپال قاچا، تاش پەيكان قاتارلىق قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلى تەۋەسىدىكى مۆڭغۇلكۈرە، تىكەس، نىلقا، توققۇز تارا، چاپچال قاتارلىق جايلاردىكى قەبرىستانلىقلاردىن ئالتۇندىن، مىستىن ياسالغان جابدۇقلار، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەر، تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر مىخ، خەنجەر، يىپەكتىن، يۇڭدىن توقۇلغان بۇيۇملار قاتارلىق

قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى تاپقان.

«1954 ـ يىلىدىكى ئىلى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» دېگەن ئەسەردە ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان بۇندىن 2100 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن «دانلىق زىرائەتلەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن تاش تۈلۈق، توگمەن تېشى، قوماچ قىلىنغان زىرائەتلەر چىققانلىقى» يېزىلغان.

نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى نۇرساي جىلغىسىدا ئون نەچچە ئورۇندا قەدىمكى مىس كانلىرىنىڭ ئىزلىرى بار بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ مىس كېنىنىڭ تىك قۇدۇقى 20 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، بەش مېتىر كەڭلىكتە كېلىدۇ. ئۇ يەردىن ئەينى زاماندا يېقىلغۇ قىلىنغان ياغاچ كۆمۈر قالدۇقلىرى، ئېرىتىلگەن مىس، مىس داشقاللىرى، سوقىچاق ۋە تۈۋرۈكسىمان تاش بازغانلار تېپىلغان. كاربون 14 ئارقىلىق ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە ئۇ مىس كانلىرىنىڭ 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن ئىلى ۋادىسىدا بۇندىن ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا يۇقىرى مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇ زېمىندا تىكلەنگەن «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىلا كۆچمەنلىك تۇرمۇشىدىن زىرائەت تېرىشنى ئاساس قىلغان ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

قەدىمكى ئىلى بەگلىكى توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك ئىشەنچلىك يازما ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بولۇشىدىن تاشقىرى يەنە XI ئەسىر قاراخانىلار مەدەنىيىتىنىڭ تېپىك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز.

## 2. «قۇتادغۇبىلىك» تە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئىلى بەگلىكىگە ئائىت بايانلار

«قۇتادغۇبىلىك» ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىجادىيەت بولۇپلا قالماي، ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى جەمئىيەتشۇناسلار، تارىخچىلار ۋە باشقا ئىلىم ساھەلىرى ئۈچۈنمۇ مول ماتېرىيال مەنبەسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا. ئەنە شۇ شاھانە ئەسەرنىڭ بىرقانچە جايىدا قەدىمكى ئىلى بەگلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان.

1629 دىمىش بەكمۇ ياخشى ئىلى ئاتلىغى
خەلقىنىڭ كاتتىسى — ئەلنىڭ قۇتلۇغى.
1630 يېتىشتۇرسە بەگلەر سوزۇپ قول كىشىن،
يېقىنلاپ بولۇر باش بېگىدىن كېيىن .
1631 يېقىن تۇتسا بەگلەر ئۆزىگە كىمنى،
يېقىنلار تىلەگى — ئارزۇ قىلغىنى.
1632 ئەگەر باقسا بەگلەر كىشىگە كۈلۈپ،
يىغىلۇر ئۇنىڭغا ئەرلەر يۈزلىنىپ.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «بەكمۇ ياخشى ئىلى ئاتلىغى» ئەينى زاماندىكى ئىلى دىيارىدا ئۆزىنىڭ چېچەنلىكى، ساخاۋەتلىكى،، مەرتلىكى ۋە يەنە ئاللىقانداق ياخشى خۇلۇقلىرى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى مايىل

قىلىۋالغان مەلۇم بىر نامايەندىنى ئەمەس، بەلكى «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭ دانىشمەن، بەگلىك ئەربابىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەرباب يۇقىرىقى بايانىدا «خەلقىنىڭ كاتتىسى — ئەلنىڭ قۇتلۇغى» دېگەن شۆھرەتلىك نام بىلەن تەرىپلىنىدۇ. تەرىپلەنگەن ئۇ ئەربابنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، جەمئىيەتتە تىكلىگەن نوپۇزى، بەگلىكتىكى ئىناۋىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان، خەلق ئارىسىدا زور ئىززەت ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. ئۇ ئەرباب قول ئاستىدىكى بەگلەرگە، ئەمەلدارلارغا، ئورۇن باسارلارغا بەگلەرنىڭ شاپائىتىگە ۋە تەربىيىسىگە ئېرىشكەن كىشى «بەگلەرگە يېقىن بولىدۇ»، ۋاقتى كەلگەندە بەگلەرنىڭ ئورنىغا «بەگ بولىدۇ»، بەگلەر ئۆزىگە كىمنى يېقىن تۇتسا، شۇلارنىڭ «تىلەك، ئارزۇلىرى يېقىنلاپ» ئەمەلگە ئاشىدۇ. «ئەگەر بەگلەر باشقىلارغا ھىممەت بىلەن مۇئامىلە قىلسا، باشقىلارمۇ ئۇ بەگكە مايىل بولىدۇ» دەپ ۋەز ئېيتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تە «ئىلى ئاتلىغى» دەپ ئاتالغان «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭ شۆھرەتلىك ئەربابى بولغان ئاشۇ شەخس يالغۇز بەگلەرگە، چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارغا دۆلەت نامىدىن ۋەز - نەسىھەت قىلىپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا تارقالغان بارلىق پۇقرالارغا قارىتىپمۇ مۇنداق ۋەز - نەسىھەت قىلىدۇ:

2319 نېمە دەر ئىشىتكىن ئىلى ئاتلىغى:
تۇزۇ - ناننى كەڭ قىل كىشى قۇتلۇغى.
2320 يېگۈز نان - تۇزۇڭنى شۆھرەت ئىستەسەڭ،
شۇ ئىشلارنى قىلغىن ھايات تىلىسەڭ.

مانا بۇ بايانلاردا كىشىلىك تۇرمۇشتا، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئالاقىسىدا، يېمەك - ئىچمەكتە كەڭ قول، سېخى، مەرت بولۇش ۋە لەۋزىدە تۇرۇشنىڭ لازىملىقى، ئەنە شۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كىشى، نۆۋىتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق سۈپەتلىرى ئارقىلىق باشقىلارنى تەسىرلەندۈرىدىغانلىقى، مۇبادا تەسادىپىي سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ قويغان چاغلاردىمۇ باشقىلار ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەپۇ قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئاشۇ «ئىلى ئاتلىغى» پۇقرالارغا، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئەجىر - ئەمگىكى بىلەن مەرتىۋە، شان - شەرەپ ۋە ياكى بەخت - سائادەتكە مۇشەررەپ بولغان ئاۋاملارنىڭ ئىش - ئىزلىرى، تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن ئاساستا يەنە مۇنداق ۋەز ئېيتىدۇ:

841 ئىشىتكىن، نېمەدەر ئىلى ئاتلىغى،
ئىش ئىشلەپ چوڭايغان كىشى قۇتلۇغى.
842 خادىم بەگ ئىشىگە باغلاركەن بېلىن،
قاتتىق تۇتقۇلۇق بەگ سۆيۈنچى يولىن.
843 بۇ بەگلەر ئۇمىدىچە قىلغىن تاپۇغ،
رىزا بولسا بەگلەر ئاچار بەخت قوۋۇغ.
844 تاپۇغچى تاپۇغ بىلسە تۆرگە چىقۇر،
تاپۇغ بىلمىسە تۆردىن پەسكە چۈشۈر.
845 سۆيۈندۈرسە خىزمەتتە بەگنى قۇلى،
ئېچىلار ئۇڭا قەدىر - ھۆرمەت يولى.

«قۇتادغۇبىك»تە «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭ دۆلەت ئەربابىغا تەققاسلانغان «ئىلى ئاتلىغى»نىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى تەربىيىلەپ ھاكىمىيەتكە ماسلىشىشى ئۈچۈن قىلغان ۋەز - نەسىھەتلىرى بايان قىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە بەگلىك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى بولغان

«ئىلى بېگى» نامىدىن ھەر دەرىجىلىك بەگلىكلەرگە قانداق سۈپەتلىك بەگلەر تاللىنىشى لازىملىقى، ئۇلارنىڭ ئەلگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرلىرى ئەقلىيە سۆزى خاراكتېرىدە مۇنداق كۆرسىتىپ بېرىلگەن:

1779 نېمەدۇر ئۇ ئىلى بېگى ئاڭلىغىن،
بۇ سۆز مەنىسىن سۆزگە ئۇل ئەيلىگەن:
1780 بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتكۈل خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.
1781 ئەقىللىقتا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بىرەر ئەلگە ھوزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۈت.

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «قۇتادغۇبىلىك»تە قەيت قىلىنغان «ئىلى بېگى» «ئىلى ئاتلىغى» دىن تۈۋەن تۇرىدۇ، شۇڭا «ئىلى بېگى» «ئىلى ئاتلىغى»غا ئوخشاش «خەلقنىڭ كاتتىسى — ئەلنىڭ قۇتلۇغى» سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى «بىر ئەل بېگى» يەنى بىرەر جاينىڭ، بىرەر يۇرتنىڭ، بىرەر رايوننىڭ چوڭى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر ئەلدە مۇنداق «چوڭلار» ناھايىتى نۇرغۇن بولىدۇ. شۇنداقلا ئاشۇنداق چوڭلارنىڭ ئىلكىدىكى زېمىنلار ۋە ئۇ زېمىنلاردا ئىستىقامەت قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ تىنچ - ئامان، خاتىرجەم ۋە بەختىيار ھاياتىنىڭ تەمىن ئېتىلىشى، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ كۈچىيىشى ياكى ئاجىزلىشىشى، گۈللىنىشى ياكى خاراپلىشىشى، قۇدرەت تېپىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دەل ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قانداق جاي، قانداق رايون، قانداق يۇرت ۋە ئەل بولسۇن ئۇنىڭغا «باشچى» بولىدىغان بەگنىڭ ھەرگىزمۇ بىلىمسىز، نادان بولماسلىقى، ئەگەر ئاشۇنداق بىلىمسىز نادانلار بەگلىك ئورنىغا چىقىپ قالسا، «پۈتكۈل خەلق بۇزۇلىدىغانلىقى»، «ئەلگە بالا - قازا كېلىدىغانلىقى»، ئەگەر بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك كىشى بەگ بولسا، شۇ ئەلگە «بەخت يېغىپ، ھوزۇر - ھالاۋەتكە ئىگە» بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ ھەمدە قانداق سۈپەتلىك كىشىنى بەگلىككە تەيىنلەشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلنى ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنىڭ «ئۇلى» دەپ كەسكىن كۆرسىتىدۇ.

«قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»گە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەربابلارنىڭ ئەقلىيە خاراكتېرلىك ۋەز - نەسىھەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى «ئىلى ئاتلىغى»، «ئىلى بېگى» نىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن بايانلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، «قۇتادغۇبىلىك»تە «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نىڭ يەنە بىر نامايەندە خاراكتېرلىك ۋەكىلى «ئىلى ئەركىنى»مۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىلىدىن مۇنداق بايان بېرىلىدۇ:

4752 نېمۇدەر ئىشتىكىن ئىلى ئەركىنى (ئىلىرايونىنىڭچوڭى، يۇرتباشلىقى)
ئۇ ئېيتار خىزمەتچى قائىدە يوسۇنى:
4753 كۆرەرسەن قىيىن ئىش بۇ بەگلەر ئىشى،
ھەرقانچە كۆپ ئىشلەپ يارىماس كىشى.
4754 ياراپ قالسا ئىش، ئۆزگە ئەركىسىز بولۇر،
يارىمىسا ئىش، ئېتىبارسىز قالۇر.
4758 جاھان بىر بوراندۇر، قارا ئەي ئوغۇل،
تۇراقسىز كۆلەڭگە ئېرۇر، كۆرگىن ئۇل.

روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بايانda «بەگلىك خىزمەتچىلىرى» بولغان «بەگلەر» خىزمىتىنىڭ «ناھايىتى قىيىنلىقى»، ئۇنى ھەرقانچە كۆپ ئىشلەپمۇ ياخشى بولغىلى بولمايدىغانلىقى»، ئەگەر مەلۇم كىشىنىڭ ئادا قىلغان «بەگلىك ئىشى» «ياراپ قالسا»، شۇ كىشى ئۆزىنىڭ «ئەركىنلىكىنى يوقىتىدىغا-

لىقى» ئەگەر «بەگلىك ئىشى» «يارىماي قالسا، ئېتىبارسىز قالىدىغانلىقى» كۆرسىتىلگەن.

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يىراق قەدىمكى زامانلاردا بەگلىكنىڭ ئىچكى پەيغىلىقلىرى، باشقا ئەللەر بىلەن بولغان جېدەل - ماجىرالار تۈپەيلىدىن «ئىلى بەگلىكى»نىڭ ھاكىمىيىتى بىردە ئۇ، بىردە بۇ جەمەت ۋە قەۋملەر قولىغا ئۆتۈپ تۇرغان، ھەتتا بۇنداق ئەھۋال «بورانداك» يۈز بېرىپ، ھاكىمىيەتنىڭ تۇراقسىزلىقىنى ۋە ئۇنى مەڭگۇ بىر جەمەت ياكى قەۋمنىڭ قولىغا مۇقىملاشتىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىجتىمائىي قانۇنىيەت سۈپىتىدە تونۇتقان. بۇ ئەھۋال يۇقىرىقى باياندا «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» گويا بىر «جاھان»غا، بەگلىك ھاكىمىيىتى بولسا گويا «بوران»غا، «تۇراقسىز كۆلەڭگە» ئوخشۇتۇلۇش ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇندىن باشقا «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە زور سالماقنى ئىگىلىگەن ھەمدە زور ئابرويغا ئىگە بولغان ئالىملار، پەيلاسوپلار، پۈتۈكچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان «ئىلى كاتىبى»مۇ «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بۇ قامۇستا دەبدەبە بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇ ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

2696 ئىشتىكىن نېمەدەر ئىلى كاتىبى،
ئەجەپمۇ ياخشىدۇر پېزىش ئۇسلۇبى:

2697 پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.

2698 ئەگەرچە پۈتۈكچى پۈتمىسە بىتىك،
نىچۈك بىلگەي ئەردىنىڭ بۇ ھىكمەت بىلىك!

2699 پۈتۈپ قويمىغان بولسا ئالىم ھىكىم،
بۇرۇنقىنى بىزدىن ئېيتار ئىدى كىم؟

بۇ بايانلاردا تىلغا ئېلىنغان «ئىلى كاتىبى»مۇ يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك يالغۇز بىرلا ئادەمنىڭ سىماسى ئەمەس. ئۇ تار مەنىدىن ئېيتقاندا پۈتۈكچىلەر، تارىخچىلار، ئالىملار، پەيلاسوپلارنى، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» دىكى قەلەمكەشلىكنى مەخسۇس كەسىپ قىلغان ياكى قەلەمكەشلىك بىلەن ئىشتىن سىرت شۇغۇللىنىدىغانلارنى، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ئەقلى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى يېرىم شۇغۇللىنىدىغانلارنى، قىسقىسى «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» دىكى بارلىق زىيالىيلارنى كۆرسىتىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى يۇقىرى باھالاپ ئۇلارغا تەشەككۈر ئىزھار قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تە يەنە «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» دىكى قەۋملەردىن ياغما، چىگىل بەگلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان. ياغما بېگىنىڭ باياندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

1758 پۈتۈن ئىشقا ئەقلى، بىلىمى يەتكەن —
بۇ ياغما بېگى بەكمۇ ياخشى دېگەن.

1759 ئايا بەگ ئىشىڭنى ئىش بىلگەنگە بەر،
يارامىلىق، دۇرۇس، تۈز، يۈرەكلىككە بەر.

1760 قايۇ بەگ يارامسىزغا بەرسە ئىشى،
يارامسىز ئۆزى ئۇ نە باشقا كىشى.

1761 كۆتەرسە خۇدا' ھەر كىشى بەختىنى،

بىر-بىر يارامىلىق، پۈتۈن ئىشچىنى.
1762 چۈشۈرمەكچى بولسا كۆتەرگەننى گەر،
ئاڭا بىر يالچىماس خىزمەتچى بىر-ر.
1763 بۇ نادان بىلىمسىز يېتەكلەپ بارار،
بۇزۇلۇر ئىشى، كۆك تۈتۈنلەر قوپار.

ياغما بېگىنىڭ يەنە بىر بايانىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

4947 پۈتۈن ئىشنى ئەقلى بىلەن ئىشلىگەن —
ئۇ ياغما بېگى ئاڭلا نە ياخشى دېگەن:
4948 گەر ئەلچى ئىشەنچلىك، بېتىك نە كېرەك؟
ئىشەنچلىك تېپىلسا ئۇبىتىك نە كېرەك؟

چىگىل مۆتىۋەرىنىڭ بايانىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

3491 نېمەدەيدۇ ئاڭلا، بىلىملىك چىگىل،
بىلىمسىز ئىشتىكىن، بېرىپ بوي ئېگىل:
3492 ئۆز تەپسىن دېگەنگە سالما مەسلىھەت،
ئەي قۇتلۇق، ئۇنىڭدىن تەگمەس مەنپەئەت،
3493 شۇ ياڭلىغ كىشىگە كېڭەش سال قاياش،
ئۇل ئەركىم ئۆز نەپسىن كۆزلىمەس ئاداش.
3494 ئۆز نەپسىن دېگەنلەر ئۆز نەپسىنى دەپ،
يارامىلىقنى يارامسىز دەيدۇ كۈچەپ.
3495 ۋە بەزى ئىشلاردا كېڭەشمەك كېرەك،
لېكىن دىلغا ياققاننى قىلماق كېرەك.

«قۇتادغۇبىلىك»تە بايان قىلىنغان «ئىلى ئاتلىغى»، «ئىلى بېگى»، «ئىلى ئەركىنى»، «ئىلى كاتىبى» ۋە ياغما، چىگىل بەگلىرى ئەمەلىيەتتە «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭ باشلىقلىرى، ئىچكى - تاشقى ئىشلىرى بويىچە ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرىدىغان ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلار، بەگلەر، پۈتۈكچىلەر، ئالىملار، پەيلاسوپلار ۋە ئەقلى ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نامىدىن بېرىلگەن بايانلار ۋە توختالغان مەسىلىلەر ئېينى زاماندىكى «ئىلى بەگلىكى»نىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەر، كەسپىي ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك شەرتلەر، دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بىزگە مەلۇمكى، مۇنداق كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بايانلار ھەرگىزمۇ تەسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭ شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملە-نىشى، قۇدرەت تېپىشى، گۈللىنىشى ۋە پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت ناھايىتى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ تارىخىي جەرياندا تەدرىجىي مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى»نىڭ مۇۋەپپە-

قىيەت تەجرىبىلىرى، مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنلىرى شۇنداقلا «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي بازىسى، ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنىڭ سەمەرىسى ۋە زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نىڭ شەكىللىنىش، مۇستەھكەملىنىش، قۇدرەت تېپىش، گۈللىنىش ۋە يىمىرىلىشتىن ئىبارەت پۈتكۈل تارىخىنى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى، كۆرسەتكەن تەسىرىنى بىلىشتە، جۈملىدىن ئىلى دىيارىدىكى قەدىمكى قەۋملەرنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە تايىنىدىغان كۈچلۈك ئاساس.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قايتا - قايتا قەيتقىلىنغان «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نىڭ «ئىلى ئاتلىغى»، «ئىلى بېگى»، «ئىلى كاتىبى»، «ئىلى ئەركىنى»، «ياغما»، «چىگىل» بەگلىرىدىن ئىبارەت ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپۋى، ئەخلاقىي كۆز قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇش، مۇستەھكەملەش، قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە زاۋاللىقتىن ساقلاپ قېلىشتەك تولىمۇ زىل مەسىلىلەرنى تۈپ نۇقتا قىلغان بايانلىرى «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نىڭشانۇ- شەۋكەتلىك سىماسىنى نامايەن قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا يارىتىلغان مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ھاكىمىيەتلەرگە مىزان سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى شۇنداقلا ئۇزاق زامانلارغىچە ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشتىكى مەنىۋى تۈۋرۈك سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇندىن مىڭ يىلغا يېقىنراق ۋاقىت ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا 300 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن قۇدرەتلىك «قاراخانىلار سۇلالىسى» ئاخىرقى دەۋرلىرىدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە پېتىپ قالغانىدى. «قۇتادغۇبىلىك» دەل ئەنە شۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نىڭ تۈرلۈك ئەقلىيە نامىلىرى كۆپلەپ بايان قىلىنغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق «قاراخانىلار سۇلالىسى» نىڭ ئۆتكۈرلەشكەن، كەسكىنلەشكەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى پەسەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مەقسەت قىلىنغانىدى.

«قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» گە دائىر يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نى ئەستايىدىل، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۇ ھەقتە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بىز «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» نى تەتقىق قىلىشتا «قەدىمكى ئىلى بەگلىكى» گە ئائىت يېڭى - يېڭى پاكىتلارنى قېزىپ ۋە ئۇلارنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، تارىخىمىزدىكى ئۈزۈكچەلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. بۇ، نۆۋەتتىكى تارىخ تەتقىقاتىدا ئىشلەش زۆرۈر بولغان خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق خەنزۇچە 1 - سانى.
2. «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1982-يىللىق 2 - سانى.
3. «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى 1 - نەشرى.


(پوچتا نومۇرى: 830002)

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

# گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ

## 4. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

مۇھەممەت ئوسمان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى، نوپۇسى ۋە ئۇنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى، بايلىق ئەۋزەللىكى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ئەھۋالى سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文系统论述伊犁哈萨克自治州的行政区划、人口及民族构成、地理环境、资源优势、社会结构和经济发展等情况。

**Abstract**: In this articla, the writer expounds Systematically the important facts about Yili Kazak Autonomous on its administrative area, the forming of population and minorities, geographic situation, resource advantages, social structure and economic development and so on.

ئىلى قازاق ئاپونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، ئۇرنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80°09′—91°05′ بىلەن شىمالىي كەڭلىك 42°14′ — 49°09′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپى روسىيە بىلەن، غەربىي شىمال ۋە غەرب تەرىپى قازاقىستان بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، سىرتقى دۆلەتلەر بىلەن بولغان چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مىڭ 300 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شەرقى جەنۇبىي تەرىپى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستى بىلەن، جەنۇبى ۋە غەربى جەنۇبىي تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1216 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 769 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 267 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 16% تىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھازىر ئىلى ئوبلاستىغا بىر بىۋاسىتە شەھەر (كۈيتۇن - قاراسۇ)، ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۈچ شەھەر (غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي) ۋە يىگىرمە ناھىيە (غۇلجا، قورغاس، نىلقا، موڭغۇلكۆرە، تې-

---

• مۇھەممەت ئوسمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

كەس، توققۇزتارا، كۈنەس ۋە چاپچال شىۋە ئاپتونوم ناھىيىسى؛ دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، تولى، شىخۇ، ساۋەن ۋە قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى؛ قابا، بۇرچىن، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل) قارايدۇ.

ئىلى ئوبلاستى تەۋەسىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك 4-، 7-، 8-، 9-، 10 - دىۋىزىيىلىرى بار.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىۋە، رۇس، ئۆزبېك، تاتار، مانجۇ، داغۇر، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر بار. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ ساۋەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئون ئىككى پولك مەيدانىنىڭ نوپۇسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىلى ئوبلاستىنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 3 مىليون 621 مىڭ 488 بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %21.80 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. (نوپۇسى 1953 - يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 10 مىڭ 774 بولۇپ، ئىلى ئوبلاستى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %55.52 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتۈن ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ئۇيغۇرلار 577 مىڭ 758 بولۇپ %15.96 نى، قازاقلار 948 مىڭ 474 بولۇپ %26.28 نى، خەنزۇلار 1 مىليون 610 مىڭ 714 بولۇپ %44.48 نى، خۇيزۇلار 294 مىڭ 966 بولۇپ %8.14 نى، قىرغىزلار 17 مىڭ 130 بولۇپ %0.47 نى، موڭغۇللار 66 مىڭ 90 بولۇپ %1.82 نى، شىۋەلەر 31 مىڭ 688 بولۇپ %0.87 نى، رۇسلار 4 مىڭ 601 بولۇپ %0.13 نى، ئۆزبېكلەر 5 مىڭ 25 بولۇپ %0.14 نى، تاتارلار 2 مىڭ 462 بولۇپ %0.07 نى، مانجۇلار 4 مىڭ 118 بولۇپ، %0.11 نى، داغۇرلار 5 مىڭ 517 بولۇپ %0.15 نى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 52 مىڭ 832 بولۇپ %1.46 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئىلى ئوبلاستىنىڭ غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %50.37 تىنى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى %49.63 نى تەشكىل قىلىدۇ. شەھەر نوپۇسى بىلەن يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئاساسەن تەڭلىشىدۇ. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئىچىدە دېھقانلار نوپۇسى %84.36 نى، چارۋىچىلار نوپۇسى %15.64 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى بويىچە ئالغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىرغا 13.5 ئادەم، كۆلىمى چەكلىك بوستانلىقلىرى بويىچە ئالغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 354 ئادەمدىن توغرا كېلىدۇ.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بايلىقى مول، زېمىنى مۇنبەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ۋە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن. بۇ زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەر، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆز يېرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ پارلاق تارىخىنى يارىتىشتا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئىلى ئوبلاستىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن، تارىختىكى ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن ئورتاق كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، شانلىق سەھىپىلەرنى ياراتتى. 1944 - يىلى 9 - ئايدا قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى قامال قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلاشتى ۋە ياردەم بەردى، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى باشقۇرۇشىدىكى مەزگىلدە، غۇلجا شەھىرى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزى، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي رايونلىرىنىڭ ۋالى مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جايى قىلىپ بېكىتىلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بې-

رىلدى ۋە ئارقىدىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولىغا قويۇلۇپ، 1954 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا قازاقلارنى ئاساس قىلغان ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. قىش پەسلى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا قولايسىز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئوبلاستنىڭ قۇرۇلغان كۈنى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە ئۆزگەرتىلدى. غۇلجا شەھىرى ئوبلاستنىڭ مەركىزى قىلىپ بېكىتىلدى.

ئىلى ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى قارلىق تاغ بىلەن ئالتاي تېغى ئارىلىقىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. تەڭرىتاغ بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ ئارىلىقىدا، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پولكىنور، ئىلانقابىرغا، جايىر، بارلىق، ئورقاشار ۋە تارباغاتاي تاغلىرى ئورۇن ئالغان. قارلىق تاغ بىلەن ئىلانقابىرغا تاغلىقىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىلى دەريا ھاۋزىسىغا ئىلى ۋىلايىتى، ئىلانقابىرغا تېغى بىلەن تارباغاتاي تېغىنىڭ ئارىلىقىدىكى چۆچەك ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى پەس تاغ ـ ئېدىرلىق بەلباغقا تارباغاتاي ۋىلايىتى، تارباغاتاي تېغى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېرتىش ـ ئۇلۇڭگۇر ئىككى دەريا ھاۋزىسىغا ئالتاي ۋىلايىتى جايلاشقان. يەر ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، ئوبلاستنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئېگىز، شەرقىي قىسمى پەس. تەۋەسىدىكى قارلىق تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5 مىڭ 420 مېتىرغا بارىدۇ، پەس جاي ھېسابلانغان قاراسۇ (كۈيتۇن) دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 212 مېتىر كېلىدۇ، ئېگىزلىك پەرقى 5 مىڭ 208 مېتىرغا بارىدۇ. ئوبلاستنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، يەر شەكلىنىڭ ھەر خىل تىپلىرى تېپىلىدۇ. تاغلىق رايون ئوبلاست يەر مەيدانىنىڭ %30.97 نى، ئېدىرلىق %23.33 نى، تۈزلەڭلىك %36.21 نى، قۇملۇق %7.57 نى، سۇ مەيدانى %1.92 نى تەشكىل قىلىدۇ.

ئوبلاست تەۋەسىدە چوڭ ـ كىچىك 208 دەريا ئېقىن بولۇپ، ئۇلار ئىلى دەرياسى، ئېمىل دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ۋە جىمبىنەي دەرياسىدىن ئىبارەت بەش چوڭ سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ، يەر ئۈستى دەريا ـ ئېقىنلىرىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 36 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دەريالار يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ تەخمىنەن %41.63 تىنى ئىگىلەيدۇ. بىراق بۇ سۇدىن يىلىغا 22 مىليارد 98 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئىلى دەرياسى، ئېمىل دەرياسى ۋە ئېرتىش دەريالىرى ئارقىلىق قوشنا دۆلەت قازاقىستانغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. سىرتقا ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان بۇ يەر ئۈستى سۈيى پۈتۈن ئوبلاستتىكى دەريا ـ ئېقىنلىرى يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ %60.05 تىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان %39.95 يەر ئۈستى سۈيى يەنى 14 مىليارد 702 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئوبلاستنىڭ بىردىنبىر پايدىلىنىدىغان سۈيى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چەكلىك يەر ئۈستى سۈيى ئوبلاست تەۋەسىدە تەكشى تارقالمىغان. ئىلى ۋىلايىتى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىگە كۆپرەك مەركەزلەشكەن. يەر ئاستى سۈيى ئوبلاستنىڭ يەر ئۈستى سۈيى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئىلى ئوبلاستىنىڭ يەر ئاستى سۇ ئومۇمىي مىقدارى 15 مىليارد 691 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز يەر ئاستى سۈيى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %27.08 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارى 3 مىليارد 638 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئوبلاست يەر ئاستى سۈيى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %23.19 تىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھازىر ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئېچىپ پايدىلىنىلۋاتقىنى، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ مىقدارىنىڭ %26.59 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوبلاست بويىچە يەر ئۈستى سۇ بايلىقى بىر قەدەر كەمچىل بولغان تارباغاتاي ۋىلايىتىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىلىش مىقدارى خېلى يۇقىرى بولۇپ، ھازىر ئوبلاستتا ئېچىپ پايدىلىنىلۋاتقان يەر

ئاستى سۇيىنىڭ 61.45% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە ئۇلۇغگور، جىلى ۋە قاناس كۆلىدىن ئىبارەت چوڭراق ئۈچ كۆل بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتاي رايونىغا تارقالغان، مەيدانى 1003 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆللەر ئومۇمىي مەيدانىنىڭ 18.22% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. قاناس كۆلىدىن باشقىلىرىنىڭ دەريا سۇلىرىنى تەڭشەش ئىقتىدارى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈيى شورلۇق، ئىچىشكە بولمايدۇ، پەقەت بېلىق بېقىشقا بولىدۇ. قاناس كۆلى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر تاتلىق سۇلۇق كۆل. تارباغاتاي تەۋەسىدىكى ماناس كۆلىمۇ ئەينى ۋاقىتلاردا تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان بەلگىلىك كۆلەم (550 كۋادرات كىلومېتىر) غا ئىگە، سۈيى شور قومۇشلۇق كۆل ئىدى، 50 - يىللاردىن باشلاپ سۇ مەنبەئىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن تەدرىجىي قۇرۇپ، خەرىتىدىن يوقىلىشقا باشلىدى. بۇلاردىن باشقا، مۇزلۇقلارنىڭ مەيدانى 3 مىڭ 269 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلىرىنىڭ سۇ زاپىسى تەخمىنەن 123 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. بۇ، دەريا سۇلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى. لېكىن ئېگىز تاغ مۇزلۇقلىرى ئانچە تەكشى تارقالمىغان، ئوبلاستتىكى مۇزلۇقلارنىڭ 91.34% تى ئىلى رايونىغا تارقالغان. دەريالىرىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى مول. ئېلېكتىر توكى ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان دەريالىردىن 18 ى بار، بۇ دەريالار سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپاس مىقدارى 420 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاقلىق خاراكتېرىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىمات تىپىغا كىرىدۇ، لېكىن جۇغراپىيىلىك تەڭلىك ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە يەر شەكلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كىلىماتىنىڭ ئىچكى پەرقى بىر قەدەر چوڭ. بۇ پەرق ئاساسەن ئوبلاستىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ، تۈزلەڭلىك ۋە دەريا ۋادىلىرى بىلەن تاغلىق رايونلارنىڭ كىلىماتىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. تۈزلەڭلىك ۋە دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلغاندا، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئىلى رايونىدا 8°C قا، تارباغاتاي رايونىدا 5°C — 7 قا، ئالتاي رايونىدا 2°C — 5 قا بارىدۇ؛ 7 - ئايلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئىلى رايونىدا 23°C، تارباغاتاي رايونىدا 24°C، ئالتاي رايونىدا 22°C، 1 - ئايلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئىلى رايونىدا -9°C، تارباغاتاي رايونىدا -10°C، ئالتاي رايونىدا -14°C. دېمەك ياز پەسلىدە ئوبلاستىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ پەرقى كىچىك، قىش پەسلىدىكى پەرقى چوڭ بولىدۇ. سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10°C قا تەڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولىدىغان جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى ئىلى رايونىدا 3500°C — 3700 قا، تارباغاتاي رايونىدا 2800°C — 3500 قا، ئالتاي رايونىدا 2600°C — 2800 قا بارىدۇ؛ قىروسىز مەزگىلى ئىلى رايونىدا 180 كۈندىن كۆپ بولۇپ، تارباغاتاي رايونىدا 150 — 200 كۈنگە، ئالتاي رايونىدا 120 — 140 كۈنگە بارىدۇ. دېمەك، ئىسسىقلىق جەنۇبتىن شىمالغا كېمىيىپ، قىروسىز مەزگىلى قىسقىراپ بارىدۇ. شۇڭا زىرائەت قۇرۇلمىسى ئاددىيلىشىپ سالقىننى ياخشى كۆرىدىغان زىرائەتلەرنىڭ نىسبىتى كۆپىيىپ بارىدۇ. ئىلى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا جايلارغا قارىغاندا، گەرچە ھۆل - يېغىن بىر قەدەر كۆپ رايون ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ ئوبلاست تەۋەسىدىكى رايونلۇق پەرقى ئىنتايىن چوڭ. بۇ پەرقلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، ئادەتتە جەنۇبىدا كۆپ، شىمالىدا ئاز؛ تاغلىق رايونلاردا كۆپ، تۈزلەڭلىكلەردە ئاز؛ غەربىي قىسمىدا كۆپ، شەرقىي قىسمىدا ئاز بولۇپمۇ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چەتلىرىدىكى جايلاردا ناھايىتى چوڭ. مەسىلەن، ئىلى رايونىدا 200 — 800 مىللىمېتىرغا، تارباغاتاي رايونىدا 200 — 400 مىللىمېتىرغا، ئالتاي رايونىدا 200 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

ئىلى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىزدا سۇ - تۇپراق شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى مول، تەرەققىيات تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن مۇنبەت زېمىن. ئوبلاست تەۋەسىدە دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېرى تەخ-

مىنەن 2 مىليون گېكتار بولۇپ، ئوبلاست ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %7.48 تىنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانچىلىقتا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرنىڭ %21.43 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 676 مىڭ 180 گېكتارغا يېتىپ، دېھقانچىلىقتا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېرىنىڭ %81.33 تىنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ %27.67 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. بوز يەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن يەر بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى يەنىلا زور.

ئوبلاستىنىڭ تۆت پەسىللىك ئوتلاقلىرىنىڭ مەيدانى چوڭ، ئوت - چۆپلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئوتلاقلىرىنىڭ چارۋا - مال سىغىمى يۇقىرى، ئوتلاقلىرىنىڭ مەيدانى 19 مىليون 200 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي ئوتلاق مەيدانىنىڭ %40 تىنى، ئىلى ئوبلاست يەر مەيدانىنىڭ %71.80 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەڭ زور چارۋا - مال سىغىمى 36 مىليون قوي بىرلىكىگە يېتىدۇ.

ئوبلاستىنىڭ ئورمانلىرى ئاساسەن تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تاغلىرىغا مەركەزلەشكەن، ئورمان مەيدانى 825 مىڭ گېكتارغا بارىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئورمانلىرى پۈتۈن ئورمان مەيدانىنىڭ %64.24 تىنى، تۈزلەڭلىك ئورمانلىرى %35.76 نى تەشكىل قىلىدۇ، ئورمانلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئەڭ ئاساسلىقلىرىدىن قىزىل قارىغاي، شەمشات، بالقارىغىيى، قېيىن، تېرەك، قارىياغاچ، تال (سۆگەت) لەر بار. ئوبلاستىنىڭ ئورمان مەيدانى، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي ئورمان مەيدانىنىڭ %16.96 تىنى، ئىلى ئوبلاستى يەر مەيدانىنىڭ %3.09 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمانىنىڭ قاپلاش دەرىجىسى تۆۋەن، ئاران %4.2 كېلىدۇ.

ئوبلاست تەۋەسىدە ئىقتىسادىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى كۆپ؛ بايلىقى مول، ئاساسلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن سۈلەۋسۇن، ئاق تۈلكە، كۆك تۈلكە، بۇلغۇن ئېيىق، قارا تايغان بۇغا، ئېيىق، قار بولغۇنى، سۇغۇر، ئاق سۇسەر، تۇندىرا كەكلىكى، ئۇلار، چىل، سۇ بولغۇنى، قاما، ئىپار چاشقىنى، قۇندۇز قاتارلىقلار بار. تىبابەتچىلىكتە دورا ئورنىدا پايدىلىنىلىدىغان ئاساسلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن ئەنجۈدان، سوغۇگۇل، چۈچۈك بۇيا، چوغلۇق، قان تېپەر، ئالىقات، چاكاندا، ئەڭلىكئوت، جىنتىيانا، قارلەيلىسى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆنەس، توققۇز تارا، قورغاس، چاغانتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ تاغلىرىدا، قوغدىلىپ كېلىنىۋاتقان بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە ياۋايى ئالمىزارلىق، بادامزارلىق، ياڭاقزارلىق ۋە ئۆرۈكزارلىقلار بار.

ئوبلاستىنىڭ دەريا ۋە كۆللىرىدە مول سۇ مەھسۇلات بايلىقى بار، پەقەت ئىلى دەرياسى بىلەن ئېرتىش دەرياسىدىلا كارب بېلىقى، ئوستېر بېلىقى، ئوكۇن بېلىقى قاتارلىق 20 تۈردىن ئارتۇق بېلىق ياشايدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوستېر بېلىقى چوڭراق بولۇپ، ئادەتتىكىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 15 — 25 كىلوگرامغا، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئېشىپ، ئېغىرلىقى 150 كىلوگرامغا يېتىپ بارىدۇ. ئوبلاستىنىڭ كان بايلىقى ناھايىتى مول، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرى كۆپ، كان بايلىقلىرىنىڭ يۈرۈشلىشىشى بىر قەدەر تولۇق. ھازىرچە تېپىلغان كان بايلىقلىرى 78 تۈردىن ئارتۇق بولۇپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تېپىلغان كان تۈرىنىڭ %63.93 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلانغان، ئەۋزەل كان بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قەلەي، قوغۇشۇن، ئۇران، ۋولفورم، خروم، بېرىللىي، لىتىي، نېكېل، نىئوبىي، نېفىت، گۈڭگۈرت، چىرىمتال، خرۇستال ۋە ياقۇت قاتارلىقلار بار.

ئىلى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازىلارنىڭ بىرى. ئىگىلىكىدە يېزا ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا، سانائەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يېزا ئىگىلىكى كەسىپىي قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق تەڭشەلگەن، بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە ئىگە، ئاساسى پۇختا، يەرلىك ئەۋ-

زەللىكى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت كۆپ خىل يېزا - قىشلاق ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك. يېزا - قىشلاق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئوبلاستنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، ئاھالىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلىپى ۋە زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك خام ئەشيالىرىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسپىي ساھەلەرنى كۆچەيتتى: ئاشلىق، چارۋىچىلىق، مايلىق زىرائەت، قىزىلچا قاتارلىق تاۋار بازىلىرى قۇرۇلۇشى تېزلەشتۈرۈلۈپ، ئوبلاست يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسى ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلىپى بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، يۇڭ - توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، كۆن - خۇرۇم، شېكەرچىلىكتىن ئىبارەت يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 157 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1994 - يىلدىكىدىن 5.38% ئاشقان. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن ئوبلاستنىڭ سانائەت — يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 48.75% نى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇ يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 17.33% نى ئىگەللىگەن. 1949 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىن 3.34 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. قۇرۇلمىسى تەڭشەلگەن تۆت كەسپىي ساھەنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئىلى ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە بەلگىلىك نىسبەتنى، يەنى دېھقانچىلىق 58.39% نى، چارۋىچىلىق 39.0% نى، ئورمانچىلىق 1.77% نى، بېلىقچىلىق 0.83% نى ئىگەللىگەن. دېمەك، ئىلى ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىگەن.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ يەر مۇنبەت، سۇ تۇپراق ۋە ئىسسىقلىق شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، تېرىقچىلىققا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلىرى ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا ئوبلاستنىڭ دېھقانچىلىقىدا ھازىرقى تېرىلغۇ يېرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ئېشىش ئېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شارائىتى ئاساسىدا، زىرائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، كېۋەز، قىزىلچا، مايلىق دان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. ھازىر دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى كەسىپلىشىش، تاۋارلىشىش، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئوبلاستنىڭ ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 676 مىڭ 100 گېكتار، 1995 - يىلى 364 مىڭ 800 گېكتار (ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ 53.96%) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 205 مىڭ گېكتار (30.41%) يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت، 11 مىڭ 500 گېكتار (1.70%) يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، 1 مىليون 596 مىڭ 400 توننا ئاشلىق، 227 مىڭ 200 توننا مايلىق دان، 41 مىڭ 300 توننا پاختا ۋە 903 مىڭ 100 توننا كۆكتات ئىشلەپچىقاردى.

ئىلى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ زور چارۋىچىلىق رايونى، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۇزۇن. ئۇ، ئوبلاستنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىقتىن قالسىلا، مەھسۇلات قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى، ئوتلاق چارۋىچىلىقى ئاساس، يېزا قىشلاق چارۋىچىلىقى نۇقتا قىلىنغان ئاساسىي كۈچلۈك، بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە ئىگە ئىككىنچى چوڭ ئىگىلىك. پۈتۈن ئوبلاست تەۋەسىدە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ناھىيىدىن 13ى، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ناھىيىدىن يەتتىسى بار، بۇلار پۈتۈن ئوبلاستتىكى شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ 83% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1995 - يىلدىكى چارۋا - ماللىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىليون 693 مىڭ تۇياققا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇ

يىلدىكى مال - چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 28.60% تىنى تەشكىل قىلدى. چارۋىچىلىقتا شۇ يىلى 163 مىڭ توننا گۆش، 238 مىڭ توننا سۈت، 19 مىڭ 600 توننا قوي يۇڭى، 506 مىڭ 539 پارچە كالا تېرىسى، 3 مىليون 790 مىڭ 195 پارچە قوي تېرىسى ئىشلەپچىقاردى.

قىسقىغىنە 48 يىل ئىچىدە يېڭى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن بېرى، يېقىنلاردىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە يېڭى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يەرلىك ئەۋزەل بايلىق مەنبەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئاساس قىلغان يېڭى - بازار كارخانىلىرى بارلىققا كېلىپ، يېڭى - قىشلاق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، يېڭى ئىگىلىكنىڭ ئاددىي كەسپىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئىگىلىكنىڭ يۇرۇشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا ئىگە، كۆپ خىل كەسپىي ،ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يېڭى ئىگىلىكى تايانچ قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي گەۋدىگە قاراپ راۋاجلىنىش قەدىمىنى تېزلەتتى، ھازىر ئوبلاست تەۋەسىدىكى كۆلىمى ھەر خىل يېڭى - بازار كارخانىلىرىنىڭ سانى راۋاجلىنىپ 58 مىڭغا يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى يېڭى ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ 27% نى تەشكىل قىلدى. بۇ يېڭى — بازار كارخانىلىرىنىڭ 1995 - يىلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 296 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ دۆلەتكە زور پايدا يەتكۈزدى.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇياقى سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولدى. ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى زورايدى، يەرلىك بايلىق ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، سانائەت قۇرۇلمىسى ۋە كەسپىي قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلاشقان، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، يۇرۇشلەشكەن سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. ئوبلاست تەۋەسىدە سانائەت كارخانىلىرى 15 مىڭغا يېتىپ، ئۇلار ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى ئوبلاستىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىلەن يېڭى ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 51.25% نى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 9.46% تىنى ئىگىلىدى. ئوبلاستىنىڭ 1995 - يىلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1949 - يىلدىكىدىن 501.5 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە يېنىك سانائەت 60.85% نى، ئېغىر سانائەت 39.15% ئىگەللەيدۇ. ئاساسلىق يەرلىك سانائەت تارماقلىرىدىن رەڭلىك مېتال، مېتاللورگىيە، ماشىناسازلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، كۆمۈرچىلىك، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائەت، تۇز ئېلىش، توقۇمىچىلىق (يۇڭ، پاختا ۋە كەندىر توقۇمىچىلىقى)، شېكەر ئىشلەش، يېمەكلىك، ھاراق ئىشلەش، قەغەزچىلىك، كۆن - خۇرۇم، ئاشلىق، ماي ۋە يەم - خەشەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سانائەتلىرى بار. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، سېمونت، ئالتۇن، پاختا، يىپ، نىلون، قەنت - شېكەر، قەغەز، ھەر خىل كونسېرۋا، ئىچىملىك — ھاراق، سۈت مەھسۇلاتلىرى، خۇرۇم، يۇڭ ۋە تېرىدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار، ئاياغ كىيىم، كىيىم - كېچەك، گىلەم قاتارلىقلار بار. 70 خىلغا يېقىن سانائەت مەھسۇلات بۇيۇملىرى مەملىكەتلىك، مىنىستىرلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى سانائەت تارماقلىرى 1995 - يىلى 998 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4 مىليون 591 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 624 مىڭ 800 توننا سېمونت، 50 مىڭ 900 توننا تۇز، 2 مىڭ 593 كىلوگرام ئالتۇن، 192 مىڭ كىشىلىك خۇرۇم ئاياغ، 5 مىليون 344 مىڭ 500 مېتىر نېلون، 914 مىڭ 650 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق، 105 مىڭ توننا شېكەر - قەنت، 4 مىڭ 602 توننا سۈت پاراشوكى، 71 مىڭ 218 توننا يېمەكلىك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. كېيىنكى مەزگىللەردە توقۇمىچىلىق،

شبكەر ئىشلەش، يىمەكلىك، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەييارلاش، ئالتۇن ۋە رەڭلىك مېتال سانائەتلىرى پۈتۈن ئوبلاستنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسىدا تايانچ كەسىپى ساھە بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلاھات — ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئىلى ئوبلاستىنىڭ قاتناش ترانسپورت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، تاشيول ترانسپورتى ئاساس، تۆمۈر يول ترانسپورتى قوشۇمچە، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى تولۇقلىما قىلىنغان ستېرېئولۇق ترانسپورت سىستېمىسى شەكىللەندى، ئىلى ئوبلاستى تەۋەسىدە ئاپتوموبىل قاتنايدىغان ئۆلچەملىك تاشيوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 مىڭ 272 كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۆلچەملىك ئومۇمى تاشيول ئۇزۇنلۇقىنىڭ 24.0% تىنى ئىگەللەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تاشيول 20.78% نى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تاشيول 34.03% نى، ناھىيە دەرىجىلىك تاشيول 35.51% نى، مەخسۇس تاشيول 9.68% نى ئىگەللەيدۇ. بۇ يوللاردا 15 مىڭ 215 يۈك ۋە يولۇچىلار ئاپتوموبىلى قاتناپ تۇرىدۇ. 1995 - يىلىدىكى يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 195 مىليون 160 مىڭ ئادەم كىلومېتىرغا، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 1 مىلياد 837 مىليون 450 مىڭ توننا كىلومېتىرغا يەتتى. تاشيوللىرى غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا چۆچەك شەھىرى، ئالتاي شەھىرى، كۈيتۇن شەھەرلىرى ئارقىلىق تەۋەسىدىكى 20 ناھىيە بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ ناھايىتى زور قاتناش تورىنى ھاسىل قىلدى. ئۈرۈمچى — ئىلى تاشيولىدىن ئىبارەت شىمالىي شىنجاڭ تاشيول غول لىنىيىسى ئىلى ئوبلاستىنى شىمالىي شىنجاڭدىكى قوشنا شەھەرلەر بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. 1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرى بىلەن قازاقىستاننىڭ يەركەت شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 132 كىلومېتىر كېلىدىغان خەلقئارالىق تاشيولدا يولۇچىلارنى بىۋاسىتە توشۇش تىجارىتى باشلاندى، بۇ جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى دوستانە بېرىپ - كېلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاسىيا - ياۋروپا قورۇقلۇقى 2 - چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلىكى — شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئوبلاست تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ يولدا قاتناشنىڭ باشلىنىشى، ئوبلاستتا ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ بېسىمىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يەڭگىللەشتۈرۈپ، ماددىي ئەشيالارنىڭ توشۇلۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش بىلەن بىرگە ئوبلاست ئىقتىسادىنىڭ سىرتقا يۈزلىنىش قەدىمىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

خەلق ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى ئوبلاست قاتناش ترانسپورتىنىڭ مۇھىم تولۇقلىما تەركىبىي قىسمى. ھازىر غىچە، چۆچەك ئالتاي ۋە كۆكتوقايدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر بىر ناھىيىدە ئايرودروم بار، بۇ تۆت ئايرودروم غۇلجا ھاۋا يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچى ئايرودرومى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى يولۇچى ۋە يۈكلەرنى توشۇشتىن سىرت، يەنە گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش، كان قىدىرىش، يەر ئۈستىنى رەسىمگە ئېلىش، قۇتقۇزۇش، ئورمانلارنى قوغداش، ئوت - چۆپ تېرىش ۋە سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش قاتارلىق مەخسۇس ئۇچۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيدۇ.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، ھازىر غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي ۋە كۈيتۇن شەھەرلىرىنى مەركەز قىلغان، كۆپ خىل ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىغا ئىگە پوچتا - تېلېگراف تورى شەكىللەندى. پروگراممىلىق تېلېفون سىغىمى 184 مىڭ 200 گە يېتىپ، ئوبلاست ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون يولغا قويۇلدى. ئوبلاستنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەر بىلەن بولغان پوچتا تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشى ۋە تاۋار ئىستېمالىنىڭ جىددىي ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئوبلاستنىڭ ئىستېمال تاۋار بازىرىدا گۈللىنىش بارلىققا كەلدى، ئىستې-

مال تاۋارلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيدى، سودا - سېتىقنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى، تاۋار ئوبوروتى جانلاندى، ھەمدە بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە شەھەر بىلەن يېزا - قىشلاق بىرلەشكەن سودا بازىرى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 556 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇ يىلدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 17.99% تىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلار $\frac{1}{3}$ نى تەشكىل قىلدى.

ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئوبلاست ئىقتىسادىنىڭ سىرتقا يۈزلىنىش قۇرۇلمىسى كۈچەيتىلىپ، تاشقى سودا قەدىمى تېزلەشتى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، سودا شېرىكلىرى كۆپەيدى. 1992 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىدىن ئىككىسى قۇرۇلدى. ھازىر شىنجاڭدىن قازاقىستانغا ئېچىۋېتىلگەن ئالتە چېگرا ئېغىزىنىڭ بەشى ئىلى ئوبلاستىدا، بۇلارنىڭ ئىچىدە قورغاس، باقتى ئېغىزلىرىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ئاساسىي ئەسلىھەلىرى تولۇقراق بولۇپ، دائىملىق ئېغىزغا، قالغان جېمىنەي، ئاقتۆبە، دولانتۇ، مۇزات قاتارلىق تۆت ئېغىز ئىككى تەرەپنىڭ پەسىللىك مال ئۆتكۈزۈش ئېغىزىغا كىرىدۇ. 1995 - يىلى چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ماللار 570 مىڭ تونناغا، چېگرىدىن ئۆتكەن ساياھەتچى ۋە مال سېتىۋالغۇچىلار 758 مىڭ 700 ئادەم قېتىمغا يەتتى. غۇلجا ۋە چۆچەكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوبلاست ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. 1995 - يىلى يېڭىدىن قوشۇلغان ئىككى تەرەپ مەبلەغ سالغان تۈر 11 بولۇپ، مەبلەغ سوممىسى 12 مىليون 520 مىڭ دوللار بولدى، تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 239 غا يەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ راۋاجلىنىشى، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 1995 - يىلغا كەلگەندە، ئوبلاستتا پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش ئورگانلىرى 28 گە، پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرى 135كە، كەسپىي تېخنىك خادىملار 72 مىڭ 305 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكىلەر 1.62% نى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكىلەر 14.95% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرى 38 مىڭ 515 كە يېتىپ، پۈتۈن كەسپىي تېخنىك خادىملارنىڭ 53.6% تىنى ئىگەللىدى. يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى 316 تۈردىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز تۈر دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 73 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، قالغانلىرى ئوبلاست ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بۇلارنىڭ ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 600 مىليونغا يېتىپ، پايدىسى 200 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.

ئىلى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىزدا مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر بالدۇر راۋاجلانغان جايلارنىڭ بىرى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابى ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. بۇ مەزگىلدە 100 گە يەتمەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 489 غا كۆپەيگەن، ئوتتۇرا مەكتەپ 13 كە يەتكەن. 1946 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە سىياسىي قانۇن، چارۋىچىلىق، مالىيە - بۇغالتىرلىق، پېداگوگىكا قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالىي تېخنىكوم — بىلىم يۇرتى قۇرۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە توغرا يېتەكچىلىكىدە، ئوبلاستنىڭ مائارىپ ئىشلىرى زور تەرەققى-

ياتقا ئېرىشتى. ھازىر ئوبلاست بويىچە بىر قەدەر
مۇكەممەللەشكەن باشلار مائارىپى، باشلانغۇچ مائا-
رىپ، ئالىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان كۆپ قاتلاملىق مائارىپ سىستېمى-
سى بارلىققا كەلدى. 1995 - يىلى ئىلى ئوبلاستى-
دىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 1 مىڭ 568 (مىللىي
مەكتەپ 795)، ئوقۇغۇچىسى 462 مىڭ 900
(مىللىي ئوقۇغۇچىلار 248 مىڭ 900)، ئوتتۇرا
مەكتەپ 405 (مىللىي مەكتەپ 205)، ئوقۇغۇ-
چىسى 158 مىڭ 300 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 87
مىڭ)، ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 8
مىڭ 981 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 3005). ئالىي
مەكتەپ 1، ئوقۇغۇچىسى 1 مىڭ 937 گە يەتتى.

ئوبلاستنىڭ سەھىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي
قىلىپ، دوختۇر ئاز، دورا كەمچىل بولۇشتەك
قالاق ئەھۋالى ئۆزگەردى. 1995 - يىلى ئوبلاست
تەۋەسىدە تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى 956 (بۇنىڭ
ئىچىدە دوختۇرخانا 322) گە، تىببىي تېخنىكا خا-
دىملىرى 18 مىڭ 320 گە، كېسەل كارۋاتلىرى
13 مىڭ 28 گە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر
مىڭ كىشىگە 4.6 كېسەل كارۋىتى، 5.1 تىببىي
تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى.

ئوبلاست تەۋەسىدە تەبىئىي مۇھاپىزەت قىلىن-
ىدىغان رايوندىن سەككىزى بار. بۇلار ئالتاي را-
يونىدىكى قاناس كۆلى تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت
رايونى، بۇرگېن قاما مۇھاپىزەت رايونى؛ تارباغا-
تاي رايونىدىكى ياۋا بادام ۋە ياۋا ئورۇكلۇك مۇھاپى-
زەت رايونى، سۆكسۆك چاتقاللىقى مۇھاپىزەت را-
يونى؛ ئىلى رايونىدىكى شەمشاتلىق مۇھاپىزەت را-
يونى، ياۋا ياڭاقلىق مۇھاپىزەت رايونى، كىچىك
يوپۇرماقلىق ئەرمىدۇن مۇھاپىزەت رايونى ۋە تۆت
تىرناقلىق قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى مۇھاپىزەت رايون-
لىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئومۇمىي مەيدانى 424
مىڭ 667 گېكتار كېلىدۇ. بۇ، ئوبلاست يەر
مەيدانىنىڭ 1.59% تىنى ئىگەللەيدۇ.

ئىلى ئوبلاستى تەۋەسىدە ماكانلىشىپ كەلگەن
قېرىنداش مىللەتلەر ئۇزۇن يىللاردىن بويان بۇ
مۇنبەت گۈزەل تۇپراقتا ياشاپ پارلاق مەدەنىيەت
يارىتىپ، كېيىنكىلەرگە نۇرغۇن قىممەتلىك قە-
دىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى. قەدى-
كى مەدەنىيەتنى ئەسلىتىدىغان قىياتاش رەسىملى-
رى، تاش ئابىدە ۋە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى
ئوبلاستنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن.
بۇ مەدەنىي يادىكارلىق ئىزلىرى ئىچىدە، قىياتاش
رەسىملىرى كۆپرەك تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرى-
غا، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ئىلى رايونىغا
مەركەزلەشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرى-
دىن ئىلى بالىق شەھىرى خارابىسى يەنى ئالتۇن-
لۇق، قاينۇق قەدىمكى شەھىرى، شۇتا قەدىمكى
شەھىرى خارابىسى، ئېمىل قەدىمكى شەھىرى خا-
رابىسى، ئالمىلىق قەدىمكى شەھىرى، دۆربىلجىن
قىيا تاش رەسىمى ۋە تاش ئابىدىسى، چاغانتوقاي
قىزىل تاش بۇلاق قىيا تاش رەسىمى، چىڭگىل
قىياتاش رەسىمى، ئالتاي قىياتاش رەسىمى ۋە بال-
باللار، سۇلتان ئۆۋەيسخان مازىرى، تۇغلۇق تۆ-
مۇرخان قەبرىسى، قەدىمكى ئۇيسۇنلار قەبرىسى ۋە
بالباللار، يېقىنقى زامان يادىكارلىق ئىزلىرىدىن
ئالتۇن قۇبىلىق بۇتخانا خارابىسى، سۇيدۇڭ كۆ-
رەدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسى، بەيتۇللا جامەسى
بار. بۇلاردىن باشقا يەنە نىلقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ خاتىرە ئورنى، غۇلجا شەھىرىدىكى
ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قەھرىمان-
لار قويۇلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قۇربانلىرى
كۆرگەزمىسى جايلاشقان خەلق باغچىسى بار.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


伊力哈萨克自治州概况,1984 年 8 月.

新疆年鉴,1996,新疆人民出版社,1996 年 8 月.

新疆经济开发的现在与未来,经济管理出版社,1996 年 8 月


(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق قۇرۇلما توغرىسىدا

نەسرۇللا يولبولدى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدى-
كى فونېتىكىلىق قۇرۇلما — بوغۇمنىڭ ھاسىل بولۇشى، بوغۇمدىكى
تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە بىرىكىش ئەھۋالى، تۈپ سۆز-
لەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا بوغۇمدا كۆرۈلىدىغان ھەر خىل ئۆزگىرىش-
لەر ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文以大量实例为依据,论述现代维吾尔语的语音结构,包括音节的形成,音素在音节中按照和谐律组合的情况,根词与词缀组合时产生的各种音变等问题。

**Abstract**: In this article, by using a great deal of practical examples, the writer give a description about the phonetics structure of modern Uyghur language including the forming of syllables, the phoneme in the syllables forming in a harmonious group, and the various changes of sound produced when combining the base word with the affix.

شۋېتسارىيىلىك تىلشۇناس سوسسۇر (1857
— 1913) «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق كورسى» نام-
لىق ئەسىرىدە: «تىل بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر»
دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ نەزەرى-
يە ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىدا تىلنىڭ قۇرۇلما
جەھەتتىكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ
بېرىشتە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. شۇڭا بۇ
نەزەرىيە بويىچە تىل قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغۇ-
چىلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، بولۇپمۇ دۇنيا ئا-
توم ـ ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەمقويغاندىن كېيىن،
تىلنى ھەر خىل ئېلېكترونلۇق ماشىنىلارغا ئورۇن-
لاشتۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغاچقا تىلنىڭ قۇرۇلما
تىپلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇ خىل تەتقىقاتقا
كۆڭۈل بۆلۈش ناھايىتى كۆپ تىلشۇناسلارنى ئۆزى-
گە جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تىلشۇناسلىقنىڭ
«قۇرۇلما تىلشۇناسلىق» دېگەن چوڭ بىر تارمىقى
بارلىققا كەلدى.

«قۇرۇلما تىلشۇناسلىق» نۇقتىئىنەزەرى بو-
يىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇرۇلما تىپ-
لىرىنى تەتقىق قىلىش ھازىرقى دەۋرنىڭ (ھازىر-
قى زامان ئۇيغۇر تىلىنى زامانىۋى ماشىنىلارغا
ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ) ئېھتىياجى ۋە تەلىپى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى-
دىكى تىل بەلگىلىرىنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى ئۈستى-

* نەسرۇللا يولبولدى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

دە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر.

بىز بۇ ماقالىدە، بەلگە دېگەن نېمە، تىل بەلگىسى دېگەن نېمە، تىل بەلگىسىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى نېمىلەردىن ئىبارەت، تىلدىكى قانداق بىرلىكلەر تىل بەلگىسى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە، ئاندىن تىل قۇرۇلمىسى دېگەن نېمە، تىلدا قانداق قۇرۇلما تىپلىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بەلگە دېگىنىمىز، مەلۇم شەيئى ۋە ھادىسىنى ۋەكالىتەن كۆرسىتىدىغان ئالامەتتۇر. تىلدىمۇ مۇئەييەن جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق ئادەتلەنگەن بەلگىلەر بولىدۇ. چۈنكى تىلدا مەلۇم تاۋۇش شەكلى ئارقىلىق مەلۇم شەيئى، ھادىسە ياكى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ھەم خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىقلار ئىپادىلىنىدۇ. ئەنە شۇ تاۋۇش شەكلى ئۆزى ئىپادىلىگەن شەيئى، ھادىسە، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە ھەرىكەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا مەلۇم تاۋۇش شەكلى ئارقىلىق شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەم ھەرىكىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەر تىل بەلگىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. تىل بەلگىلىرى تاۋۇش بىلەن مەنادىن تەركىب تاپىدۇ. تاۋۇش بەلگىنىڭ شەكلى بولسا، مەنا شۇ تاۋۇش شەكلى ۋەكىللىك قىلىدىغان شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت ھەم ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىدۇر. تىل بەلگىلىرىنىڭ شەكلى بىلەن مەنىسىنىڭ بىرلىشىشى شۇ تىلنى قوللانغۇچى ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ئىجتىمائىي ئادىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ھەر خىل بەلگىلەر ئىچىدە تىل بەلگىلىرى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ مۇرەككەپ بىر خىل بەلگىدۇر. تىل بەلگىلىرى تىلدىكى مورفېما، سۆز، سۆز بىرىكمىسى، جۈملە ۋە جۈملە بىرىكمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مورفېما تىلدىكى ئەڭ كىچىك بەلگە بولۇپ، ئۇ تاۋۇش بىلەن مەنانىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆز تەبىئىي ھېس قىلىنغىلى بولىدىغان ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينايدىغان ھەم مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆز بىرىكمىسى بولسا، جۈملە ئېھتىياجىغا ئاساسەن سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ، جۈملىدە بىر سۆزدەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينايدىغان بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۈملە يۇقىرىقى بەلگىلەرنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان بەلگىلەر تىزمىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى، جۈملە بىرىكمىسى بولسا، لوگىكىلىق باغلىنىشى كۈچلۈك جۈملىلەردىن ھاسىل بولغان بىر مەنالىق مەركەزگە ئىگە ئەڭ چوڭ تىل بەلگىسىدۇر.

تىل بەلگىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى تاۋۇش بىلەن مەنانىڭ بىرىكىش ئىختىيارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئىختىيارلىق مەلۇم جەمئىيەت كوللېكتىپى تەرىپىدىن كېلىشىلگەن (ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريان ئىچىدە تەدرىجىي يوسۇندا ئىجتىمائىي ئادەت سۈپىتىدە شەكىللەنگەن) بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ قانداق تاۋۇش بىلەن قانداق مەنانى ئىپادىلەشكە قارىتىلغان. تىل بەلگىلىرىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى دۇنيادا نەچچە مىڭ خىل تىلنىڭ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبتۇر. تىل بەلگىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى زەنجىرسىمانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى تىل بەلگىلىرى خۇددى زەنجىرنىڭ ھالقىلىرىدەك بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ چىقىدۇ، ھەرگىزمۇ بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە بەلگە بىراقلا چىقمايدۇ. شۇڭا تىل بەلگىلىرى يەككە - يېگانە، بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولماستىن، بەلكى بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان رەتلىك، تەشكىللىك بىر قۇرۇلما سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قاتلاملىق بولۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا ھەرقانداق تىلنى فونېما ← مورفېما ← سۆز ← سۆز بىرىكمىسى ← جۈملە ← جۈملە بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان قاتلاملىق قۇرۇلما سىستېمىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل قاتلاملىق قۇرۇلما سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىمى تىلدىكى بىر يۈرۈش فونېمىلاردىن ئىبارەت. چۈنكى ھەرقايسى تىللاردىكى فونې-

ملار ئارقىلىق شۇ تىلدىكى تىل بەلگىلىرى ئۇچۇن شەكىل تەييارلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق تىلنىڭ قۇرۇلما سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ ئاۋۋال شۇ تىلدىكى فونېمىلارنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن تىلىمىزدىكى فونېمىلارنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارى تېخى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمايۋاتىدۇ. تىلىمىزدىكى چەكلىك فونېمىنىڭ چەكسىز بىرىكىشى ئارقىلىق بوغۇم، سۆز، سۆز بىرىكمىسى، جۇملە، جۇملە بىرىكمىسى قاتارلىق قۇرۇلما بىرلىكلىرى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما بىرلىكلىرى ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى بوغۇم ئارقىلىق سۆز، سۆز ئارقىلىق سۆز بىرىكمىسى ، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى ئارقىلىق جۇملە، جۇملە ئارقىلىق جۇملە بىرىكمىسى ھاسىل بولىدۇ. تىلىمىزدىكى فونېمىلارنىڭ قانۇنىيەتلىك بىرىكىشى ئارقىلىق ئەڭ ئاۋۋال تىلىمىزدىكى فونېتىكىلىق قۇرۇلما بىرلىكى (بوغۇم) ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا تىلىمىزدىكى 32 فونېمىنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارىنى تىلىمىزدىكى مورفېما ۋە تۈپ سۆزلەردىكى بوغۇم شەكىللىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تىلىمىزدىكى ئەڭ كىچىك قۇرۇلما بىرلىكى ھېسابلىنىدىغان بوغۇملارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە كونكرېت شەكىللىرى تىلىمىزدىكى 32 تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تىلىمىزدىكى ھەرقانداق بوغۇمدا بىر سوزۇق تاۋۇش بولىدىغانلىقى، قوشما سوزۇق تاۋۇش بولمايدىغانلىقى، سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم بولمايدىغانلىقى، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۆز ئالدىغا بوغۇم ھاسىل قىلالمايدىغانلىقى؛ بوغۇم ئاخىرىدا قوشما ئۈزۈك تاۋۇش كەم ئۇچرايدىغانلىقى، بوغۇم بېشىدا قوشما ئۈزۈك تاۋۇش كەلمەيدىغانلىقى، تىلىمىزدىكى بوغۇملارنىڭ ئالتە خىل شەكىلدە بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار تىلىمىزدىكى بوغۇملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. مانا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر تىلىمىزدىكى 32 تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا باغلىق. شۇڭا تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلىشى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشىمىزنى تىلىمىزدىكى 6000 دىن ئارتۇق تۈپ سۆزدىكى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىشتا تاۋۇشلارنىڭ بوغۇم بېشىدا كېلىشى ئاساس قىلىندى. ھەر خىل شەكىللىك بوغۇملاردىكى سوزۇق تاۋۇش A ھەرپ بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش B ھەرپ بىلەن كۆرسىتىلدى. بۇ ھەرپلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن بوغۇم شەكىللىرى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقىمىزنىڭ يېزىلىش تەرتىپى (ئوڭدىن سولغا يېزىلىشى) بويىچە كۆرسىتىلدى.

تىلىمىزدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش تىلىمىزدىكى بوغۇملارنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تىلىمىزدىكى ھەرقانداق بوغۇمدا بىر سوزۇق تاۋۇش بولۇشى، سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم بولماسلىقىدەك ئالاھىدىلىك تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىشتىكى بۇ خىل مۇھىم رولىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. «ئا» تاۋۇشىنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى

تىلىمىزدىكى «ئا» تاۋۇشى تىل ئارقا، لەۋلەشمىگەن كەڭ سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تىلىمىزدىكى تۈپ سۆزلەردە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردىكى بوغۇملارنى ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

(1) «ئا» تاۋۇشىدىن ھاسىل بولغان A شەكىللىك بوغۇم («ئا» تاۋۇشىدىنلا تۈزۈلگەن بوغۇم) بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە كۆرۈلمەيدۇ. كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا كۆپ

كۆرۈلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا ئاز كۆرۈلىدۇ، ئاخىرىدا
بىرنەچچە سۆزدىلا (ئىككى سۆزدىلا) كۆرۈلىدۇ.
مەسىلەن، ئاگاھ، ئامەت، ئاداپ، ئاھالە، ئاداق-
قى، ئامىل، ئاداش، ئامانەت، ئادالەت، ئالا، ئا-
مىن، ئادەت، ئاداۋەت، ئانا، ئادىل، ئاۋارە، ئا-
لەم، ئانار، ئائىلە، ئالەم، ئازار، ئاغىچا، ئامان،
ئازال، ئاغىنە، ئاھالە، ئارام، ئاتىلا، ئاۋاز، ئا-
ۋاق، ئاران، ئاخىرەت، ئاقىۋەت، ئازاپ، ئار-
شالڭ، ئالاقە، ئازادە، ئالامەت، ئازازۇل، ئاما-
نەت، ئاسارەت، ئاسان، ئاناناس، ئانالىز، ئادەم،
ئاياق، ئاشۇ، ئامۇت، ئالۇچا، ئاجىز، ئالىقان،
ئالىي، ئاساس، ئالاقزادە، ئاتا، ئاچال، ئاۋارە،
ئالاھىدە، ئاجىز، ئاجايىپ، ئالىجوقا، ئاگېنت،
ئابستراكت، ئانالگىن، ئاكو شېر، ئابورت، ئاكات-
سىيە، ئاتوم، ئاكادېمىك، ئاتاكا، ئاكوپ، ئامې-
رىكا، ئانارخىيە،...

پائالىيەت، ئىنئانە، سائادەت، شائادەت (نامە)،
مائارىپ، مۇئامىلە...، دۇئا (قىل)، مۇددىئا...

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، «ئا» تاۋۇشىنىڭ كۆپ بوغۇملۇق تۇپ
سۆزلەرنىڭ بېشىدا A شەكىللىك بوغۇم ھاسىل
قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كۆپ بوغۇملۇق تۇپ
سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا A شەكىللىك
بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز.

(2) تىلىمىزدىكى «ئا» تاۋۇشى تىلىمىزدى-
كى بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۇپ سۆزلەردە BA
شەكىللىك (ئالدىدا «ئا» تاۋۇشى كەلگەن، ئاندىن
بىر ئۈزۈك تاۋۇش كەلگەن شەكىلدىكى) بوغۇم
ھاسىل قىلالايدۇ، كونكرېت ئەھۋال تۆۋەندىكى-
دەك:

بىرىنچى، «ئا» تاۋۇشى بىر بوغۇملۇق تۇپ
سۆزلەردە «ب، ت، چ، ر، ز، س، ش، غ، ق،
ڭ، ل، ھ، ي» قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن
بىرىكىپ BA شەكىللىك بوغۇم ھاسىل قىلالايدۇ،
«پ، ج، خ، د، گ، ك، م، ن، ف، ۋ، ژ»
قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BA
شەكىللىك بوغۇم ھاسىل قىلالمايدۇ. بىز كۆزدىن
كەچۈرگەن 6000 دىن ئارتۇق تۇپ سۆزنىڭ ئىچى-
دە تۆۋەندىكى بىر بوغۇملۇق تۇپ سۆزلەردىلا BA
شەكىللىك بوغۇم ھاسىل قىلغانلىقى بۇنى ئوچۇق
ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، ئاب (ھاۋا)، ئات، ئاچ،
ئار (نومۇس)، ئاز، ئاس- (ماق)، ئاش، ئاغ-
(ماق)، ئاق، ئاڭ، ئال- (ماق)، ئاھ (ئىملىق)،
ئاي...

ئىككىنچى، «ئا» تاۋۇشىنىڭ كۆپ بوغۇملۇق
تۇپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا BA شەكىللىك بوغۇم ھا-
سىل قىلىش ئىقتىدارى خېلى كۈچلۈك. چۈنكى
بىز كۆرۈپ ئۆتكەن كۆپ بوغۇملۇق تۇپ سۆزلەردە
«ژ، ھ، گ، ڭ» تاۋۇشلىرىدىن باشقا ئۈزۈك
تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BA شەكىللىك بوغۇم
ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى تۆۋەن-
دىكى مىساللاردا ئوچۇق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن،
ئابدال، ئابروي، ئابزاس، ئاپتاپ، ئاپتور، ئاپ-
قۇت، ئاپتول، ئاپرېل، ئاپقۇر، ئاپلا، ئاپپارات،
ئاپتومات، ئاپتونوم، ئاپتوۋا، ئالغان، ئالقىش،
ئالماش، ئالبوم، ئالتە، ئاتچوت، ئاتلاس، ئاتكرىت-
كا، ئامبار، ئامبال، ئامراق، ئاما، ئامبۇر،
ئامپىر، ئاختا، ئاخشام، ئاخبارات، ئاقسا- (ماق)
، ئاۋغۇست، ئاۋۋال، ئايدىڭ، ئايرى- (ماق)، ئاي-
غىر، ئايرودروم، ئايىنى- (ماق)، ئايۋان، ئاد-
رېس، ئادراسمان، ئادۋوكات، ئادمىرال، ئارپا،
ئارچا، ئارخىپ، ئارزۇ، ئارقار، ئارقىلىق، ئار-
غامچا، ئازگال، ئازنا (جۈمە)، ئاستا، ئاسفالت،
ئاسمان، ئاسسىستېنت، ئاغرى- (ماق)، ئافغان
(مىللەت)، ئافرىقا، ئاجرا- (ماق)، ئاچچىق، ئاك-
تىپ، ئاككومولياتور، ئاشكارا، ئانتانتا، ئانچە،
ئانداق، ئاندىن، ئانكىت، ئانتولوگىيە...

«ئا» تاۋۇشىنىڭ كۆپ بوغۇملۇق تۇپ سۆز-
لەرنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا BA شەكىللىك
بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز.
بىز كۆرۈپ ئۆتكەن كۆپ بوغۇملۇق تۇپ سۆزلەر-
نىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچىلا كۆپ بوغۇم-
لۇق تۇپ سۆزنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا BA
شەكىللىك بوغۇم ھاسىل قىلغانلىقى بۇنى ئوچۇق
ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، پائال، تائام، پائانكا
(پۇل بىرلىكى)...

ئۈچىنچى، «ئا» تاۋۇشىنىڭ تىلىمىزدىكى
بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۇپ سۆزلەردە BBA

شەكىللىك بوغوم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز. بىز كۆرۈپ ئۆتكەن توپ سۆزلەردە BBA شەكىللىك تۆۋەندىكى بىرقانچىلا سۆزنىڭ بولۇشى بۇنى ئۇچۇق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، ئارت، ئاست، ئاكت، ئالد (ئالدى)، ئارسلان، ئاركتىكا ...

## 2. «ئە» تاۋۇشىنىڭ بوغوم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى

تىلىمىزدىكى «ئە» تاۋۇشى تىل ئالدى، لەۋلەشمىگەن، كەڭرەك سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، توپ سۆزلەردە تۆۋەندىكىدەك شەكىلدىكى بوغوملارنى ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

(1) «ئە» تاۋۇشىدىنلا تۈزۈلگەن A شەكىلدىكى بىر بوغۇملۇق توپ سۆز ئۇچرىمايدۇ. كۆپ بوغۇملۇق توپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ئە» تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن A شەكىللىك بوغوم كۆپ ئۇچرايدۇ. كۆپ بوغۇملۇق توپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا «ئە» تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن A شەكىللىك بوغوم ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئەبەد، ئەپەندى، ئەپۇ، ئەتە، ئەتەي، ئەتىر، ئەتىۋار، ئەتىياز، ئەجەپ، ئەجەل، ئەدىپ، ئەدىيال، ئەرەب، ئەرەن، ئەجەم، ئەجىر، ئەجۇش؛ ئەزا، ئەزان، ئەزەل، ئەزىز، ئەزىمەت، ئەسەب، ئەسەر، ئەشەددى، ئەقەللىي، ئەقىدە، ئەكەت- (مەك)، ئەگەر، ئەگەش- (مەك)، ئەلا، ئەلەم، ئەما، ئەمەل، ئەمىن، ئەنە، ئەمەن، ئەنئەنە، قەلئە، مەجمۇئە...

(2) «ئە» تاۋۇشى ئالدىدا، بىر ئۈزۈك تاۋۇش كېيىندە كېلىپ تۈزۈلگەن BA شەكىلدىكى بوغوم تىلىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. كونكرېت ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، «ئە» تاۋۇشى بىر بوغۇملۇق توپ سۆزلەردە «پ، ت، ز، س، ش، گ، ڭ، ل، م، ن، ر، ي» قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BA شەكىللىك بوغوم ھاسىل قىلالايدۇ، «ب، ج، چ، خ، د، ك، ف، ۋ، ژ، ھ، ق، غ» قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BA شەكىللىك بوغوم ھاسىل قىلالمايدۇ. مەسىلەن، ئەپ، ئەت- (مەك)، ئەز- (مەك)، ئەس، ئەش- (مەك)، ئەش (ئىسىم)، ئەگ- (مەك)، ئەڭ، ئەل، ئەم (ئىسىم)، ئەم- (مەك)، ئەن، ئەر، ئەي، (ئەي بولماق)...

ئىككىنچى، «ئە» تاۋۇشى كۆپ بوغۇملۇق توپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ق، غ، ف، چ، ژ، گ» دىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BA شەكىللىك بوغوم ھاسىل قىلىدۇ. بۇ «ئە» تاۋۇشىنىڭ كۆپ بوغۇملۇق توپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا BA شەكىللىك بوغوم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئەبجەت، ئەبجەش، ئەبجەق، ئەبگا، ئەبلەخ، ئەپچىل، ئەپسانە، ئەپسۇس، ئەپكار، ئەپسۇن، ئەپيۇن، ئەتراپ، ئەتلەس، ئەتۋىركە، ئەجداد، ئەجدىھا، ئەجنەبى، ئەخلەت، ئەخلاق، ئەخمەق، ئەدرەك، ئەرباپ، ئەرز- (مەك)، ئەرزىيەت، ئەركە، ئەركىن، ئەرمەك، ئەرمەن، ئەرمۇدۇن؛ ئەرۋاھ، ئەزبىرايى، ئەزرائىل، ئەسقەر، ئەسرا، ئەستەر، ئەسلا، ئەسسالام، ئەسقات- (ماق)، ئەسكەر، ئەسكى، ئەسلىھە، ئەسنا، ئەسنە- (مەك)، ئەسۋاپ، ئەشيا، ئەكچە- (مەك)، ئەڭگۈشتەر، ئەڭگىز، ئەلپاز، ئەلھال، ئەلھەمدۇلىللا، ئەلۋەتتە، ئەلۋىدا، ئەمبەل، ئەمچەك، ئەمدى، ئەمما، ئەنئەنە، ئەنبىيا، ئەنجان، ئەنجۈر، ئەندۈۋا، ئەندىزە، ئەندىشە، ئەندىك- (مەك)، ئەنزار، ئەنسىز، ئەھدە، ئەھكام، ئەھۋال، ئەھمىيەت، ئەۋرە، ئەۋرەت، ئەۋزەل، ئەۋرەز، ئەۋرىشكە، ئەۋلاد، ئەۋلىيا، ئەينەك، ئەيتاۋۇر، ئەينى، ئەينۇلا، ئەييۇھەنناس ....

ئۈچىنچى، «ئە» تاۋۇشىنىڭ كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا BA شەكىللىك بوغوم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز. بۇ خىل ئەھۋال (بوغوم) باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان تۆۋەندىكى بىرقانچە سۆزدىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن،

لەن، تەئەججۈپ، تەئەددى، تەئەللۇق، تائەت،
سەنئەت، ئىتائەت، يەنئەن، شىئەن….
(3) «ئە» تاۋۇشى بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق
تۈپ سۆزدە «رز، رش، رك، مر، نت، ۋج،
يش، كس، هل، پت» قاتارلىق قوشما ئۈزۈك
تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BBA شەكىللىك بوغۇم
هاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئەرز، ئەرش، ئەرك،
ئەمر (بۇيرۇق)، ئەنت، ئەۋج، ئەيش، ئەكس،
ئەهل، ئەپت (بەشرە)…

## 3. «ئې» تاۋۇشىنىڭ بوغۇم هاسىل قىلىش ئىقتىدارى

تىلىمىزدىكى «ئې» سوزۇق تاۋۇشى «ئا»
بىلەن «ئە» نىڭ تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى
ۋە نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە
كېلىپ چىققان تىل ئالدى هەم شەرتلىك هالدا تىل
ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان، لەۋ-
لەشمىگەن، تارراق سوزۇق تاۋۇشتۇر. شۇڭا ئۇ-
نىڭ بىرىكىش ئىقتىدارى باشقا سوزۇق تاۋۇشلار-
دىن پەرقلىق بولۇپ، كۆپىنچە باشقا تىللاردىن قو-
بۇل قىلىنغان كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە ئىپا-
دىلىنىدۇ. كونكرېت ئەھۋال تۆۋەندىكىدەك:
(1) تىلىمىزدىكى «ئې» تاۋۇشىدىن هاسىل
بولغان A شەكىللىك («ئې» تاۋۇشىدىنلا تۈزۈل-
گەن) بوغۇم كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ بې-
شىدا كۆرۈلىدۇ. بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە
كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن، ئېتەك، ئېتىبار، ئېتې-
راپ، ئېتىراز، ئېتىز، ئېتىقاد، ئېتىكا، ئېتې-
كاپ، ئېتىمولوگىيە، ئېجىل، ئېچى-(ماق)، ئې-
دىت، ئېدىر، ئېرەن، ئېرى-(مەك)، ئېرىغ، ئې-
رىق، ئېرىك، ئېرىن-(مەك)، ئېزىق، ئېسەدە
(مەك) ئېسەن، ئېسىل، ئېشەك، ئېغىر، ئې-
غىز، ئېغىل، ئېغىنا(ماق)، ئېكىن، ئېگەر،
ئېگىچە، ئېگىر(دورا)، ئېگىز، ئېگىن، ئېڭەك،
ئېڭىش-(مەك)، ئېلاستىك، ئېلان، ئېلېكتر،
ئېلېمېنت، ئېلىپبە، ئېلىك، ئېلەڭ (سىلىڭ)،
ئېمال، ئېنىق، ئېيىق، ئېپىك، ئېپىزوت، ئې-
پوس….
(2) تىلىمىزدىكى «ئې» تاۋۇشى كۆپ بو-
غۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ت، س، ف،
ك، ن، ه» تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىپ BA
شەكىللىك (بىر سوزۇق تاۋۇشقا بىر ئۈزۈك تا-
ۋۇش قوشۇلغان) بوغۇم هاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل
سۆزلەر ئاساسەن باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان.
مەسىلەن، ئېتنوگراف، ئېتنىك، ئېستېتىكا،
ئېففېكت، ئېكران، ئېھتىرام، ئېھتىمال، ئېھتى-
يات، ئېنتومولوگىيە….
(3) «ئې» تاۋۇشى تىلىمىزدىكى ناهايىتى
ئاز بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە «رت،
يت، كس، » قاتارلىق قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار
بىلەن بىرىكىپ BBA شەكىللىك بوغۇم هاسىل
قىلىدۇ، مەسىلەن، ئېرت-(ماق)، ئېيت-(ماق)،
ئېكس، ئېكسپورت، ئېكسكاۋاتور….

## 4. «ئى» تاۋۇشىنىڭ بوغۇم هاسىل قىلىش ئىقتىدارى

تىلىمىزدىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشى تىل ئال-
دى هەم شەرتلىك هالدا تىل ئارقا ۋارىيانت بولۇپ
ئىپادىلىنىدىغان، لەۋلەشمىگەن، تار سوزۇق تا-
ۋۇشتۇر. ئۇ تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردىكى بوغۇم-
لارنى هاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە:
(1) «ئى» تاۋۇشى بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆز-
لەردە A شەكىللىك («ئى» تاۋۇشىدىنلا تۈزۈل-
گەن) بوغۇم هاسىل قىلالمايدۇ. كۆپ بوغۇملۇق
تۈپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا A شەكىللىك بوغۇم ها-
سىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىئانە، ئىبارەت، ئىبا-
دەت، ئىبارە، ئىپادە، ئىپار، ئىتائەت، ئىتالى-
يان، ئىجابەت، ئىجاد، ئىجارە، ئىجازەت، ئىجىر

(مىجىر)، ئىدارە، ئىدېئولوگ، ئىدىس، ئىدىيە، ئىدىئوم، ئىرادە، ئىرىم، ئىرىمچىك، ئىزا (تارتىش)، ئىزاھ، ئىسىم، ئىشارەت، ئىشان، ئىشەنچ، ئىشىك، ئىگە، ئىگە-ئىگە، ئىلاج، ئىلمك، ئىلىم (بىلىم)، ئىما (ئىشارەت)، ئىمام، ئىمان، ئىمىر (جىمىر)، ئىناق، ئىنايەت، ئىنەك، ئىنستىتۇت، ئىنېرت، ئىنى، ئىھاتە، ئىئون، ئىيۇل، ئىيىن، ئىرىس….

(2) «ئى» تاۋۇشى بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە «ت، چ، ن، س، ل، ش، ز، م» قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BA شەكىللىك (بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن) بوغۇم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىت، ئىچ (تاش)، ئىن، ئىش، ئىل- (مەك)، ئىس، ئىز، ئىم….

تىلىمىزدىكى «ئى» تاۋۇشى كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ي، چ، گ، ف، ژ» ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدىن باشقا 19 ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىرىكىپ BA شەكىللىك بوغۇم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىبرانى، ئىبرەت، ئىبلىس، ئىپپەت، ئىپتار، ئىپتىخار، ئىپتىدائىي، ئىپلاس، ئىتتەر- (مەك)، ئىتتىپاق، ئىتتىك، ئىجتىمائى، ئىجتىھات، ئىجرا، ئىختىرا، ئىقتىساد، ئىختىساس، ئىختىلاپ، ئىختىيار، ئىخچام، ئىددەت، ئىدراك، ئىرپان، ئىرسىي، ئىرغاڭ - ئىرغاڭ، ئىرغاي، ئىركىت، ئىززەت، ئىزغىرىن، ئىزمە، ئىزنا، ئىسپات، ئىسپان، ئىستەك، ئىستىل، ئىستىنجا، ئىشتان، ئىشتىك، ئىششەك، ئىشكاپ، ئىغۋا، ئىقبال، ئىقتىدار، ئىقرار، ئىكرام، ئىككى، ئىلتىپات، ئىلتىماس، ئىلغار، ئىمپورت، ئىمتىھان، ئىملا، ئىنئام، ئىنتايىن، ئىنژېنېر، ئىنسان، ئىنچىكە….

(3) «ئى» تاۋۇشى بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە «ست، شت، شق، نس، رق، نگ» قاتارلىق قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BBA شەكىلدىكى بوغۇملارنى ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن مۇنداق بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئىست، ئىشت (ئاڭلا)، ئىشق (ئىشقى مۇھەببەت)، ئىنس (جىن)، ئىرق، ئىنگلىز….

## 5. «ئو» تاۋۇشىنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى

تىلىمىزدىكى «ئو» تىل ئارقا، لەۋلەشكەن، تارراق سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

(1) «ئو» بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە A شەكىللىك بوغۇم ھاسىل قىلالمايدۇ. كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە A شەكىللىك بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك. بۇنى تۆۋەندىكى مىساللار ئۇچۇق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، ئوبوروت، ئوبيېكت، ئوپۇر - توپۇر، ئوپۇل - توپۇل، ئوپېرا، ئوتۇن، ئوچاق، ئوچۇق، ئوچۇم، ئوچېرىك، ئوخشا- (ماق)، ئورا، ئورانگۇتان، ئورەك، ئوروق، ئورۇن، ئوزۇق، ئوسا، ئوسال، ئوسۇر (ماق)، ئوشۇق، ئوغا، ئوغۇت، ئوغۇز (قەبىلە)، ئوغۇل، ئوقەت، ئوقۇ- (ماق)، ئوقۇبەت، ئوقۇر، ئوقۇرەك، ئوكۇل، ئوڭاي، ئولۇنچۇن (مىللەت)، ئولىمپىك، ئومارتا، ئوماق، ئومۇم، ئومۇرتقا، ئوھوي (ئىملىق)، ئويۇن….

(2) «ئو» تاۋۇشى «ت، ر، ز، ق، ڭ، م، ن، ۋ، ي» تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىپ BA شەكىلدىكى بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئوت، ئور، ئوز، ئوق، ئوڭ، ئوم، ئون، ئوۋ، ئوي (خىيال)….

ئۇندىن باشقا كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ب، پ، ت، ر، س، ش، غ، ق، ك، ڭ، ل، ن، ي» قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BA شەكىلدىكى بوغۇملارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئوبدان، ئوبراز، ئوبزور، ئوپتىك، ئوپقان، ئوتتۇرا، ئوتتۇز، ئورتا، ئوردا، ئورگان، ئورمان، ئوسما، ئوشتۇ- (ماق)، ئوغرى،

ئوغلاق، ئوقيا، ئوكيان، ئوكسىگېن، ئوگدا، ئولجا، ئولپان، ئونتولوگىيە، ئويغاق، ئويما(نە-قش)....

## 6. «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى

تىلىمىزدىكى «ئۇ» تىل ئارقا، لەۋلەشكەن، تار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە:

(1) تىلىمىزدا «ئۇ» دىن تۈزۈلگەن A شەكىلدىكى بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزدىن بىرلا سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ «ئۇ» دېگەن كىشىلىك ئالمىشىدىن ئىبارەت. لېكىن كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ئۇ»دىن ھاسىل بولغان A شەكىلدىكى بوغۇم كۆپ. مەسىلەن، ئۇپا- (ئەڭ-لىك)، ئۇپۇق، ئۇتۇپىزىم، ئۇتۇپىك، ئۇجۇر-(بۇجۇر)، ئۇجۇق- (ماق)، ئۇچا (دۈمبە)، ئۇ-چۇر، ئۇدا، ئۇدۇل، ئۇران، ئۇرۇق، ئۇزۇن، ئۇنىۋېرسىتېت، ئۇسۇل، ئۇقار (قۇش)، ئۇكا، ئۇگىيا (پۇل)، ئۇلاغ، ئۇلۇغ، ئۇماچ، ئۇنىۋېر-سال، ئۇۋا، ئۇۋال، ئۇيات...

(2) «ئۇ» تاۋۇشى «ت، چ، ر، ز، س، ق، ل، ن، ھ، ي» قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ BA شەكىلدىكى بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆز-لەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇت- (ماق)، ئۇچ (قەلەم ئۇچى)، ئۇر- (ماق)، ئۇز، ئۇس- (ماق)، ئۇق- (ماق)، ئۇل- (تامنىڭ ئۇلى)، ئۇھ (ئىملىق)، ئۇي (ئۆكۈز)....

ئۇندىن باشقا كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا ھاسىل بولغان BA شەكىللىك بوغۇم تىلى-مىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇپرا- (ماق)، ئۇتتۇر- (ماق)، ئۇرغۇ، ئۇستا، ئۇستاز، ئۇستى-خان، ئۇشتۇمتۇت، ئۇششاق، ئۇگلېروت، ئۇل-تاڭ، ئۇنتۇ- (ماق)، ئۇنچە- (مۇنچە)، ئۇنۋان، ئۇيغۇر، ئۇيغۇن، ئۇيقۇ....

## 7. «ئۆ» تاۋۇشىنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى

تىلىمىزدىكى «ئۆ» تىل ئالدى، لەۋلەشكەن، تارراق سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇنىڭ بوغۇم ھا-سىل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە:

(1) تىلىمىزدا «ئۆ» تاۋۇشىدىنلا ھاسىل بولغان A شەكىلدىكى بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆز يوق. «ئۆ» تاۋۇشى تىلىمىزدىكى كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ A شەكىللىك بو-غۇم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆتەڭ، ئۆتۈنچ، ئۆچىرەت، ئۆزە، ئۆرۈك، ئۆستەك، ئۆكۈز، ئۆ-كۈنچ، ئۆگەي، ئۆگۈن، ئۆلەڭ، ئۆلىما، ئۆمۈ-چۈك....

(2) «ئۆ» تاۋۇشى «ت، چ، ر، ز، س، ش، ڭ، ل، م، ي، پ، ك، گ» قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە BA شەكىلدىكى بوغۇمنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆت، ئۆچ، ئۆر، ئۆز، ئۆس-(مەك)، ئۆڭ، ئۆل- (مەك)، ئۆم، ئۆي، ئۆپ-چۆرە، ئۆپكە، ئۆتكەل، ئۆتكۈر، ئۆتنە، ئۆچكە، ئۆردەك، ئۆركەش، ئۆرنەك، ئۆزبېك، ئۆززە، ئۆستەڭ، ئۆشرە (-زاكات)، ئۆشنە، ئۆكتەبىر، ئۆكتەم، ئۆكچە، ئۆگزە، ئۆڭكۈر، ئۆلكە....

(3) «ئۆ» تاۋۇشىدىن ھاسىل بولغان BBA شەكىلدىكى بوغۇم بىرلا سۆزدە («ئۆرپ» دېگەن سۆزدە) كۆرۈلگەندىن باشقا بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە كۆرۈلمەيدۇ. بۇ تاۋۇشنىڭ بۇ خىل شە-كىلدىكى بوغۇمنى ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى ناھا-يىتى ئاجىز دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 8. «ئۆ» تاۋۇشىنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى

تىلىمىزدىكى «ئۆ» تىل ئالدى، لەۋلەشكەن، تار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە:

(1) «ئۆ» دىن ھاسىل بولغان A شەكىلدىكى بىر بوغۇملۇق تۆپ سۆز يوق. كۆپ بوغۇملۇق تۆپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ئۆ» دىن ھاسىل بولغان A شەكىللىك بوغۇممۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. مەسىلەن، ئۆچەي، ئۆچۈن، ئۆرەن (-سۆرەن)، ئۆززۈك، ئۆكە، ئۆكەر، ئۆگە، ئۆگۈت، ئۆلۈش (بىرى)، ئۆمىد، ئۆيۈر (بىر ئۆيۈر يىلقا)…

(2) «ئۆ» تاۋۇشى «چ، ر، ز، س، ن» قاتارلىق بىرنەچچە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىرىكىپ ناھايىتى ئاز BA شەكىلدىكى بىر بوغۇملۇق تۆپ سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆچ، ئۆز- (مەك)، ئۆر- (ئىت ئۆردى)، ئۆس- (مەك)، ئۆن….

ئۇندىن باشقا «ج، چ، ر، س، ش، گ، ل، م، ن» قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كۆپ بوغۇملۇق تۆپ سۆزلەرنىڭ بېشىدا BA شەكىللىك بوغۇم ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن، ئۆجمە، ئۆچكە، ئۆستەك، ئۆستەل، ئۆسكىنە، ئۆششۈك، ئۆشكە، ئۆگرە، ئۆلپەت، ئۆلگە، ئۆلگۈجە، ئۆممەت، ئۆن، ئۆنچە (مارجان)….

(3) «ئۆ» تاۋۇشى بىلەن قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تۆپ سۆز (BBA شەكىلدىكى بىر بوغۇملۇق تۆپ سۆز) پەقەت «ئۆست» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت. بۇ ھال بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۆپ سۆزلەردە «ئۆ» دىن ھاسىل بولغان BBA شەكىللىك بوغۇمنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۆ» تاۋۇشىنىڭ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى باشقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭكىگە قارىغاندا ئاجىزراق، چۈنكى بىز كۆرۈپ ئۆتكەن 6000 دىن ئارتۇق تۆپ سۆز ئىچىدە 40 دەك تۆپ سۆزدە «ئۆ» ھاسىل بولغان A، BA، BBA شەكىلدىكى بوغۇمنىڭ بولۇشى بۇنى ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ.

### پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:


1. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراممatikسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى.

2. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

3. ئابدۇشۈكۈر ھەسەن، گاۋلىچىڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

4. تۇردى ئەخمەت، ئەنسەردىن مۇسا، نەسرۇللا يولبولدى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.

5. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى.

6. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتاش سۆزلىرى ھەققىدە

يارى ئەبەيدۇللا

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتاش سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈرى، قوللىنىلىش دائىرىسى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە پائالىيىتىدىكى رولى قاتارلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文简述维吾尔语的称谓词及其特征、种类、使用范围在交际活动中的作用等。

**Abstract**: In this article, the writer briefly explained the appellation words in Uyghur Language and its features, kinds, limits of using and its function in social activities

## 1. ئاتاش سۆزلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئاتاش سۆزلىرىنى ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىش مۇمكىن. كەڭ مەنىدە قوللانغاندا، ئۇ، ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ، تار مەنىدە قوللانغاندا، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە پائالىيەتلىرىدە بىر بىرىنى ئاتىشى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، كەسپى، ئورنى، سالاھىيىتى، يېشى، جىنسىي ئايرىمىسى ۋە تاشقى پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئامىللاردىن شەكىللەنگەن تۈرلۈك ناملارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورنىغا مۇۋاپىق ھالدا ئاتاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئاتاش سۆزلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتاش سۆزلىرى ئۆز جايىدا ئىشلىتىلسە، ئالاقىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ رازىمەنلىك، كۆڭۈل ئازادىلىك، خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، ئەكسىچە بولسا، ئالاقىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار ئۆزئارا ئالاقىلىشىشتا بىر بىرىنى قانداق ئاتاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە دىققەت قىلىدۇ. شۇڭا ئاتاش سۆزلىرى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئۆز رولىنى مۇئەييەن دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

• يارى ئەبەيدۇللا: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

## 2. ئاتاش سۆزلىرىنىڭ تۈرى

### 1) شەخس ئالماشلىرى

كىشىلەرنى سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلەنگۈچى نۇقتىسىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان ئاتاش سۆزلىرى (ئالماشلار) شەخس ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. شەخس ئالماشلىرى بىرىنچى شەخس ئالماشلىرى، ئىككىنچى شەخس ئالماشلىرى ۋە ئۈچىنچى شەخس ئالماشلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار يەنە سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ بىرلىك ۋە كۆپلۈك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىككىنچى شەخس ئالماشلىرى يەنە ئاتاش تۈرى جەھەتتىن پەرقلىنىپ ئاددىي تۈر، سىپايە تۈر، ھۆرمەت تۈرى ۋە سەتلىمە تۈر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتاشتا كونكرېت قوللىنىلىشى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى شەخس بىرلىك ئالماشلىرى «مەن»، «پېقىر»، «كەمىنىلىرى» دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن «مەن» سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا، «پېقىر»، «كەمىنىلىرى» بولسا سۆزلىگۈچىنىڭ باشقىلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزىنى كىچىك پېئىل تۇتۇپ ئاتىشىدا قوللىنىلىدۇ. لېكىن كېيىنكى ئىككىسى ھازىرقى جانلىق تىلدا ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ئالمىشى «بىز» بولۇپ، ئۇ سۆزلىگۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ. ئۇ يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىنى ئاتاشتىمۇ قوللىنىلىدۇ («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1 ـ توم، 574 ـ بەت).

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئالماشلىرى «سەن»، «سىز»، «سىلى»، «ئۆزلىرى»، «جانابلىرى»، «ئالىيلىرى» دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردىن «سەن» سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ، ئۇ يەنە كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن ياكى ئۇزۇن ئارىلاشقان كىشىلەرنىڭ يېقىنلىق تۇيغۇسى بىلەن بىر بىرىنى ئاتىشى ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. «سىز» ئاڭلىغۇچىنى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ. «جانابلىرى»، «ئالىيلىرى» بولسا ئاساسەن يېزىق تىلىغا خاس بولۇپ، ئۇلار چوڭلارنى، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى، مەشھۇر شەخسلەرنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ئالماشلىرى «سىلەر»، «ھەرقايسىلىرى»، «ھەربىرلىرى»، «سەنلەر» دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردىن «سىلەر» سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم كىشىنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا، «ھەرقايسىلىرى»، «ھەربىرلىرى» سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم كىشىنى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا، «سەنلەر» بولسا سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى سەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ئالمىشى «ئۇ» بولۇپ، ئۇ سۆزلەنگۈچى بىرلا ئادەمنى ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك ئالمىشى «ئۇلار» بولۇپ، ئۇ سۆزلەنگۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

### 2) ئىسىم، فامىلە

ئىسىم، فامىلە ئاتاش سۆزلىرى سىستېمىسىدىكى ئەڭ چوڭ بىر تارماق ھېسابلىنىدۇ. ئىسىم دېگىنىمىز، كىشىلەرنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان مەخسۇس ناملاردۇر. كىشىلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ كىشىنىڭ نەسلىنى يەنى ئاتىسى ياكى بوۋىسىنى بىلدۈرىدىغان ناملار فامىلە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كۆپ ھاللاردا ئۆز ئاتىسى (دادىسى) نىڭ ئىسمى شۇ كىشىنىڭ فامىلىسى قىلىپ قوللىنىلىدۇ. يەنە بەزىدە ئۆز بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىدىغان ئادەتمۇ بار. ئۇيغۇرلاردا بىر بىرىنى ئىسىم ياكى ئىسىم فامىلىسى بىلەن ئاتاش ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە:

كىچىكلەر چوڭلارنى ئىسمى بىلەنلا ياكى ئىسىم فامىلىسى بىلەنلا ئاتىماي، بەلكى ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، كۆپ ھاللاردا ئىسمىنىڭ كەينىگە، ئايرىم ئەھۋاللاردا ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ كەينىگە

ئۇلارنىڭ ياش پەرقىگە قاراپ «بوۋا، موما، چوڭ
دادا، چوڭ ئانا، دادا، ئانا، ئاپا، تاغا، ئاكا، ئاچا
(ھەدە)» دېگەندەك تۇغقانچىلىق ناملىرىنى قو-
شۇپ ئاتايدۇ.

چوڭلار كىچىكلەرنى ئادەتتىكىچە ئاتىماقچى
بولسا ياكى ئىسمى بىلەنلا، ئىززەتلەپ، ئامراق-
لىق تۇيغۇسى بىلەن ئاتىماقچى بولسا، ئىسمىنىڭ
كەينىگە «گۈل، خان، قىز، جان» دېگەندەك
سۈپەتلەش سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. ئۆز كۆ-
رۈش تۇيغۇسى بىلەن ئاتىماقچى بولسا ئىسمىنىڭ
كەينىگە «بالام»، «ئوغلۇم»، «قىزىم»، «ئۇ-
كام»، «ئىنىم»، «سىڭلىم» دېگەندەك تۇغقان-
چىلىق ئاتالغۇلىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ ياكى شۇ
تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئاتايدۇ.
زۆرۈر تېپىلمىسا چوڭلار كىچىكلەرنى نوقۇل ھال-
دا ئىسىم فامىلىسى بىلەن ئاتىمايدۇ.

بىر دېمەتلىكلەر بىر بىرىنى ئاتاشتا ئىسمى-
نىلا ئاتايدۇ. مۇناسىۋەتتى يېقىن بولسا «ئاداش»،
«ئاغىنە»، «دوست» (دوستۇم) دېگەندەك سۆز-
لەر بىلەن ياكى ئۇ سۆزلەرنى ئىسمىنىڭ كەينىگە
قوشۇپ ئاتايدۇ. تۆۋەن كۆرۈپ، كەمسىتىپ،
سەتلەپ ئاتىماقچى بولسا، ئىسمىنىڭ كەينىگە
«-اق// -ەك» (مەسىلەن: تۇراق، توختەك، پا-
تەك، ساينەك دېگەندەك) قاتارلىق قوشۇمچىلارنى
قوشۇپ ئاتايدۇ.

رەسمىي سورۇنلاردا كىشىلەرنى ئاتاپ تو-
نۇشتۇرۇش زۆرۈر تېپىلغاندا، ئىسىم فامىلىسى
بىلەن ئاتايدۇ. غەيرىي رەسمىي سورۇنلارغا نىس-
بەتەن ئىسىم - فامىلىسى بىلەن ئاتاش ئادەتكە
ئايلىنىپ قالغانلىرى (مەسىلەن: ئەخمەتجان قا-
سىمى، سەيپىدىن ئەزىزى، تۆمۈر داۋامەت، ئىس-
مائىل ئەھمەد دېگەندەك) نى شۇنىڭدەك ئوخشاش
ئىسىملىكلەر بىر سورۇندا بولۇپ قالغانلىرىنى
ئىسىم- فامىلىسى بىلەن ئاتايدۇ.

### 3) لەقەم، تەخەللۇس

مىجەز - خۇلقى، خۇسۇسىيىتى، جىسمانىي
جەھەتتىكى بىرەر بەلگىسى، كەسپى قاتارلىق ئالا-
ھىدىلىكلەرگە ئاساسەن كىشىلەر تەرىپىدىن قو-
يۇلغان ناملار لەقەم دەپ ئاتىلىدۇ. لەقەم قويۇش
ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان ۋە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە
بىر ئادەت. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جىسما-
نىي جەھەتتىكى بىرەر بەلگىسىگە ئائىت لەقەملەر
(مەسىلەن: سىيىت ماڭقا، ساۋۇت پور، ئوسمان
پاڭزا، يۇسۇپ ئاقباش، ئايگۈل سېرىق، تۆمۈر
پالكۆز، ساتتار كۆككۆز، مىجىت پۇچۇق، سېلىم
جىرتاق...)، مىجەز - خۇلقىغا ئائىت لەقەملەر
(قۇربان توڭ، ۋەلى كاززاپ، قاسىم قىزىق،
توختى تەرسا، زۇنۇن سەپرا...)، خۇسۇسىيىتىگە
ئائىت لەقەملەر (بۇ خىل لەقەملەر باشقا جان-
جانىۋارلارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئادەم-
لەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە كۆچۈرۈپ ئېلىش، ئوخ-
شىتىش، تەقلىد قىلىپ ئېلىش ئاساسىدا بار-
لىققا كەلگەن. مەسىلەن: توختى بۇقا، كېرەم
پاشا، ياقۇپ قانجۇق، رەقىپ تۈلكە، مۇسا
كالا، ئەركىن تۆگە، غەيرەت چاشقان ...)، كە-
سىپكە ئائىت لەقەملەر (بۇ خىل لەقەملەر شۇ
كىشىنىڭ شۇغۇللانغان كەسپىنىڭ نامى بىلەن ئا-
تىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: داۋۇت راۋاپ،
ئوسمان مۇقام، ساۋۇت بوتكىچى، ئىمىن ناۋاي،
مامۇت ياغاچچى، ئايشەم سەيپۇڭ، ئاينۇر مۇخۇ-
رەك، ئەيسا گىرچى...) كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا كەسپىي لەقەملەر ۋە ئىجابىي
سۈپەتلەش خاراكتېرىگە ئىگە لەقەملەرنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشتا قارشى تەرەپنى
لەقىمى بىلەنلا ياكى ئىسمىنىڭ كەينىگە لەقىمىنى
قوشۇپ ئاتاش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ ياكى قارشى
تەرەپ ئۇ خىل ئاتاشنى ئېغىر ئالىدۇ. لەقىمى
بىلەن ئاتاش پەقەت ئۆز دېمەتلىكلەر ئارا پاراڭ-
چاقچاقلاردا ياكى ئاتالغۇچىنى كەمسىتىپ، تۆۋەن
كۆرۈپ ئاتاشتا ۋە ياكى شۇ لەقەملىك كىشى شۇ
سورۇندا بولمىغان ئەھۋاللاردا قوللىنىلىدۇ.

يازغۇچى، شائىر، رەسسام، ئارتىس قاتار-
لىقلار ئۆزلىرىگە قويۇۋالغان باشقىچە ناملار، تە-
خەللۇس دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: نەۋائى (ئەلى-
شىر)، ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ)، بابىر
(زاھىرىددىن مۇھەممەت)، قايىنام ئۆركىشى
(ل. مۇتەللىپ)، شەۋقى (قۇتلۇق ھاجى)، تە-
جەللى (ھۈسەيىنخان) دېگەندەك.

ئۇيغۇرلاردا يەنە ئۆز مىللىتى ياكى ئۆز يۇر-
تىغا بولغان مېھرى - مۇھەببەت تۇيغۇسى ياكى
ئۆزىنىڭ قايسى مىللەتتىن، قايسى يۇرتتىن ئى-
كەنلىكى ھەققىدە ئىز قالدۇرۇش تۇيغۇسى بىلەن
ئۆز يۇرتىنىڭ ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ئۆزى-
گە تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىش ئادىتىمۇ بار.
بۇنى «مەھمۇد قەشقەرى»، «موللا مۇسا سايرا-
مى»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى»، «مۇھەممەت باغ-
راش»، «تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى» دېگەندەك
مىساللاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، لەقەم

باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلسا، تەخەللۇس شۇ كىشىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن قويۇلىدۇ. لەقەم بىلەن تەخەللۇس مانا مۇشۇ جەھەتتە بىر بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، مەلۇم بىر كىشى لەقەم بىلەن ئاتالسا، ئۇنى ئېغىر ئېلىشى مۇمكىن. لېكىن تەخەللۇسى بىلەن ئاتالسا ئېغىر ئالمايدۇ.

### 4) تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

تىلدىكى ئائىلە مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى دېيىلىدۇ. ئائىلە مۇناسىۋىتى ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتى، ئاتا - ئانا بىلەن نەۋرە، ئەۋرە ياكى چەۋرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، قېيىن ئاتا (قېيىن ئانا) بىلەن كۈيئوغۇل (كېلىن) مۇناسىۋىتى، قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت، ئېپى - يەڭگىلەر مۇناسىۋىتى دېگەندەك تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا مۇشۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ تىلدىكى ئىپادىسى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

بوۋا، موما، چوڭ دادا (چوڭ ئاتا)، چوڭ ئانا (چوڭ ئاپا)، ئەر - خوتۇن، دادا (ئاتا)، ئانا (ئاپا)، بالا، ئوغۇل، قىز، ئاكا، ئاچا (ھەدە)، ئۇكا، ئىنى، سىڭىل، نەۋرە، چەۋرە، قۇدا، ئەركەك قۇدا، چىشى قۇدا، قېيىن ئاتا (قېيىن دادا)، قېيىن ئانا (قېيىن ئاپا)، قېيىن ئاكا، قېيىن ئاچا، قېيىن ئۇكا، (قېيىن ئىنى)، قېيىن سىڭىل، باجا، يەڭگە، ئېپى يەڭگە، قايچا قۇدا، نەۋرە، ئەۋرە، نەۋرە ئاكا، نەۋرە ئاچا، نەۋرە ئۇكا، كىچىك ئاپا، كىچىك دادا، بىۋاسىتە تۇغقان، شىرەم تۇغقان، قۇدا تۇغقان قاتارلىقلار. بۇ ئاتالغۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئاتاشتا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى (كوللېكتىپى) ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە نىسبەتەن بىر چوڭ ئائىلە ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇرلار چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلق. شۇنداق بولغاچقا، ئەسلىدىن قانداشلىق ياكى تويلىشىش مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۆزئارا ئالاقىدە بىر بىرىنى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن ئاتايدىغان تىل ئادىتىمۇ بار. مەسىلەن، كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ياش پەرقى ئاساسىدا «بوۋا»، «موما»، «چوڭ دادا»، «چوڭ ئانا»، «ئاكا»، «تاغا»، «ئاچا (ھەدە)» دېگەندەك تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى بىۋاسىتە ئىشلىتىپ ياكى ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇپ ئاتايدۇ. تەڭ كۆرۈش، كەمسىتىش ياكى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى بىلەن ئاتىماقچى بولسا يۇقىرىقىدەك تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتمەي ئىسمى بىلەنلا ئاتايدۇ. چوڭلار كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، ئامراقلىق تۇيغۇسى بىلەن ئاتىماقچى بولسا «بالام»، «ئوغلۇم»، «قىزىم»، «ئۇكام»، «ئىنىم»، «سىڭلىم» دېگەندەك تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى بىۋاسىتە ئىشلىتىپ ياكى ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇپ ئاتايدۇ.

### 5) كەسپىي سۆزلەر

كەسپىي سۆز دېگىنىمىز، پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ كۈنسايىن ئىنچىكىلەپ بېرىشى، كەسىپ تۈرلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە تىلدا بارلىققا كېلىۋاتقان تۈرلۈك كەسىپ ناملىرىغا قارىتىلغان.

ئۇيغۇرلاردا مۇناسىۋەتى ياخشىلار يۈز تۇرانە سورۇنلاردا ئادەتتە بىر بىرىنى ئۇنىڭ كەسپىنىڭ نامى بىلەن ئاتىمايدۇ، پەقەت ئىسمى بىلەنلا ئاتايدۇ. ئاتالغۇچى شەخس شۇ سورۇندا بولمىغان ئەھۋالدا زۆرۈر تېپىلسا، شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە كەسىپ نامىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، ھەسەنجان ساقچى، ماھىنۇر دوختۇر، توختى شوپۇر، مۇسا دېھقان، نىياز تەرجىمان دېگەندەك، لېكىن بۇنداق ئاتاشمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس. ئۆزئارا تونۇشمايدىغانلار ئادەتتە كەسىپ نامى بىلەنلا ئاتايدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى قاتارلىقلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ۋە تەرەققىي قىلغان. كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ كەسىپلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت شۇغۇللىنىشى نەتىجىسىدە شۇ كەسىپنىڭ نامى ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ تۇراقلىشىپ قالىدىغان ۋە كەڭ تارقىلىپ، ئومۇملىشىپ ئاخىرىدا لەقەم تۈسىنى ئېلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. («كەسىپكە ئائىت لەقەملەر» گە قاراڭ).

### 6) ۋەزىپە، ئۇنۋان ناملىرى

ۋەزىپە ناملىرى ئادەتتە مەمۇرىي ۋەزىپە ناملىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە ناملىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

مەمۇرىي ۋەزىپە ناملىرى دېگەندە «شۇجى»،

«رەئىس»، «زۇڭلى»، «مىنىستىر»، «نازىر»، «ۋالى»، «ھاكىم»، «شەھەرباشلىقى»، «ئىدارە باشلىقى»، «مۇدىر»، «بۆلۈم باشلىقى» دېگەندەك ناملارغا قارىتىلىدۇ.

كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە ناملىرى بولسا مەلۇم ساھە ياكى كەسپتە مۇئەييەن شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىن كېيىن بېرىلىدىغان ناملار بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق، پەن ـ تەتقىقات، دوختۇرلۇق، چارۋىچىلىق، قانۇنچىلىق، تەرجىمىچىلىك قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە ناملىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: پروفېسسور، دوتسېنت، تەتقىقاتچى، ئىنژېنېر، ئاگرونوم، سېستىرا، ئادۋوكات، باش سودىيە دېگەندەك.

قەدىمكىسى بىزگە نامەلۇم، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئادەتتە بىر بىرىنى ئاتىغاندا، باشقا مىللەتلەرگە بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتىگە ئوخشاش ۋەزىپە ياكى ئۇنۋان ناملىرى بىلەن ئاتىمايدۇ ياكى بۇنداق ئاتاش ئادىتى ئاساسەن شەكىللەنمىگەن. شۇڭا ئۇ تۈردىكى كىشىلەرنى ئاتىغاندا، ئادەتتە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئاكا»، «ئاچا»، «ئۇكا» دېگەندەك ھۆرمەتلەش سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. رەسمىي سورۇنلاردا ئۇ تۈردىكى كىشىلەرنى ئاتاپ تونۇشتۇرغاندا بولسا، ئىسمىنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە ۋەزىپە ياكى ئۇنۋان ناملىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىلگىرى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئۇنۋان ئالغان كىشىلەرنى ئاتىغاندا، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنۋان نامى بىلەنلا ياكى ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇنۋانىنى قوشۇپ ئاتىغان. مەسىلەن، يۈسۈپ رەئىس ئاخۇنۇم، ئابدۇرېشىت داموللام، ئابدۇقادىر مەۋلەۋى، داموللام، موللام دېگەندەك. يەنە بىر جەھەتتىن، كىشىلەرنىڭ دىنىي سورۇنلاردىكى ئورنىغا قاراپ، ئۇلارنى دىنىي مەمۇرىي ۋەزىپە ناملىرى بىلەنلا ياكى ئىسمىنىڭ كەينىگە دىنىي مەمۇرىي ۋەزىپە ناملىرىنى قوشۇپ ئاتىغان. بۇ خىل ئاتاش ھازىرمۇ خېلى كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئىمام، ئاخۇنۇم، خەلپىتىم، مەزىن، ھوشۇرقارى، ئابدۇللا ئىمام، روزى خەلپەت، توختى مەزىن دېگەندەك.

### 7) ئومۇمىي ئاتاش سۆزلىرى

بۇ تۈردىكى ئاتاش سۆزلىرى ئادەتتە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى، ئۇستاز بىلەن شاگىرت ۋە يىراق ـ يېقىنلىق مۇناسىۋەتلىرىدىكى كىشىلەر ئارا بىر بىرىنى ئاتاشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئەپەندىم، مۇئەللىم، ساۋاقداش، ئۇستام، خانىم، خېنىم دېگەندەك.

### 8) ۋاقىتلىق ئاتاش سۆزلىرى

بۇ تۈردىكى ئاتاش سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ ۋاقىتلىق پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ناملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىدىغان ئوبيېكت (شەخس) بىلەن بولغان باغلىنىشى ئانچە تۇراقلىق بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار كىشىلەرنىڭ ۋاقىتلىق سالاھىيىتى، ۋاقىتلىق ئورنى ياكى ۋاقىتلىق مۇناسىۋىتىنىلا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: يولۇچى، تاماشىبىن، كىتابخان، مېھمان، ساھىپخان دېگەندەك ئاتاش سۆزلىرى مانا مۇشۇ تۈردىكى ئاتاش سۆزلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

## 3. ئاتاش سۆزلىرىنىڭ ئالاقىدىكى رولى

(1) ئاتاش سۆزلىرى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە. ئاتاش سۆزلىرى بىر خىل شەرتلىك بەلگە ۋە مەخپىي نام. شۇڭا ئۇ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشتا كىشىلەرنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ كۆرسىتىش رولىغا ئىگە (ئۇنىڭ بۇ خىل رولى كونتېكىستتا روشەنلىشىدۇ). مەسىلەن: «مەھمۇد قەشقەرى» دېيىلسە، باشقا بىرسىنى ئەمەس، بەلكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورىنى؛ «نەۋائى» دېيىلسە، XV ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر شائىرى ئەلىشىرنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش.

ئاتاش سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكلەردىن ھاسىل بولغان. شۇڭا ئۇلار كىشىلەرنىڭ شۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى باشقا ئالاھىدىلىكلەردىن پەرقلەندۈرۈپ كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. مەسىلەن: كىشىلەردە مىجەز ـ خۇلقى، خۇسۇسىيىتى، ياشاۋاتقان ئورنى، ئەخلاقىي پەزىلىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچىلىكلەر بولغاچقا، بۇلار تىلدا «ماڭقا»، «تەرسا»، «تۇلكە»، «تۇرپانلىق»، «شەھەرلىك»، «پالۋان»، «نوچى»، «يانچۇقچى»، «قاتىل» دېگەندەك ئاتاش سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

يەنە بەزى ئاتاش سۆزلىرى كىشىلەرنى شەخس نۇقتىسىدىن پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: تىلىمىزدىكى شەخس ئالماشلىرى (شەخس ئالماشلىرى دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ).

(2) ئاتاش سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى، ئورنى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. جەمئىيەت نۇرغۇن كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇ جەمئىيەتتىكى ھەربىر كىشىنىڭ شۇ جەمئىيەت-

تە تۇتقان ئۆزىگە خاس ئورنى ۋە سالاھىيىتى بولىدۇ. مانا بۇلار تىلدا مۇناسىپ ئاتاش سۆزلىرى يەنى مەمۇرىي ۋەزىپە ناملىرى ياكى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە ناملىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ناملار بىلەن ئاتالغان ھامان باشقىلار ئۇ كىشىنىڭ ئورنى، سالاھىيىتى قاتارلىقلارنى دەرھال بىلىۋالالايدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر كىشى «تەرجىمان» دەپ ئاتالسا، باشقىلار ئۇنىڭ باشقا كەسپىتىكى ئەمەس، بەلكى «بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنى يەنە بىر تىلغا ئاغدۇرۇش» كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، «ھاكىم» دەپ ئاتالسا، ئۇنىڭ ۋالىي ياكى پۇقرا ئەمەس ۋە ياكى ئوقۇتقۇچى، دوختۇرمۇ ئەمەس، بەلكى ناھىيىنىڭ بىرىنچى قول مەمۇرىي باشلىقى ئىكەنلىكىنى؛ «پروفېسسور» دەپ ئاتالسا ئۇنىڭ «ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان ئوقۇتقۇچى» ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالالايدۇ.

(3) ئاتاش سۆزلىرى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مۇناسىۋەت تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتتۇر. بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىلىنىش شەكلى بولسا تىلدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىدۇر. مەلۇم بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى «دادا (ئاتا)» دەپ ئاتىسا، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر ئاكا - ئۇكىلىق ياكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ. «كېلىن» دېيىلسە، ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن شۇ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «قوشنا» ياكى «يۇرتداش» دەپ ئاتالسا ئۇنىڭدىن ئاتا - بالىلىق ياكى باجىلىق مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى قوشنىدارچىلىق ياكى يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشىدا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. ئالاقىلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشاشمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار تىلدا مۇناسىپ ئاتاش سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: كۈتۈلگۈچى بىلەن كۈتكۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت «مېھمان» ۋە «ساھىبخانا» سۆزلىرى بىلەن؛ ناخشا ئېيتقۇچى بىلەن ئاڭلىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت «ناخشىچى» ۋە «تاماشىبىن» سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەنگىنىگە ئوخشاش. بەزى ئاتاش سۆزلىرى (مەسىلەن: «دوست»، «ئاغىنە»، «ساۋاقداش» دېگەندەك) دىن ئالاقىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقى، قويۇقلۇقى ئىپادىلەنسە، يەنە بەزى ئاتاش سۆزلىرى (مەسىلەن: «ئەپەندى»، «خانىم» دېگەندەك) دىن مۇناسىۋىتىنىڭ ئادەتتىكىدەكلىكى ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە ئۇلاردا ھۆرمەت تۈسى ئىپادىلەنسىمۇ.

ئالاقىلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاتاش سۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن: «مەن» بۇ سورۇندا قارشى تەرەپكە نىسبەتەن «ئوقۇتقۇچى» بولسا، يەنە بىر سورۇندا «ساۋاقداش» بولۇشى، خۇددى شۇنىڭدەك بۇ سورۇندا «دادا» بولسا، ئۇ سورۇندا «بالا» بولۇشى مۇمكىن.

(4) ئاتاش سۆزلىرى قويۇق مىللىي تۈس، مەدەنىيەت تۈسى، ھېسسىي تۈس، ژانىر تۈسى ۋە دەۋر تۈسىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىكى ئەمەلىي بارلارنى ئەمەلىي بىلەن ئاتىماستىن بەزى تىل تەركىبلىرىنى قوشۇپ ئاتاش، ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ئاتاش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، ئۆز كۆرۈپ ئاتاش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈپ ئاتاش، باشقىلارنى چۈشۈرۈپ، تۆۋەن كۆرۈپ ئاتاش، تۇغقانلار ئارا بىر بىرىنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش قاتارلىقلار .

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك توملىرى، مىللەتلەر نەشرىياتى.

2. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

3. مەھمۇد زەيدى، سەمەت دۆگايلى: «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988- يىلى نەشرى.

4.《民族词典》上海辞书出版社 1987 年出版。

5. 潘允康著:《家庭社会学》重庆出版社 1986 年出版。



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر توغرىسىدا

شاھزادەم سېيىت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىستېمالدىكى مەنىلىرى، ئۆزلەشكەن شەكىللىرى، ئۇلاردا يۈز بەرگەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文简要论述维吾尔语中的阿拉伯语借词词义、书写形式、语音变化等。

**Abstract**: In this article, the author gave us a brief description about the Loan words being used in Uyghur language from the foreign languages, especially from the Arabir language, about their meanings, writing forms and phonetics changes.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە ۋە ئىستېمالدا ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ ھەم مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بەزى سۆزلەر ھەتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش تەس. مەسىلەن: ئادەم، ئائىلە، مۇھەببەت، ۋەتەن، دۆلەت مەملىكەت ··· قاتارلىقلار.

ئەرەبچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا ماسلىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ تىلىمىزغا ئۆزلىشىش نىسبىتى باشقا چەت تىللاردىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزلىشىش نىسبىتىگە قارىغاندا خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگەللەيدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

مىلادى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قاراخانىلار شاھزادىسى سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، قاراخانىلار تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار بارا - بارا ئىسلاملىشىپ باردى. ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرىگە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كىردى. قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ئەرەب يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىشكە باشلىدى. دەسلەپتە بۇ يېزىق بىر مەزگىل ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن پاراللېل ھالدا

---

• شاھزادەم سېيىت: ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىمى، تەرجىمان.

تەڭ قوللىنىلدى. كېيىنچە بارا - بارا ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە ئەرەب يېزىقى پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان يېزىققا ئايلاندى. ئەرەب يېزىقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن پەيتتە، كىشىلەرنىڭ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى بارغانسېرى كۈچەيدى. بۇ پۈتۈنلەي ئەينى دەۋر جەمئىيىتىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. زامانغا لايىق ئىلىم - ئەھلىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددىزم تەلىماتلىرىنىڭ ئورنىنى بارا - بارا ئەرەب مائارىپى ئىگىلەپ، مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئەرەبچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەرەبچە بىلىدىغان زىيالىيلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقتى. ئەرەب تىلى ئۇيغۇر مائارىپىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىن كېيىن، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىگىمۇ مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى. ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائى ... قاتارلىق كلاسسىك شائىرلىرىمىز ياراتقان كلاسسىك ئەسەرلەردە ئەرەبچە سۆزلەرمۇ مەلۇم نىسبەتتە قوللىنىلدى. مەسىلەن:

غۇربەتكە تۈشۈپ زەئىف بىمار ئولدۇم،
دەرد غەم مېھنەت ئىلكىدە زار ئولدۇم.

(نەۋائى: «غەرايىبۇس سىغەر»)

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «غۇربەت، زەئىف، غەم، مېھنەت» دېگەن سۆزلەر ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە ئەرەب ئەدەبىي تىلىنىمۇ مەلۇم دائىرىدە قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن ئېتىمولوگىيىسى ئەرەبچە بولغان سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا خېلى كۆپ ساندا ئۆزلەشتى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بەزى ئەرەبچە سۆزلەر ئەسلى سۆز يىلتىزى بويىچە ئەينەن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستېمال قىلىنىش ئارقىلىق، بارا - بارا ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ، ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلى لۇغەت سوستاۋى ئەرەبچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش ھېسابىغا تېخىمۇ بېيىدى. بەزى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىن يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆزلەر ياسالدى. ئۇيغۇر تىلىدا مەنىداش سۆزلەر خېلىلا كۆپىيىپ، بىر خىل مەنىنى بىرقانچە خىل سۆز ئارقىلىق بىمالال، ئەركىن ئىپادىلىگىلى بولىدىغان ياخشى ھالەت شەكىللەندى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى تېخىمۇ ئېشىپ مۇكەممەللىشىپ باردى. يەنە بەزى ئۇيغۇرچە سۆزلەر پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قېلىپ، ئورنىنى ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىگىلىدى.

تۆۋەندە بىز ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ كىرگەندىن كېيىنكى ئەمەلىي ئىستېمال دائىرىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

## 1. كىشى ئىسىملىرى

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى يەنىلا ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇملىشىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بەزى ئىسىملار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلىپ، ياكى مەلۇم شەيئى، ئىش - ھەرىكەتنىڭ بەلگىلىك خۇسۇسىيىتى، شەكلىنى ئاساس قىلىپ قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئاللانى ئۇلۇغلاش مەزمۇنىدىكى ئىسىملار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، سۇتۇق بوغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى «ئابدۇلكەرىم»

(كارامەتلىك ئاللانىڭ قۇلى) دەپ ئاتىغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنىنى كەلك تارقالغاندىن كېيىن، «قۇرئان»دا بار بولغان ھەرقانداق بىر ئىسىم ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەلك قەدىرلىنىدىغان مۇبارەك ئىسىملارغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلارمۇ ئاللانىڭ سۈپىتى بولغان بۇ ئۇلۇغ ئىسىملارنى ئالىشىپ قويىدىغان بولدى. مەسىلەن:

ئابدۇلئەزىز (ئابدۇلئېزىز، ئابلىز، ئېزىز) — قۇدرەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى.

ئابدۇلخالىق (ئابدىخالىق، خالىق) — ياراتقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى.

ئابدۇللا (ئابلا، ھابلا) — ئاللانىڭ قۇلى.

ھەبىبۇللا — ئاللانىڭ دوستى.

ئابدۇررەشىد (ئابدىرىشىت، رىشىت) — توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى.

ئابدۇللەتىپ (ئابلىتىپ، لىتىپ) — شەپقەتلىك، كۆيۈمچان ئاللانىڭ بەندىسى.

رەھمۇتوللا - ئاللانىڭ رەھمىتى.

نۇرىددىن - (نۇردۇن) ئىسلام دىنىنىڭ نۇرى.

بۇلاردىن باشقا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى - ئامىنە، ئاياللىرىدىن ئايشە، زەينەپ، قىزى - پاتىمەنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا كۆپ قويۇلىدىغان ئىسىملاردىن بولۇپ قالدى.

## 2. مەدەنىيەت - مائارىپقا دائىر سۆزلەر

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە ۋە پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ھەرقانداق بىر ئىنساننى بىلىم ئىگەللەشكە ئۈندەيدىغان مەزمۇنلار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىكى مەدەنىيەت - مائارىپقا دائىر سۆزلەر ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە كىرىپ ئومۇملىشىشقا باشلىدى. مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئەرەب تىلىدا ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلەن: مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەكتەپ، دەپتەر - قەلەم، كىتاب، مۇئەللىم، ئۇستاز، دارىلمۇئەللىمىن، تالىپ ...... قاتارلىقلار.

## 3. دىنىي ئالاقە، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر

ئىسلام دىنى كەلك تارقالغاندىن كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خەلقلەر تەرىپىدىن نەچچە ئەسىردىن بۇيان قوللىنىلىپ، ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىلگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىنى ئىسلامى ئاتالغۇلار ئىگىلەشكە باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا دىنىي ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار نۇرغۇنلىغان ئىسلام دىنى ئاتالغۇلىرىنى ئۆز پېتىچىلا قوبۇل قىلدى. ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ھەر خىل پەرز- سۈننەتلەر، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىغا ئايلاندى، نەتىجىدە مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەرەبچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى. مەسىلەن: ئاللاھ، قۇرئان، ھەج، قىيامەت، جەننەت، ئىبادەت، مەسچىت، مازار، هارام، موللا، ئىمام، قارى، خەلىپە، ئەۋلىيا، ئەسسالا- مۇئەلەيكۇم، ئىنشائاللا، ھەشقاللا، دۇئا، نەزىر، تەزىيە، سەدىقە، خەتنە، رەھمەت، خەير.

## 4. ئەدەبىياتقا ئائىت سۆزلەر

ئەينى دەۋردىكى يازغۇچىلار، شائىرلار بىۋاستە ھالدا ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە

ئۆچرىغانلىقى ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈمدىكى ئەرەبچە سۆزلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرىپ ئۆزلىشىشكە باشلىدى، يازغۇچى، شائىرلار ئۆز ئىجادىيىتىدە نورغۇنلىغان ئەرەبچە سۆزلەرنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە يەنە شۇ ئىجادىيەت شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان خاس ناملارنى قوللاندى. مەسىلەن: ھېكايە، ماقالە، شېئىر، قاپىيە، مىسرا، بېيىت، غەزەل، قەسىدە، رۇبائىي، ئەسەر، بەدىئىي، مۇخەممەس، مۇسەددەس......

## 5. سىياسەت، ھاكىمىيەت ۋە قانۇنغا ئائىت سۆزلەر

ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىغان كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. يېڭى قانۇن - پەرمانلار تۈزۈپ چىقىلدى، شۇ ئاساستا ئەرەبچىدىكى سىياسەت، ھاكىمىيەت، قانۇنغا ئائىت سۆزلەر تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىشكە باشلىدى. مەسىلەن: جىنايەت، مۇپەتتىش، مەھكىمە، ۋىلايەت، ناھىيە، ۋالىي، ھاكىم، كادىر، دۆلەت، ۋەتەن، مەملىكەت، قاتىل، ۋەزىر، قانۇن، قازى...

## 6. ھۈنەر - كەسىپكە ئائىت ئاتالغۇلار

قاساپ، باققال، رەسسام، نەققاش، شائىر، مۇئەللىم، ناتىق، پازىل، رەممال، ھاممال قاتارلىق سۆزلەرمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم كەسىپ ئاتالغۇلىرىدىن بولۇپ قالدى.

## 7. تىبابەتچىلىككە ئائىت سۆزلەر

شىپاخانا، تېۋىپ، روھىي كېسەل، تىببىي، جاراھەت، سالامەت ... قاتارلىقلار.

## 8. ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن يەر - جاي ناملىرى

ئېيد (ئەرەبچە) + گاھ - (پارسچە ھېيتگاھ (ھېيتكا)
سەد (ئەرەبچە) + چىن (پارسچە) - سەددىچىن سېپىلى، ساھىل (ئەرەبچە) - دېڭىز ساھىلى.
قەبرە (ئەرەبچە) + ئىستان (پارسچە) - قەۋرىستان. تەكتى + ماكان (ئەرەبچە) - تەكلىماكان.

يۇقىرىقى مىساللاردىن بىز ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىچىدە ئىسىم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. شۇ ئىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى تۈپ ئىسىم ھالىتىدە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، سۆز مەنىسىمۇ ئەينەن قوبۇل قىلىنغان. يەنە بەزى ئىسىملار ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ پېئىل ياكى سۈپەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقتىن، باشقا چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ۋە شۇ قاتاردىكى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ناھايىتى ئاسانلا بىزنىڭ تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ كەتكەن. بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ھەرقايسى سۆز تۈركۈملىرىگە بۆلۈنۈپ، مۇھىم روللارنى ئۆتىگەن. تۆۋەندە بىز ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى سۆز تۈركۈملىرىدىكى

هالىتىنى كۆرۈپ باقايلى:

## تۈپ ئىسىم ھالىتىدە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر

ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى مەنا جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى ئىسىملار ئەسلى مەنىسى بويىچە ئەينەن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلىشىپ كەتتى. بەزى سۆزلەرنىڭ ئايرىم تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تەلەپپۇز قىلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن يەنە ئەينەن قوبۇل قىلىندى. مەسىلەن: ئىسىم، قەلب، مەزمۇن، خەرىتە، مۇسابىقە، بىنا، سائەت، ئادەم ... قاتارلىقلار.

## سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان پېئىللار

ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرگە ئەسلى سۆز يىلتىزىنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن «قىل، ئەت، لان، لەن، لاش، لەش، ماق، مەك ...» قاتارلىق قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچى پېئىللار ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ پېئىل بولۇپ ياسالغان. مەسىلەن:

تەدبىق + لاش ـ تەدبىقلاش

تەستىق +لا+ماق ـ تەستىقلىماق

ھۆكۈم + قىل +ماق ـ ھۆكۈم قىلماق

زىيارەت + قىلماق ـ زىيارەت قىلماق

سالام +لاش +ماق ـ سالاملاشماق

ھەرىكەت +لەن ـ ھەرىكەتلەن

سەپ + لەش ـسەپلەش

تەھرىر +لە + مەك ـ تەھرىرلىمەك

شۇغۇل + لان ـ شۇغۇللان

ھەزەر + ئەيلەش ـ ھەزەر ئەيلەش

## سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ياسالغان سۈپەتلەر

ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت ياسىغۇچى «لىق، لىك، لۇق، لۈك ...» قوشۇمچىلىرى ۋە ئەرەب پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۈپەت ياسىغۇچى «داش، پەرۋەر، ۋاز، خور» قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان سۈپەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن:

شەرەپ +لىك ـ شەرەپلىك

ئەقىل +لىق ـ ئەقىللىق

ئەدەب +لىك ـ ئەدەبلىك

ئەخلاق + لىق ـ ئەخلاقلىق

جۈرئەت + لىك ـ جۈرئەتلىك

شجائەت + لىك ـ شجائەتلىك

قەلب + داش ـ قەلبداش

زامان + داش ـ زاماندداش

ئىشق + ۋاز ـ ئىشقىۋاز

تاما + خور ـ تاماخور

مەرىپەت + پەرۋەر ـ مەرىپەتپەرۋەر

ۋەتەن + پەرۋەر ـ ۋەتەنپەرۋەر

دەۋا + گەر ـ دەۋاگەر

دۆلەت + مەن ـ دۆلەتمەن

جاپا + كەش ـ جاپاكەش

**ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ رەۋىش بولغان سۆزلەر**

ئەرەب تىلىدىن يەنە تىلىمىزغا ۋاقىت، ئورۇننى ئىپادىلەيدىغان رەۋىشلەر ئۆزلىشىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئەسلى مەنىسى ۋە تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: ھازىر، ئاۋۋال، ئاخىر، بەزى، مەھەل (بىر مەھەل) ··· قاتارلىقلار.

**ياردەمچە سۆزلەر ۋە باغلىغۇچىلار**

ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن ياردەمچى سۆزلەر ۋە باغلىغۇچىلارمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىماقتا. مەسىلەن:

ۋە، ھەم، لېكىن، بەلكى، ۋەھالەنكى، ئومۇمەن، دائىر، خۇسۇسەن، ئاساسەن، ھەتتا، لازىم، ئەمما، ئائىت ···

ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆز پېتىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي ئۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا ئۇيغۇنلاشقان ئاساستا ئۆزلىشىپ كىرگەن. ئەرەب تىلىدىكى بەزى تەلەپپۇز قىلىش تەس بولغان ھەرپلەر چۈشۈپ قالغان ياكى بەزى ھەرپلەر قوشۇلۇپ قالغان. بەزى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورنىغا جاراڭسىز تاۋۇشلار قوللىنىلغان. ئەرەب تىلىدىكى نۇرغۇنلىغان سۆزلۈكلەر ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، فونېتىكىلىق تەسىرگە ئۇچراپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، تۆۋەندە بىز ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ كىرگەن سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

**1. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى**

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئەرەب تىلى تاۋۇش چىقىرىش تەلىپىگە ئوخشاش بولمىغاچقا، ئەرەب تىلىدىكى بەزى تاۋۇشلار ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالالماي، باشقا تاۋۇشلارغا ئالمىشىپ قالغان. بۇ خىل تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى روشەن ھالدا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار-نىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ئالمىشىشىدا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى تەنۋىن، ساكىن قويۇلغان ھەرپلەر ئالاھىدە كۈچلۈك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ كۈچەيتكۈچى ئامىللار ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ھەرپلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپ — بۇ سۆز ئەرەب تىلىدا يازماق دېگەن سۆز يىلتىزىدىن ئۆزگىرىپ، يېزىش ھەرىكىتى يۈز بېرىدىغان ئورۇن «مكتب» شەكلىگە كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ كەينىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ب» ھەرپى ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز قىلىنىش جەريانىدا «پ» ھەرپىگە ئۆزگەرگەن. چۈنكى بۇ سۆزدىكى «ك» ۋە «ت» تاۋۇشلىرى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، ئۆز كەينىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ب» نىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. مۇشۇ سۆز بىلەن بىر قاتاردا يەنە تۆۋەندىكى سۆزلەر بار.

مەكتۇب - مەكتۇپ

مەغلۇب - مەغلۇپ

غەزەب - غەزەپ

مۇبتىلا - مۇپتىلا

شەرەب - شەرەپ

تەلەب - تەلەپ

بۇلاردىن باشقا يەنە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «د» نىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «ت» غا نۆۋەتلىشىش ئەھۋالىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

مۇرىد - مۇرىت

تەھدىد - تەھدىت

مەقسەد - مەقسەت

ساداقەد - ساداقەت

ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئەرەبچە «ف» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر «پ» ھەرپىگە ئۆزگەرگەن. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبچىدىكى بەزى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىشقا ئەپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرچىدا تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تاۋۇشلار قوللىنىلغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ا» ھەرپى كۆپىنچە ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرنى يېزىشتىلا قوللىنىلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، «ف» ھەرپىنىڭ «پ» غا ئالمىشىشىنى يەنىلا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشقا ئالمىشىشىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەرق - ھەرپ
لىفاق - لىپاپ
رەفىقە - رەپىقە
كەشىف - كەشىپ
كۆلفەت - كۆلپەت
نەف - نەپ

## 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى

ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردىكى ساكىنلىق ھەرپلەر يەنى «ئەين، ھەمزە، ئەلف» ھەرپلىرى قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەلەپپۇز قىلىش ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، ئۇزاق مۇددەت ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى سوزۇق تاۋۇشى ئالاھىدە گەۋدىلىك ھالدا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

| | |
|---|---|
| تە - تىل | ئى - لىم |
| ئا - لىم | ئې - تىبار |
| تې - مەن | تە - مىن |

## 3. بەزى ھەرپلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى

ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھەرپى پۈتۈن تاۋۇشى بىلەن، بەزى سۆزلەرنىڭ بولسا ئاخىرقى ھەرپى چۈشۈپ قالغان. يەنە كۆپلىگەن سۆزلەردە «ع» (ئەين) ھەرپى پۈتۈنلەي قوللىنىلمىغان، بەزى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەرپلەر چۈشۈپ قالغان. بىر ھەرپى پۈتۈن تاۋۇشى بىلەن چۈشۈپ قالغان سۆزلەر قاتارىدا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

مرتبە: بۇ سۆزدىكى «ة» ھەرپى ئۆزىنىڭ پۈتۈن تاۋۇشى بىلەن قوشۇلۇپ چۈشۈپ قالغان ھەمدە بۇ سۆزدىكى «ب» ھەرپى «ۋ» ھەرپىگە ئالماشقان. بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن شەكلى مەرتىۋە.

زيادة - بۇ سۆزدىكى «ة» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ بىۋاسىتە زىيادە دەپ ئوقۇلغان.

غيبە - بۇ سۆزدىكى «ئى» ھەرپى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئە» ھەرپىگە، «ب» ھەرپى «ۋ» ھەرپىگە ئالمىشىپ «غەيۋەت» دېگەن سۆز بولۇپ ئۆزلەشكەن.

ئەرەب تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «ي» ھەرپى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىش جەريانىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| ئەسلى تەلەپپۇزدا | ھازىرقى ھالىتى |
|---|---|
| رەپىيقە | رەپقە |
| خەرىيتە | خەرىتە |
| تەئىيتىل | تەتىل |
| شەھىيد | شېھىت |
| قەدىيم | قەدىم |
| رەزىيل | رەزىل |
| دەلىيل | دەلىل |
| تەھدىيد | تەھدىت |
| تەقسىيم | تەقسىم |
| تەلىيم | تەلىم |
| تەيىين | تەيىن |

ئەرەب تىلىدىكى «ع» (ئەين) ھەرپى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئە» ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىسىمۇ، لېكىن

«ئا» ئە، ئۆ، ئە» ھەرپلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە، تەلەپپۇز قىلىنماي چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ بولغان ۋە «ع» نىڭ ئوقۇلۇشىغا ئاساسەن «ئا، ئە، ئى، ئۆ» تەلەپپۇز قىلىنىغان، مەسىلەن:

عادة - ئادەت
عاجىز - ئاجىز
عالم - ئالەم
علم - ئىلىم
عمارة - ئىمارەت
عرفان - ئىرپان
معنا - مەنا
عشاق - ئۇششاق

چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش شۇ مىللەتنىڭ تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆزلەر ياسىلىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى ۋە بېيىلاندى. ھەتتا بەزى ئەرەب تىلى سۆزلۈكلىرى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسلى شەكلىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر تىلىغا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتتى. مەسىلەن: «ئالمادىس» بۇ سۆز ئەسلى ئەرەب تىلىدىكى (عالم حادس) «ئالەم»، «ھادىس» دېگەن سۆزلەردىن بىرىككەن بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «ئۆزگىرىشچان ئالەم» دېگەندىن ئىبارەت. لېكىن بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىمىزدا «تەسادىپىي، تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدىغان بولدى. «باركاللا» - بۇ سۆزمۇ ئەسلى ئەرەب تىلىدىكى (بارك + الله) «باركە- ئاللا» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئاللانىڭ بەرىكىتى ۋە ھىممىتى سىزگە بولسۇن» دېگەندىن ئىبارەت. مانا مۇشۇنداق ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئىستېمال قىلىنىشى جەريانىدا، خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئىسلام دىنى ئەقىدىسى، شەرىئەت، قانۇن، ھاكىمىيەت، سىياسەت، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەرگە ئەرەبچە سۆزلەر ئۆزلىشىپ، ئۇيغۇر تىلىغا خاس نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن. مەسىلەن:

«ئايەت» دېگەن سۆز ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئادا» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئارتۇت» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ھەدىيە»، «بىتىك» نىڭ ئورنىغا «كىتاب»، «بۇدۇن» نىڭ ئورنىغا «خەلق»، «ئوتقاش» نىڭ ئورنىغا «مەشئەل»، «قۇت» نىڭ ئورنىغا «بەخت» ··· قاتارلىق ئەرەبچە سۆزلەر ئىشلىتىلگەن.

دۇنيا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ يېڭى شەيئىلەر شۇنداقلا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارمۇ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. بىز ئۆز تىلىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز تىلىمىزدا ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولغانلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز تىلىمىزدا ئىپادىلەشكە، يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا تىرىشىشىمىز، ئۆز تىلىمىزدا ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمىغانلىرىنى، شۇ شەيئىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مىللەت تىلىدىن قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى (171 - 179 - بەتلەر).
2. تۈركىي تىللار تەتقىقاتى (2).
3. چاغاتاي تىلى.
4. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى.
5. ئەرەبچە - خەنزۇچە لۇغەت.



(پوچتا نومۇرى: 830000)
**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1997 - يىللىق 4 - سان

# ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم شەرتلىرى ھەققىدە

ئابلەت ئۆمەر*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، نادىر ۋە ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتا جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم شەرتلەر — پۇختا تۇرمۇش ئاساسى، مول ئىجادىيەت ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىسى، كەڭ بىلىم، توغرا دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش، سەنئەت قارىشى، يۇقىرى بەدىئىي تەربىيە، پىشقان بەدىئىي ماھارەت قاتارلىقلارنى ھازىرلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文论述创作优秀文学作品一定要具备的重要条件——坚实的生活根底、丰富的创作实践经验、广博的知识、正确的世界观、审美观、艺术观、良好的艺术修养、炉火纯青的艺术技巧等。

**Abstract**: In this article, the author expounds the important requirements one must have in creating excellent Literay works. That means one should have rich life experience, extensive knowledge, correct world outlook, aesthetic standards, artistic view, good artistical accomplishment and the attained perfection in artistry, etc.

نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشىلىك ھاياتتىكى تېگىگە يېتىش قىيىن بولغان ۋەقە، ھادىسە ھەم مەنزىرىلەرنى جاھاننەما ئەينىكىدەك نامايان قىلىپ، ئاجايىپ بىر خىل جەلپكارلىق ۋە سېھرىي كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. بىر نادىر ئەسەرنىڭ تەسىرى كۆپ ھاللاردا نەچچە ئون ھەتتا نەچچە يۈز ئادەتتىكى ئەسەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. مۇنداق قالتىس ئەسەرلەرنى يازغۇچى قانداق ئىجاد قىلىدۇ؟ بىزنىڭچە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى پەقەت ئىنساننىڭ ھايات پائالىيىتى بىلەنلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

كىشىلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت جارىيانىنى گويا پىلە قۇرۇتىنىڭ مەشۇت چىقارغىنىغا، ھەسەل ھەرىسىنىڭ شىرنە يىغقانلىقىغا ئوخشىتىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەم مۇشكۇل، ھەم نازۇك، ھەم ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ، ئۇ يازغۇچىلارنىڭ پۈتكۈل ئەجرى، كۈچ - قۇۋۋىتى، زېھنى، قان - تەرى سەرپ قىلىنغان بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ ئۇ ئىجادكارلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ:

* ئابلەت ئۆمەر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

## 1. پۇختا تۇرمۇش ئاساسى، مول ئەمەلىي تەجرىبىسى ۋە كەڭ بىلىم جۇغلانمىسى بولۇش

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمگىكىنىڭ ئوبيېكتى ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇش. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا، مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى — سەنئەتكار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى. ئەگەر يازغۇچى — سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولىدىكەن، تۇرمۇش ھەققىدىكى تونۇشى يۈزە بولىدىكەن، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتالمايدۇ. ئېلىمىزدىكى، چەت ئەللەردىكى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئەدىبلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىجادىيەتنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى تونۇپ يەتكەن، چۈنكى ئۇلار ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا، مول ۋە پۇختا ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىسى، يېڭى - يېڭى پىكىر، خىلمۇ خىل ئىلھام، رەڭگارەڭ تەسەۋۋۇرلارنىڭ بۇلىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تونۇشى پەقەت ھېسسىي تونۇش باسقۇچىدىلا توختاپ قېلىپ، ئاڭلىق، ئىدراكى تونۇش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلمىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ جەھەتتە ئۇلاردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ. كىتابىنىڭ نەزمى مۇقەددىمىسىدە ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت جەريانى ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

58. ئۇ تۇغقان ئېلىدىن كېتىپتۇ چىقىپ،
كىتابنى نەزمىگە قوشۇپ تۈگىتىپ.

59. پۈتۈن ھەممىسىگە بېكىتكەچ نىزام،
ئۇنى قەشقەر ئىچىدە قىلغان تامام.

ئېنىقكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىگە تۇرمۇشتىن شېئىرىي خام ماتېرىيال تېپىش ۋە شېئىرىي ھېسسىيات ئېلىش ئۈچۈن مەقسەتلىك ھالدا «تۇغقان ئېلىدىن كېتىپ، تەرەپ - تەرەپتە ئىزدىنىپ»، تۇرمۇشنى كۆزىتىپ، تۇرمۇش جۇغلانمىسى ئاساسىدا كىتابنى قايسى تەرتىپ - نىزامدا يېزىپ پۈتتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئاخىرى ئۇنى قەشقەردە تاماملىغان. دېمەك، قاراخانىلار دەۋرىدىكى يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان «قۇتادغۇبىلىك»نى مۇ[illegible]ىللىپ قەدىمكى رېئال ۋەقەلەر، سەلتەنەتلىك بەدىئىي ئوبرازلار، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، ماقال - تەمسىل، شېئىر - قوشاق ۋە خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، تىل بايلىقىنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىلىرى بىلەن بېزىگەن. مەلۇمكى، بەدىئىي چىنلىق پرىنسىپى رېئالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ توپ پرىنسىپى. بەدىئىي چىنلىق ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ راستچىللىق بىلەن ئىپادىلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. چىنلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جېنى بولغاچقا، مۇبادا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى رېئاللىقنى بۇرمىلىسا، خۇنۇكلەشتۈرسە ياكى خالىغانچە پەردازلىسا ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ. بۇ مۇھىم نۇقتىنى ئۇلۇغ كلاسسىك شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ھېس قىلغان ۋە تونۇپ يەتكەن، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە:

6620 دۇرۇس سۆزلىدىم سۆز، ئاچچىق ھەم يىرىك،
دۇرۇس سۆز كۆتەرگەن ئۇ ئاقىل، قارا.

6627 يۈسۈپ، سەن يارامىلىق، دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك، قارا.

دەپ تەكىتلەپ، شائىرلاردىن ئوي - پىكىرنى ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە چىنلىقتا ئەمەل قىلىشنى، راستچىل بولۇشنى، رېئاللىقنى پەردازلىماسلىق ۋە بۇرمىلىماسلىقنى، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلغان، ئۆزىمۇ مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغا-

نىدى. مەلۇم مەنىدە بۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە بەدىئىي ئىستىلى دېيىشكە بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ قاردىشىمىزنى شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئىسپاتلايدۇ:

6629 جاھان بىۋاپادۇر، خۇلقى ئىشەنچسىز،
ئى ئاقىل ئۇنىڭدىن يىراق تۇر، يىرا.

6575 كىشى ئاتى قالدى، يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك، كەينىدىن باراي مەن.

6595 جىمى ياخشى كەتتى، يوسۇن - قانۇنمۇ ھەم،
رەزىل قالدى، ياخشىنى نەدىن تاپاي مەن.

6601 چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىسىنى ئۇراي مەن.

شۇڭا يازغۇچىدا مۇئەييەن تۇرمۇش ئاساسى بولۇشى، يازغۇچى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنىڭ «ئىجادىيەت ئامبىرى» نى مول، مۇرەككەپ، جانلىق رېئال تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تولدۇرۇپ تۇرۇشى زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بىمالال شۇغۇللانغىلى، نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ، روسىيە يازغۇچىسى ئى. س. تۇرگېنىۋ: «مېنىڭ ھازىرقى خېلىلا ياخشى نەرسىلىرىمنى ماڭا تۇرمۇش بەرگەن، ئۇنى مەن ئىجاد قىلىپ چىققان ئەمەس» دېگەنىدى. يەنە بىر روسىيە يازغۇچىسى مىخائىل يېۋگرافوۋىچ سالتىكوۋشېدرىن «تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار» دېگەن ئەسىرىدە: «مەن يانچىلىق تۇزۇمى قوينىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، ئەمگىنىم يانچى ئانىنىڭ سۈتى، ئالغىنىم يانچى ئىنىگئانىنىڭ تەربىيىسى بولدى، مېنىڭ ساۋادىمنى چىقارغان ئادەممۇ بىر ساۋاتلىق يانچى ئىدى. ئۇلارنىڭ قىپ - يالىڭاچ بەدىنىدىن مەن ئۆز ئۆزۈمدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن قۇللۇق تۇرمۇشنىڭ بارلىق پاجىئەلىك مەنزىرىلىرىنى كۆردۈم» دەپ يازغانىدى. ئەنگلىيە شائىرى پىرسى بېش شېللى «ئىسلام قوزغىلىڭى» دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «مەن بالا ۋاقتىمدىلا تاغلار، كۆللەر، دېڭىزلار ۋە جىمجىت ئورمانلار بىلەن تونۇش ئىدىم ··· مەن يىراقتىكى كەڭ داللاردا كېزىپ يۈرگەنىدىم. مەن ھەيۋەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريالاردا، كېچە - كۈندۈز تاغلار ئارىسىدىن ئۆتۈۋاتقان جىددىي ئېقىنلاردا قېيىقتا ئۈزگەنىدىم. قۇياشنىڭ چىقىشى، پېتىشىنى، ئاسماندىكى توپ - توپ يۇلتۇزلارنىڭ چاقناشلىرىنى كۆرگەنىدىم. ئادەملىرى مىغىلداپ تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى كۆرگەنىدىم، بارغانلا يېرىمدە ئاممىنىڭ كەيپىياتىنىڭ قانچىلىك كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، قانچىلىك چۈشكۈن ۋە تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. زوراۋان سىياسەت ۋە ئۇرۇشنىڭ ئاشكارا زورلۇق ۋە زالىملىق قىلىش مەنزىرىلىرىنى كۆردۈم، نۇرغۇنلىغان شەھەرلەر ۋە يېزىلارنىڭ قۇپ - قۇرۇق خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، قىپ - يالىڭاچ ئائىلىلەرنىڭ خارابلاشقان ئىشىكلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆرگەنىدىم ··· مەن مۇشۇ مەنبەلەردىن ئۆز شېئىرلىرىمدىكى ئوبرازلارغا ئوزۇق ئالدىم» دېگەنىدى. مانا بۇ خىل قاراشلار ۋە ئەمەلىي تەسىراتلار يازغۇچىدا پۇختا تۇرمۇش ئاساسى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەدەبىيات تارىخىدىكى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى توپلاش، ئىزدىنىش ۋە تاۋلاش بىلەن يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان. مەسىلەن:

پارس شائىرى فىردەۋسى (940 — 1020) نىڭ «شاھنامە» ناملىق داستانى يۈز مىڭ مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، فىردەۋسى ئۇنى 35 يىلدا يېزىپ چىققان. «شاھنامە» دە پارس تارىخىدىكى ھەرقايسى بەگلىك، خان - پادىشاھلىقلارنىڭ گۈللىنىشى، بەربات بولۇشىغا دائىر رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي

پاكىتلار بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە
قەدىمكى دەۋرلەردىن ساسانىيلار سۇلالىسى بەربات
بولغىچە ئۆتكەن ئەللىك نەچچە خان، پادىشاھنىڭ
ھاياتى تەسۋىرلەنگەن، ئۇندىن باشقا 4000 يىلدىن
بۇيان ئاۋام خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپ-
سانىلەر، لەتىپىلەر، چۆچەكلەر ۋە رىۋايەتلەر
سۆزلەنگەن. «شاھنامە» پارس تىلىدا يېزىلغان
بۈيۈك داستان بولۇپ، ئۇ مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇ-
نى، مەيلى بەدىئىيلىك ۋە مەيلى تەسىرى جەھەتتە
بولسۇن ئالاھىدە زور نەتىجە قازانغان. بۇ داستان
ئىران ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەر-
بىي - جەنۇبىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ
ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمان
مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.
«فائوست»نى يوھان ھىيۇتى 60 يىلغا يېقىن ۋا-
قىت جاپالىق ئىشلەش جەريانىدا يېزىپ چىققان
بولسىمۇ ئۇ يەنىلا مول تۇرمۇش جۇغلانمىسىنىڭ،
بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ، جەمئىيەت تەجرىبىسىنىڭ
مەھسۇلى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ ئاپتو-
رى ئۆز ئەسىرىنى دىياۋخوڭشۈەندە «ئون يىل تەھ-
سىل قىلىپ، بەش قېتىم ئۆزگەرتىپ» يېزىپ
چىققان. مونورې بالزاكنىڭ «يېزا دوختۇرى» نام-
لىق ئەسىرى يەتتە يىلدا پۈتكەن، ئا. پ. چېخوپ-
نىڭ «ئېپىسكوپ» («باش روھانى») دېگەن ئە-
سىرىنىڭ تېمىسى ئۇنىڭ مېڭىسىدە 15 يىل ئايلان-
غان.① «قىزىل بايراق شەجەرىسى» (1 - قىسىم)
20 يىلدەك ئىزدىنىش ئارقىلىق يېزىپ چىقىلغان.
گومورونىڭ «چۈي يۈەن» ناملىق سەھنە ئەسىرى
گەرچە ئون كۈندە يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنى يېزىشنى پىلانلىغاندىن باشلاپ ھېساب-
لىغاندا، ئاز دېگەندە 21 يىل سەرپ قىلىنغان.

ياز غۇچىلار پۈختا تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە
بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ بىرىنچى-
دىن، يازغۇچى ئالدى بىلەن تۇرمۇشنى پىششىق
بىلىشى كېرەك. تۇرمۇشنى بىلىش ئالدى بىلەن
ئۆزىمىز ياشاپ تۇرغان زېمىننى، بىزنى تۇغقان
ئەل يۇرتنى ۋە مىللەتنى بىلىشتۇر. بۇنىڭدىن
مۇستەسنا ھالدا، تۇرمۇشنى بىلىش ۋە تۇرمۇش
ئىچىگە يىلتىز تارتىشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇم-
كىن ئەمەس، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ماد-
دىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە بايلىقى
بولىدۇ. بۇ خىل بايلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدە-
نىيەت خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم مۇ-
ۋەپپەقىيەتلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، بەل-
كى يەنە شۇ مىللەتكە، شۇ مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان
مەزگىللەردىكى تۇرمۇش، ئاڭ شەكلىگە خاس بول-
غان كونكرېت مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
مىللىتىمىز تىل، پىسخىكا، ئۆرپ - ئادەت ۋە
باشقا تەرەپلەردە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. مانا
بۇلار بىز ئۆگىنىشكە، بىلىشكە، ئىپادىلەشكە تې-
گىشلىك بولغان تۇرمۇش. يازغۇچى ئەخەت تۇردى
ئۆزىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىنىڭ ئىجا-
دىيەت جەريانى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «1951 -
يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى دوتەي يامۇلى (ھازىرقى
ۋالى مەھكىمىسى) نىڭ ھويلىسىدىن ۋە شەھەر
سېپىلىدىن نۇرغۇن جەسەت قېزىۋېلىنغانىدى، كې-
يىن بۇ جەسەتلەر جىنازىلارغا سېلىنىپ، پۈتۈن
شەھەر خەلقىدىن شەكىللەنگەن چوڭ ھازا قوشۇنى
ئىچىدە شەھەر يېنىدىكى ھەزرەت گۆرۈستانلىقىغا
ئېلىپ مېڭىلدى. شۇ چاغدا مەنمۇ باللارغا خاس
بىر خىل قىزىقىش بىلەن ئاكامغا ئەگىشىپ قەب-
رىستانلىققا چىققان، يول بويى كىشىلەرنىڭ شۇ
جەسەتلەر توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى قىزىقىپ ئاڭ-
لىغانىدىم، ئەسلىدە ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا، يەرلىك فېئودال -
پومېشچىكلارنىڭ سىنىپىي زۇلۇمىغا قارشى كۆ-
رەش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ يەرلەرگە توپ - توپى
بىلەن تىرىك كۆمۈلگەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئە-
كەن! شۇ چاغدىكى پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە سال-
غان چوڭقۇر مۇسىبەتلىك كۆرۈنۈش مېنىڭ گۆ-
دەك قەلبىمدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇرغانىدى. ئوت-
تۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ بەزى ئو-
قۇتقۇچىلارنىڭ 40 - يىللاردا قەشقەردە يۈز بەرگەن
ئىشلار توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانى-
دىم. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى شۇ دەۋردىكى
ئىشلارنىڭ شاھىدى ياكى بىۋاسىتە ئىشتىراكچىلى-

---

① «ئو. ل كىنىبىرغا يېزىلغان خەت»، «چېخوۋ ئەدەبى-
يات توغرىسىدا» 322 - بەت.

رى ئىدى. كېيىن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ،
ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان
چاغلىرىمدا، بۇ خاتىرىلەر كۆز ئالدىمدا تەكرارلى-
نىدىغان، جانلىنىدىغان بولۇپ قالدى. يېزىقچى-
لىق تەجرىبەمنىڭ كۆپىيىشى، تۇرمۇشقا بولغان
چۈشەنچەمنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن كاللامدا بارا
- بارا «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىنىڭ توپ ئىدى-
يىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى. كېيىنكى ئىشلار
پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى ۋە ئەسەر
كومپوزىتسىيىسى ئىدى. لېكىن، مەن يازماقچى
بولغان بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن دەۋر ئارقا
كۆرۈنۈشى مەن كۆرمىگەن، بىلمىگەن ئىشلار بول-
غاچقا، شۇ زاماندىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، ئوي
- خىيالى ۋە ھېسسىياتى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇ-
شۇشقا، ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. شۇ مەقسەت
بىلەن ئەينى زاماندا ياشىغان ۋە شۇ چاغدىكى سىيا-
سىي، ئىجتىمائىي كۈرەشلەرگە، جەڭلەرگە قات-
ناشقان ئادەملەرنى ئىزدەپ سۆزلەشتىم، سىرداش-
تىم ھەتتا قەشقەردە تۈنجى قېتىم شاپىگراف بىلەن
گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قارشى تەشۋىقات ۋارىقى
بېسىپ تارقاتقان بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈ-
چۈن ئىز قوغلاپ غۇلجىغىچە باردىم. شۇ دەۋرنىڭ
مەدەنىيىتىگە، ئىدىئولوگىيىسىگە ۋە تارىخىغا ئا-
ئىت ماتېرىياللارنى ئىزدەپ ئۆگەندىم. مۇشۇنداق
ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش نەتىجىسىدە «‹ئۇنتۇلغان
كىشىلەر›نى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتىم».

شائىر ئابدۇللا سۇلايمان ئۆزىنىڭ داستان ئى-
جادىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەشقەر چايخا-
نىلىرىدىكى سۆھبەتلەردە ئوقۇمۇشلۇق مويسىپىت-
لەر ئېغىزىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ 1947 -
يىلى ئاپرېلدا قەشقەرگە كېلىپ، گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچى دائىرىلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ،
تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى جان - دىلى بىلەن
قوغدىغانلىقىغا دائىر تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئاڭلىغا-
نىدىم. كېيىن كاللامدا: ئەخمەتجان ئەپەندى قەش-
قەرگە كەلگەن ئىكەنۇ، خوتەنگىمۇ بارغان بولغىيت-
تى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلدى. بۇ ھەقتە پېشقەدەم-
لەردىن سوراپ، ئۇنىڭ خوتەنگە بارغانلىقىنى بىل-
دىم، شۇ يىلى ئاۋغۇستتا دەم ئېلىش پۇرسىتىم-
دىن پايدىلىنىپ، خوتەندە پېشقەدەملەرنى زىيارەت
قىلدىم، تارىخىي ئىزلارنى كۆردۈم. بولۇپمۇ ئەينى
چاغدا ئەخمەتجان ئەپەندى خوتەنگە كەلگەندە ئارىلى-
غان - كۆرگەن «ئالتۇن كوچىسى»، «چايخانا
مەكتەپ»، «خەلىپىلىك ھويلا» قاتارلىق ئورۇن-
لارنى كۆرۈش، ئۇ ئۇچراشقان كىشىلەر ھەمدە ئۇ
تۇرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانلار بىلەن سۆھبەتلى-
شىش ئارقىلىق خېلى كۆپ ماتېرىيالغا ئىگە بول-
دۇم. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1979 - يىلىنىڭ
باشلىرىدا ئۆگىنىشىم، چۈشىنىشىم ۋە تەپەككۇ-
رۇم ئاساسىدا «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن»
ناملىق داستاننى يازدىم.

ئىككىنچىدىن، يازغۇچى تۇرمۇشنى قىزغىن
سۆيۈشى كېرەك.يازغۇچى مەھەممەت باغراشنىڭ بۇ
ھەقتىكى تەسىراتى خېلى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ بۇ
ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەتراپتىكى كىشىلەر مېنى
بىر خىل ئاجايىپ سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە
تارتتى. مەن ئۇلارنى ئوتلۇق مېھرىم بىلەن سۆ-
يۈشنى، ئۇلارنى قەدىرلەشنى ئۆگەندىم. مەندە ئۇ-
لارنىڭ ئارزۇسى، ئۈمىدى، قايغۇسى، خۇشاللىقى
بىلەن ئورتاقلىشىش ئىستىكى، ھاياتتىكى كىشى
سۆيۈپ قانمايدىغان گۈزەللىكنى، قانچە ئۇلۇغلى-
سىمۇ ئەرزىيدىغان ياخشى كىشىلەرنى، ئەتراپتىكى
كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئۇلارنىڭ نېمە-
لەرنى ئويلاۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈش، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى، ھاياتنى، گۈ-
زەللىكنى، ياخشىلىقنى چىن قەلبىمدىن سۆيۈش-
كە، قەدىرلەشكە ئۈندەش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.
مېنىڭ نەزەرىمدە، بۇ ئىستەكنى ئىش يۈزىدە كۆر-
سىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى ئەدەبىيات ئىدى.
بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە تۇرمۇشنىڭ ئاۋازى، تۇرمۇش-
نىڭ چاقىرىقى، تۇرمۇشنىڭ دالالىتى ئىدى. مەن
ئەدەبىيات دېگەن مۇقەددەس ئىلىم ئالدىدا تولىمۇ
ئاجىز، بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز بولساممۇ، يۈرى-
كىمدىكى ئوت - يالقۇننى ئۆزۈمنىڭ تىلىدا، ئۆزۈم
ياقتۇرغان ئاھاڭدا ئىزھار قىلىش، ئۆزۈم بىلىدى-
غان ھايات ناخشىسىنى — ئاشۇ ئىشچىلانىڭ ناخ-
شىسىنى توۋلاپ ئېيتىش ئىستىكىدە ئەدەبىيات بو-
سۇغىسىغا قەدەم قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن ئارقا -

ئارقىدىن «سەپداش»، «ساۋاب»، «نەۋقىران
بۈركۈت»، «ئادەملەر» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئې-
لان قىلدىم. تۇرمۇش مېنىڭ ئانام، مېنى تۇر-
مۇش تۇغدى، دەۋر يېتىشتۈردى، مەن شۇ تۇر-
مۇشنى سۆيىمەن، ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق بولىمەن.
» ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى بىلىمگە قىزغىن ئىنتە-
لىشى كېرەك.

خەلققە، تۇرمۇشقا، ئۆز ئىشىغا سادىق يازغۇ-
چى جەمئىيەت، تەبىئەت، تۇرمۇش ۋە ئىنسان توغ-
رىسىدا كەڭ، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇشى كې-
رەك. تارىختىكى مەشھۇر يازغۇچىلار كەڭ ۋە
چوڭقۇر بىلىم ئىگەللىگەن ئالىملار، مۇتەپەككۇر-
لار ۋە پەيلاسوپلار، ھەتتا بەزىلىرى تەبىئىي پەن
بىلىملىرى جەھەتتىمۇ يۈكسەك كامالەتكە يەتكەن
كىشىلەر بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە پۈتە-
مەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ ۋە ئىلمىيلىك بە-
خش ئەتكەن. مەسىلەن، XIX ئەسىردە ئۆتكەن تا-
رىخچى ۋە مۇزىكىشۇناس موللا ئىسمەتۇللا بىننى
موللا نىئمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى
مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇ ئەزىز مۇشۇ
موغۇلىستاندىن① ئىدى. ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئە-
بۇ نەسىر فارابىدەك، ھېكمەتلىكتە ھەزرىتى ئىبنى-
سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەمىرى نىزامىدىن
ئەلىشىر نەۋائىدەك، نەغمىچىلىكتە قېدىرخاندەك
ئىدى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى.
زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا
500 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارى تەربىيىلىنىپ
چىقتى. 200 چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت
تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى.»

لۇتفىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن
«گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق مەشھۇر لىرىك داستانى
(1411 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، 120 باب، 2400
مىسرا) ۋە 280 غەزەل، 2 قەسىدە، 18 قىتئەدىن
تەركىب تاپقان «دىۋان لۇتفى» توپلىمى بار. شۇڭ-
لاشقا نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» نام-
لىق ئەسىرىدە لۇتفىنى 2 - مەجلىسكە كىرگۈ-
زۈپ، «مەلىكۇل كەلام» (سۆز پادشاھى) دەپ ئا-
تىغانىدى. نەۋائىنىڭ «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ
ئۇستىلىرىدىن، تۈرك تىلىنىڭ ماھىرلىرىدىن،
ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانە سەككا-
كى ۋە مەۋلانە لۇتفىدۇركى، ھەربىرىنىڭ تاتلىق
شېئىرلىرى شۆھرىتى تۈركىستاندا چەكسىز شۆھ-
رەت قازاندى ۋە ھەربىرىنىڭ يېقىملىق گۈزەل
غەزەللىرى ئىراق ۋە خوراساندا ئۈزۈلمەي تارقال-
ماقتا......» دەپ تەرىپلىشىمۇ لۇتفىنىڭ نەۋائىغا
بەرگەن تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقىنى ئىس-
پاتلايدۇ. نەۋائى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتە-
يىن» ناملىق ئەسىرىدە ئۇستازى لۇتفىنى ئۇلۇغ
پارس شائىرلىرىدىن سەئدى ۋە ھاپىز شىرازىلار
بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ تىلغا ئالغانىدى. لۇتفى-
نىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى كۆپلىگەن ما-
تېرىياللاردا ئۇنىڭ يالغۇز يېتۈك شائىرلا ئەمەس،
ئەتراپلىق يېتىلگەن ئالىم ۋە مۇزىكىشۇناس ئىكەن-
لىكى ئىسپاتلانغان. لۇتفى شېئىرلىرى يالغۇز ئۇي-
غۇرلار ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادى-
كى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىسلام
مەملىكەتلىرى ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىدا
ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە. ئۇ ئۆز دەۋرىدىلا
«شېئىرىيەت پادشاھى» دەپ نام ئالغان. تارىخچى
خاندەمىر XVI ئەسىردە يازغان «مەكارىمول ئەخلا-
ق» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىقى،
گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيادا بىردىنبىر سانال-
غان لۇتفى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈركىي تە-
لىدا بىرەر كىشى ئۇنىڭدىن ياخشىراق شېئىر ئېي-
تالمىغان» دەپ لۇتفىغا يۈكسەك باھا بەرگەن.

لۇتفى ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇ-
رى، مەشھۇر سۆز سەنئەتكارى ئىدى. ئەلىشىر
نەۋائىنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركىيگويلىقتا ئۇنىڭ
شۆھرىتى ئىراققا قەدەر كەڭ يېيىلغان بولۇپ،
پارسگويلۇقتا ئەينى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ پارس شائىر-
لىرىغا تەڭلىشەلەيدىغان سۆز ئۇستىسىدۇر. شۇڭا
يازغۇچىنىڭ بىلىمى قانچە كەڭ، پۇختا ۋە چوڭقۇر
بولسا، يازغان ئەسىرىمۇ شۇنچە پاساھەتلىك بولى-
دۇ.

① ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار دىيارى «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان.

## 2. توغرا دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش ۋە سەنئەت قارىشى بولۇش

مەشھۇر يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس لۇشۈن ئەپەندى: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقنىڭ روھى چاچقان ئوت يالقۇنى، شۇنداقلا خەلق روھىنى يېتەكلەيدىغان ئىستىقبال چىرىغىنىڭ نۇرىدۇر.» دېگەن.

تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدە، زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۇلاردا ئىلغار دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش ۋە سەنئەت قارىشىنىڭ بولغانلىقىدۇر. نېمە ئۈچۈن يازغۇچىدا ئىلغار ۋە توغرا دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش، سەنئەت قارىشى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ؟

بىرىنچىدىن، ئىلغار دۇنيا قاراش توغرا ئىجادىيەت مەقسىتى ۋە ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى بەلگىلەيدۇ. ئەنگلىيە شائىرى پېرسى بېش شېللى ئۆزىدە «دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسى» نىڭ بارلىقى، كىتابخانلارغا «بەزى ئالىيجاناب گۈزەل غايىنى بىلدۈرمەكچى» بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. هولىير ‹ژان باتىست پوكلىن› دراما ئارقىلىق «كىشىلەرنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى» بولغانىدى. ئا. پ. چېخوب «جەمئىيەتنى ئويغاتماقچى، كىشىلەرنى ھەرىكەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلماقچى» بولغان. ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تۋېننىڭ ئېسىل ئەسىرى «ھېكلبېرى فىننىڭ كەچۈرمىشلىرى» دە سەرگەردان بالا ھېكلبېرى فىننىڭ نېگىر قۇل جىمنىڭ سال بىلەن مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ، قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغان رايونغا قېچىپ بېرىشىغا ياردەم قىلغانلىقىدىن ئىبارەت خەتەرلىك ۋەقە ھېكايە قىلىنىدۇ. ئەسەر خىلمۇ خىل بەدىئىي ئۇسلۇب، تەسىرلىك، ئاددىي خەلق تىلى ۋە ئەپچىل قۇرۇلمىغا ئىگە. ئەسەردە ئېرقىي كەمسىتىش ۋە ئىجتىمائىي ئەنئەنىنىڭ كىشىلەرگە بولغان تەسىرى ئۈستىدە پسىخولوگىيىلىك تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ مارك تۋېننىڭ ئامېرىكا نېگىرلىرى بىلەن بولغان سەمىمىي دوستلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «ھېكلبېرى فىننىڭ كەچۈرمىشلىرى» دىكى جىم مارك تۋېن ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا يۇرتى مىسسۇرى شىتاتىنىڭ خەننىبال يېزىسىدا تونۇشقان يېقىن دوستى «دانىيېل تاغا» نىڭ پروتوتىپى.

مارك تۋېن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يازغان ئەسلىمىسىدە، ئۆزىنىڭ نېگىر دوستىنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى نېگىرلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دوستلىرىمىز ئىدى. دانىيېل تاغا دەيدىغان بىرسى بىز بىلەن ئالاھىدە يېقىن بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق، يۇۋاش، ساددا ھەم قىزغىن نېگىر قۇل ئىدى. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتتە شۇ ئەتراپتا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قۇللار مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇرغان. مەن ئۇلارنىڭ بەزى ئېسىل خىسلەتلىرىگە ئىنتايىن زوقلىناتتىم، مېنىڭ ئۇلارغا بولغان ھېسسىياتىم ۋە باھايىم 60 نەچچە يىللىق سىناقتىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق ئۆزگەرمىدى.»

XIX ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئابدۇرېھىم نىزارى ھەقىقىي ۋەقەگە ئاساسەن «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق داستاننى يېزىپ چىقتى. ئۇ بۇ تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەسەرنى يېزىشتا ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنى يېتەكچى قىلدى. ئۇسۇل جەھەتتىن رېئالىزم پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ رابىيە ـ سەئىدىن پاجىئەسىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. شۇڭا بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ بىر ياخشى نەمۇنىسى بولۇپ قالدى. يۇقىرىقى مىساللاردىن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى ۋە مۇددىئاسى يازغۇچى دۇنيا قارىشىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ، يازغۇچى دۇنيا قارىشىنىڭ ئىجادىيەتكە نىسبەتەن يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىقىنىڭ بىر تەرىپى.

ئىككىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆزىتىشى، ئۇنى ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشىدىمۇ يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى نۇقتىنەزەرى بويىچە ئېيتقاندا، يازغۇچىلار ئۇزاق مۇددەت ئوتتەك قىزغىن كۈرەش ئىچىگە بېرىشى ھەمدە تۇرمۇشنى ئەستايىدىل كۆزىتىشى ۋە ئۇنى تونۇشى لازىم، بۇ، يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىغا كىرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان تەييارلىق خىزمەت. تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئۇنى تونۇش، ئەلۋەتتە، يازغۇچى دۇنيا قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. پەقەت ئىلغار دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكى بولغاندىلا، ئاندىن تۇرمۇشنى توغرا تونۇغىلى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلىگىلى بولىدۇ. ماكسىم گوركىينىڭ «تۆۋەن قاتلامدا» دېگەن ئەسىرىنى ئالساق، بۇ ئەسەر «ئۆتكەن دەۋر كىشىلىرى» ئۈستىدە 20 يىلغا يېقىن كۆزىتىش ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ، مېشچانلارنىڭ قىلىقلىرىنى ئىلغار دۇنيا قاراش ئارقىلىق كۆزەتكەنلىكى، ئۆگەنگەنلىكى، تەتقىق قىلغانلىقى ۋە تەھلىل قىلغانلىقى ئۈچۈن مېشچانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىغان، رۇس تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر قاتار مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشنى توغرا كۆزىتىش ۋە ئۇنى چوڭقۇر تونۇش يازغۇچىنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى ۋە ئىدىيىۋى تونۇشى، دۇنيا قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ماتېرىيالىنى تاللىشى، تۇرمۇشنى ئىپادىلىشى ۋە تۇرمۇشقا باھا بېرىشى يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئىجادىيەت پائالىيىتى يازغۇچىنىڭ شەخسىي مەنىۋى ئەمگىكى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان ئېستېتىك قاراشتىكى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بەرگەن باھاسى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەربىر يازغۇچى ھامان ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان نەرسىلەرنى گۈزەل نەرسە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ھەمدە ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ. بېلىنىسكىي «رېئاللىقنىڭ ئۆزى گۈزەلدۇر، بىراق بۇ گۈزەللىك ئۇنىڭ ماھىيىتىدە، تەركىبىدە، مەزمۇنىدا بولۇپ شەكلىدە ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رېئاللىق خۇددى بىر پارچە تاۋلانمىغان ئالتۇندۇر. پەن ۋە سەنئەت بۇ ئالتۇننى تاۋلاپ، ساپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنى گۈزەل شەكىلگە كىرگۈزىدۇ» دېگەنىدى، رېئال تۇرمۇشتىكى مول ۋە رەڭدار گۈزەللىك تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە رېئال ۋە غايىۋى تۇرمۇش «رودىلار» يازغۇچى شائىرنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسىنىڭ يالقۇنىدا تاۋلىنىپ، پروزا، دىراما ياكى شېئىردىن ئىبارەت گۈزەل بەدىئىي شەكىلگە ئايلىنىدۇ. شائىر ئىدىيىسىدىن ئىبارەت بۇ يالقۇنلۇق پېچ رېئال تۇرمۇشتىكى گۈزەل نەرسىلەرنى تاۋلاپ، مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، گۈزەل سەنئەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن بەدىئىي ئەسەرلەر ئۇزاق مۇددەت بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدا مەيدانغا كېلىشى جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگەك جەريانى دەل ئۇلارنىڭ ماتېرىيال توپلاش، مول ئەدەبىيات خام ماتېرىياللىرىنى تەكرار تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى. تېخىمۇ مۇھىمى يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش جەريانىدۇر.

## 3. يۇقىرى بەدىئىي تەربىيە ۋە پىشقان بەدىئىي ماھارەت بولۇش

يازغۇچى «ئىقتىدار، جۈرئەت، تونۇش ۋە كۈچ»تىن ئىبارەت تۆت شەرتنى ھازىرلىغاندىلا، ھەقىقىي يازغۇچىغا ئايلىنالايدۇ. بىرىنچىدىن، يازغۇچى ئۆزى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئوبيېكتىنى ئىلغار مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆرسىتەلەيدىغان ۋە تەھلىل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ئۇ مول تۇرمۇش تەجرىبىسى، كەڭ تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، لېكىن بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس، يازغۇچى يەنە زۆرۈر بولغان بەدىئىي تەربىيىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، يەنى ئۇ ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىنى بىر قەدەر ياخشى

ئىگەللىگەن ھەم ماھىرلىق بىلەن قوللىنالايدىغان بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنى چوڭقۇر ۋە جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە باي بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ. يازغۇچى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مول مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇشى، ئۆتكۈر كۆزىتىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ھەمدە كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرلىنىش كۈچىگە، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ئوبراز شەكلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تونۇشىنى ئىپادىلەش، يەنى «ھەقىقەتنى ئوبرازلاشتۇرۇش»[1]قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، مانا بۇ خىل تەربىيە يازغۇچىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ماكسىم گوركىي ئەينى ۋاقىتتا، «ئۆزلىرىنى تەربىيىلىگەن ئادەمگە ئايلاندۇرۇشنى ئويلىغان يازغۇچىلار ھەممىنى ئۆگىنىش كېرەك»[2]مول مەدەنىيەت، تارىخ بىلىملىرىگە ۋە ھازىرقى زامان تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، ئۆز مەملىكىتى ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بىلىشى كېرەك، ھەتتا، «ئەدىب، ئاسترونوم ۋە سىلسار، بىئولوگ ۋە ماشىنىچى، ئىنژېنېر ۋە پادىچى قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلىشى كېرەك. ئەگەر ھەممىنى بىلىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئىمكان قەدەر كۆپرەك بىلىشى كېرەك» دېگەنىدى.[3] بەزىلەر ئۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا يېزىشنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ، قىسقىچە قىلىپ «كۆپرەك كىتاب ئوقۇش كېرەك، سىلەردىن كىمىكى شۇ يولنى، يەنى يازغۇچىلىق يولىنى تاللىغانىكەن، ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال ئەدەبىياتنى، ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە تىپلارنى يارىتىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشى كېرەك»[4]دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدىبنىڭ بىر قەدەر ياخشى بەدىئىي تەربىيىگە ئىگە بولۇشىدىكى مۇھىم شەرتلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، سەنئەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى ۋە بىر - بىرىنى ئۆرنەك قىلىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. سەنئەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنىڭ ئورتاقلىقى بار، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىمۇ بار، بۇ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەر ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى تەرەپلەردە ئۇلارنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. «شېئىردا رەسىم بار، رەسىمدە شېئىر بار»، ياكى «شېئىر ئاۋازسىز رەسىم»، رەسىم «شەكىللىك شېئىر» دەيدىغان گەپلەر بار، مانا بۇلار شېئىر ۋە رەسىمدىن ئىبارەت خاراكتېرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل سەنئەتنىڭ ئۆز ئارا چوڭقۇر تەسىرىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر. سەنئەتنىڭ مەلۇم بىر تۈرى باشقا بىر تۈرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغانلىقى، يېڭى مەنىۋى مۇھىتنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل سەنئەتتە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە يېڭى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كوناتوساقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى مۇمكىن. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى بەزى خەتتاتلار ئۇسسۇل سەنئىتىگە ھەۋەس قىلغان، بەزى رەسساملار ئوپېرا سەنئىتىگە ھەۋەس قىلغان، شائىرلار رەسىم ۋە مۇزىكىغا ھەۋەس قىلغان، ئۇلار بۇلاردىن ناھايىتى زور ئىلھام ئالغان، ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياراتقان بەدىئىي ئەسەرلەر يېڭى قىياپەتكە كىرىپ، بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە يەتكەن، چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق، پىرسى. بېش شېللى «ئىسلام قوزغىلىڭى» دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «مۇزىكا تەربىيىسىنى ئالغان قەلب، ئەگەر بۇ خىل قاپىيە ۋە ۋەزىننى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالىسا ۋە ئۇنى بىر - بىرىگە ماس كەلتۈرەلىسە، ئۇ چاغدا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم سادا پەيدا قىلىدۇ، مەن بۇ جەھەتتە بەكمۇ مەستانىمەن» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشسا، ئۇ جەزمەن ئۆزىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى بېيىتالايدۇ ۋە ئۆستۈرەلەيدۇ. سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىش يازغۇچىنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆتكۈر بەدىئىي تەسىرلىنىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ سەنئەت ھەۋەس-

① ماكسىم گوركىي: «ياش يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 311 - بەت.

② «پۈتۈن سوۋېت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتى ئىشچىلار تەھرىر جەمئىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر توغرىسىدا زەربىدار يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 243 - بەت.

③ «كالتە پەملىك ۋە يىراقنى كۆرەرلىك توغرىسىدا»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 81 - بەت.

④ «پۈتۈن سوۋېت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتى ئىشچىلار تەھرىر ھەيئىتى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر توغرىسىدا زەربىدار يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 293 - بەت.

نى، سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن مول ئوزۇقلۇق ماتېرىيال ئېلىشنى، ئۇلارنىڭ بەزى ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنى ھەر تەرەپلىمە يېتىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ناھايىتى چوڭ پايدىسى بار.

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىي ئەسەر «ئىجادىيەت» دېيىلىدىكەن، ئۇنداقتا يازغۇچىلار ئەلۋەتتە ئالدىنقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرلىكتە يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشى كېرەك، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە بۆسۈپ ئۆتۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك. دەۋر ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە بېيىپ بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ بېيىشى ۋە راۋاجلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە، شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، بىر پارچە ئەسەرنىڭ بەدىئىي ھاياتى كۈچكە ئىگە بولۇشى، ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ماھارەتكە باغلىقتۇر. بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر ئادەتتىكى بىر ئىلمىي ماقالىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ئىدىيە جەھەتتە زور ئېنىقلىق ۋە زور قايىل قىلىش كۈچى بېرەلەيدۇ»① بۇنداق بەدىئىي ئۇنۇمگە يېتىشنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى پىشقان بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولۇشتۇر، بەدىئىي ماھارەت دېگىنىمىزدە، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋاستىلىرىنى پىششىق قوللىنىش دەرىجىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، تىل ئىشلىتىش، تىپىك ئوبراز يارىتىش، سيۇژىتنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەر خىل ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگەللەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچىلاردىن باش قاتۇرۇپ ئەجىر سىڭدۈرۈشنى، كۆڭۈلقويۇپتاللاش، تاۋلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرگە بەدىئىي ھوزۇر بېغىشلىغىلى، كۈچلۈك تەسىر قوزغىغىلى بولىدۇ.

ماكسىم گوركىي ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ماھارەت مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ «ئىجادىيەت ماھارىتىنى جەزمەن بىلىش كېرەك، بىر ئىشنىڭ ماھارىتىنى بىلىش ئاشۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى بىلگەنلىكتۇر.» يازغۇچىلار «كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈشى، كۆپ نەرسىلەرنى ئوقۇشى كېرەك، بەزى نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك، ئەمما ئىشلىمەكچى ئىكەن، جەزمەن قابىلىيەت بولۇشى كېرەك، ۋەھالەنكى، قابىلىيەتكە پەقەت ماھارەتنى تەتقىق قىلغاندىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ»② دېگەنىدى، شۇڭا ئالدىنقىلار ۋە زامانىمىزدىكى مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۆگىنىش بىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكىنى ئۆستۈرۈشىمىزدىكى مۇھىم مەسىلىدۇر.

ئۇلۇغ ئەدىبلەردە ئۆتكۈر، چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرلىنىش ئىقتىدارى، مول تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ھەمدە ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارلىرى ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش، چېنىقىش، ئۇستازلارنىڭ سەممىي تەربىيىسى ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي مەيدانغا كەلگەن.

دېمەك، يازغۇچىنىڭ تەربىيىلىنىشىدە ئەڭ مۇھىمى تۇرمۇش، ئىدىيە ۋە بەدىئىي ماھارەتتىن ئىبارەت. تۇرمۇش — ئاساس، ئىدىيە — روھ، بەدىئىي ماھارەت بولسا ئىپادىلەش ۋاستىسى بولۇپ، بۇ ئۈچى ھەم مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىق، بۇلار تەڭ دەرىجىدە ئەمەس، بەلكىئاساسلىق ۋە قوشۇمچىلىق ھەمدە سالماق جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى دۇنيا قاراشتۇر. ئەمما توغرا، ئىلغار دۇنيا قاراشلا بولۇپ، تۇرمۇش جۇغلانمىسى ۋە زۆرۈرىي بولغان بەدىئىي تەربىيىلىنىش ۋە ماھارەت بولمىغاندا، يەنىلا مۇنەۋۋەر يازغۇچى بولغىلى بولمايدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

2. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى.

3. ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

4. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن، 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**


---

① ماكسىم گوركىي: «روسىيە ئەدەبىيات تارىخى» 1 - بەت.

② «شائىرلار مەجمۇئەسى، توغرىسىدا»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 42 -، 43 - بەتلەر.

# يارالمىش ئەپسانىلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە

ئەنۋەر سەمەت غەربى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مىفولوگىيە (ئەپسانەشۇناسلىق) تەتقىقاتى بۈگۈنكى دۇنيا ئىلىم - پەن ساھەسىدە قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىدە، ئالتاي ئەپسانىلەر سىستېمىسىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان دۇنياۋى بەش چوڭ ئەپسانىلەر سىستېمىسى ئىچىدىكى يارالمىش (ئالەم ۋە ئادەمنىڭ يارىتىلىشى) ئەپسانىلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要:**神话研究已成为当前世界上学科领域中的热点之一。本文围绕阿尔泰神话系统对公认的世界五大神话系统,中的创世神话进行比较研究。

**Abstract:** The research on mythology has become one of a hot topics in the field of science nowadays in thes world. In ths article, according to Altay mythology system, the writer made a comparative study about the originate mythology in the acknowledged five world-famous mythologies.

مەدەنىيەتلىك مەرىپەت دەۋرىدىكى ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ نىسبەتەن ئالغا كەتكەن ئەقىل - پاراسىتى، ئاڭ - تۇيغۇلىرىغا يارىشا يۇقىرى سەۋىيەلىك ماددىي مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ۋە روھىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى مەھسۇلاتلار، جۈملىدىن دىن، سەنئەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە ··· لەردىكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ۋە شۇ يول ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان پۇرسەتلەردە، ئۆز روھىيەت ئالىمىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىنى بىلىشتە، روشەنكى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ بىردىنبىر روھىي مۇجەسسىمى بولغان ئەپسانە ۋە ئەپسانىۋى ھېكايىلەرگە مۇراجىئەت قىلماقتا. شۇڭا بۇ ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنى غايىۋىلەشتۈرگەن شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرگەندىن سىرت، ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلانغان ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدى ۋە ئالەم ھەققىدىكى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىنىڭ يوللىرىنى (ھەقىقىي ھالەتتە بولمىسىمۇ) بىزگە كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى تەبىئەتلەشتۈرۈلگەن، ئادەملەشتۈرۈلگەن ئىلاھلار ياكى ئىلاھلاشتۇرۇلغان تەبىئەتنى تەسۋىرلەشتە ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىل بولۇش بىلەن ئۇزاق ئەسىرلىك مۇساپىغا ئىگە شەكىلدۇر.

• ئەنۋەر سەمەت غەربى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانتى.

ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇش نۇقتىسىدىن شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەپسانە تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە، ئىنسانىيەت بىرىنچى قېتىم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىنلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. سىۋىلىزاتسىيە ( Civilization ) نىڭ ئەڭ مۇھىم ئىچكى ئامىلى بولغان كوللېكتىپ ئاڭ ۋە كوللېكتىپ ئىرادە بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر روشەنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئاددىي تىل ماتېرىياللىرى ۋە ئاددىي تەپەككۇرى ئاساسىدىكى «مەنتىقىسىز» تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ۋە ھەيرانلىققا تولغان خىياللىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ھەقىقىي ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ خاتىرىسىدۇر. ئۇ ساپ ئەقىل ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان كاتېگورىيىسى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ، بىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىگە قارىتا تىل، روھ، ئەنئەنە ھەمدە دىنىدىن ھالقىغان ئالاقىلىشىش ۋاسىتىسى بىلەن تەمىنلىگەن. «ئەپسانە» سۆزىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئەپسانە» گرېك تىلىدىكى «Mythos» دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى بولغان «Mu» «غۇدۇڭشىماق، يەنى ئېغىزدىن ئاۋاز چىقارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. غەرب ئالىملىرىدىن فرېدرىخ ماكس مۇللىر (Friedrich Max Müllir 1823—1900 - يىللار) نىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەسىلىلىرىنى ماھىيەت تەرەپتىن ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە «تىلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىنساننىڭ ئىدىيىسى ۋە روھىنىڭ تەرەققىياتى ماھىيەتتە ئوخشاش بىر جەرياننىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، بىز بىر مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي تىلىدىن-شۇ مىللەتنىڭ قەدىمكى تەپەككۇرى، ئېتىكىسى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى بىلەلەيمىز... تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچ تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن. بىرىنچى باسقۇچ بولسا، «سۆزنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى» دۇر. ئىككىنچى باسقۇچ بولسا، «تىل ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىلىرىغا ئايرىلغان دىئالېكتلىشىش دەۋرى» دۇر. ئۈچىنچى باسقۇچ بولسا، «ئەپسانە دەۋرى» ياكى «ئەپسانىلەر شەكىللەنگەن دەۋر » دۇر①. مۇللىر يەنە مەشھۇر «تىل كېسەللىكى تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدۇ. دەرۋەقە، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تىل قابىلىيىتى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىپتىدائىي تىل ھازىرقى زامان تىللىرىدەك ئىنتايىن ئابستراكتلاشقان ئەمەس، بەلكى يۇقىرى دەرىجىدە كونكرېت ئۇقۇمغا ئىگە. شۇڭا ئىپتىدائىي تىل مەلۇم مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلىگەندە، شۇ ئۇقۇمنى ئوبيېكتلاشتۇرغان، ئەمەلىي گەۋدىلەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا مەلۇم «خاراكتېر» لارنى يۈكلىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. ئەپسانىلەر يارىتىلغان ئاشۇ دەۋرلەردە ھەربىر سۆز، مەيلى ئۇ ئىسىم بولسۇن ياكى پېئىل بولسۇن، ھەممىسىنىڭ مەلۇم جىنسلىق رولى بار بولغان ۋە ئىنتايىن قوپال ھەمدە مۇرەككەپ بولغان، مەزمۇنىمۇ مول بولۇپ، ئەسلى ئۇقۇمدىن تاشقىرى تۇرغان نەرسىلەرنىمۇ ئىپادىلەپ بەرگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار نەزەرىدە قۇياشنىڭ پاتقانلىقى ئاددىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكى ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھېسابلانغان. قۇياشنىڭ چىقىشىمۇ ئاددىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى بىر گىگانت ۋە پارلاق ئىلاھنىڭ ياكى بىر ئادەمنىڭ چىقىپ كەلگەنلىكى ھېسابلانغان. يەنە مۇللىرنىڭ پىكرىچە: مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلار ۋە ئىلاھلارغا دائىر ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى سۆزلەرنىڭ جىنسلىلىشى، يەككىلىشىشى ۋە ئەمەلىي گەۋدىلىشىشى يەنى ئادەملەشتۈرۈلۈشىدىن كېلىپ چىققان.

ئەپسانىلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىدىن قارىغاندا، ئەپسانىلەر بىلەن ئىپتىدائىي دىنلار زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە ئالەم ھەققىدىكى ئېتىقاد تۇيسىنى ئالغان قاراشلىرى ئەپسانىلەرنىڭ تۇپرىقى بولغان ۋە ئەپسانىلەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. ھالبۇكى، ئەپسانىلەر (مۇكەممەللەشكەن قەدىمكى ئەپسانىلەر) ئۆز نۆۋىتىدە ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ

دەستۇرى ۋە يەنىمۇ يۈكسىلىشى بولغان. شۇ سەۋەبتىن، ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلار ئېپتىدائىي دىنلاردىكى چوقۇنۇلغۇچى ئىلاھلار بولغان. شۇڭا ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلار بىلەن ئېپتىدائىي دىنلاردىكى ئىلاھلار تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتىدۇر. مەسىلەن ئالايلۇق، ئولىمپىس (Olympus) تېغىدىكى زېۋس (Zeus) يېتەكچىلىكىدىكى ئىلاھلار قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ ھەم دىنلىرىدىكى ئىلاھلىرى ھەم ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلاردۇر. مىسىر ئەپسانىلىرىدىكى قۇياش ئىلاھى را (Ra) جەمەتىدىكى توققۇز ئىلاھ ئۆز نۆۋىتىدە قەدىمكى مىسىر دىنلىرىدىكى ئىلاھلاردۇر، باشقا سىستېمىدىكى ئەپسانىلەر ھەققىدىمۇ شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى زامان ئەپسانىلىرى مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلغان. ئەپسانىلەرنىڭ سىرتقى شەكلى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئىچكى قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولۇپ كەلگەن. شۇنداق بولغىنىكەن، ھەرقانداق بىر ئەپسانە دىنىي ھەقىقەتلەر بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ بىرىكمىسى ھەمدە ئېپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئالەمگە بولغان چۈشەنچىسى بىلەن قورقۇش، ئەيمىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ بىرىكمىسىدۇر.

ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ھەققىدە گۇدەك تەسەۋۋۇرلاردا بولغان ۋە تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورقۇپ تۇرغان ئېپتىدائىي ئىنسانلار ياراتقان ئەپسانىلەر بەزى پەرقلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا نۇرغۇن ئورتاقلىقلارنى ئۆزلىرىدە نامايان قىلىدۇ. بۇنداق ئورتاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تىل، روھىيەت، ئوخشاپ كېتىدىغان فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق تەرەققىيات ھەم ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ نىسبەتەن تەڭ نىسبەتلىك قەدىمى ۋە بۇنداق نىسبىي پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى، ئۇسۇلى، سىۋىلىزاتسىيىگە كىرىش دەۋرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى شۇنداقلا باشقا تەسىر مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىمىز، ئەلۋەتتە. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۇنيادا ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق بولغان ماكانلاردا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەپسانىلەر تېماتىكىسى (موتىفى) مەۋجۇت بولغان. ئەپسانىلەر تېماتىكىسىنىڭ ھەرقايسى مىللەت ۋە قەۋملەر ئارىسىدىكى بۇنداق ئوخشاشلىقى ئىككى تۈرلۈك سەۋەبنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئىككى سەۋەب ئىككى خىل ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولدى. ئۇلار تارقىلىش تەلىماتى ۋە پاراللېل تەرەققىيات نەزەرىيىسىدۇر.

تارقىلىش تەلىماتى تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانىلىرى مەدەنىيىتى ئالغا كەتكەن بەزى ئەپسانە مەنبەلىرىدە ئىجاد قىلىنىپ، ئاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان. ھەقىقەتەن بەزى ئەھۋاللار بۇ نەزەرىيىنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، گىلگامېش (Gilgamesh) ئەپسانىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قاپارتما نەقىشلەرنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى قەدىمكى خارابىلەردىن تېپىلىشى، تولتېكلار (Toltecs) ۋە ئازتېكلار (Aztecs) قۇرغان شەھەرلەردە ياپونىيىنىڭ گۈلدانلىرىنىڭ بايقىلىشى، ... ۋەھاكازالار. بۇنداق دەلىل - ئىسپاتلار ئەپسانىلەرنىڭ خۇددى باشقا ئىدېئولوگىيە تارماقلىرىغا ئوخشاش كۆچمەنلەر، سودا - تىجارەت ۋە ئۇرۇش - جېدەللەر ۋاسىتىسى ئارقىلىق تارالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن مۇنداق قىسمەنلىك ئارقىلىق بارلىق ئەپسانىلەرنى بىر ياكى بىرقانچە مەنبەدە پەيدا بولۇپ، باشقا يەرلەرگە تارقالغان، دەپ قاراش ئەقىلگە تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يەنە مەسىلەن، قەدىمكى زامانلاردا دۇنيادىكى كۆپ قىسىم خەلقلەردە توپان ئەپسانىسى، ئالەمنىڭ يارىلىشى ۋە تۇپراقتىن ئادەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر مەيدانغا چىققان. بۇلارنىمۇ يۇقىرىقى نەزەرىيە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەپسانە بولسا ئىنساننىڭ ئۆز مەقسىتى، قورقۇنچلىرى ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتىگە قارىتا تەبىئىي ھالدا پەيدا بولغان، مول تەسەۋۋۇر شەكلىنى ئالغان بەدىئىي ئىپادە. ئىنسان جىسمانىيىتى پۈتۈن يەر يۈزىدە ھەتتاكى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى ئوخشاش، روھىي ۋە ئەق-

لىي پائالىيەت باسقۇچلىرى، ئۆزى ۋە ئالەم ھەققىدىكى تۈپكى قاراشلىرى ئاساسەن بىردەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى نىسبەتەن ئىلگىرى - ئاخىر بولسىمۇ، بىراق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تەرەققىيات شەكىللىرىدە چوڭ پەرق يوق دېيەرلىك. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەگەر ئەپسانىلەر ھەقىقەتەن ئىنسان روھىيىتى ۋە قەلبىنىڭ ئىپادىسى بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئەڭ مۇھىم بولغان ئىپادىلەر ھامان ھەربىر ماكاندا پەيدا بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق قاراشلار ئاساسىدا ئەپسانىلەر توغرىسىدا پاراللېل تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى زۆرۈر ۋە ئېھتىياجلىقتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئەپسانىلەرنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا تارقىلىشىدا ئەمەس، بەلكى شۇ ئەپسانىلەرنىڭ ئۆزلىرى تارقىلىپ يەتكەن ماكاندىكى خەلق ياكى مىللەتنىڭ مىللىي ئېڭىدىكى مەلۇم ھېس - تۇيغۇلىرىنى قوزغىتىش ۋە رىغبەت بېرىش رولىدا. يارالمىش ئەپسانىلىرى ھەممە مىللەت ئۈچۈن، ھەتتاكى ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ ئۆز يىلتىزى، مەۋجۇتلۇقىنىڭ باشلىنىشىدىكى سىرلارنى بەدىئىي يوسۇندا بولسىمۇ بىلىپ ئېلىپ، ئۆزى توغرىسىدا جاۋاب تېپىش ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. توپان ئەپسانىسى بارلىق مەدەنىيەتلەر ئۈچۈن، ھەتتاكى توپان بالاسىنى باشتىن كەچۈرمىگەن مەدەنىيەتلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ ئەپسانىدە ئىنسان مەنئۇيىتىدىكى تۈپ تەلەپ يەنى ئىنسان قەلبىدىكى غايەت زور ھەتتاكى ئەقىلگە سىغمايدىغان تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ھايات قېلىش تەلپىي ئەكس ئېتىدۇ.

ئەپسانە تارىخ ۋە مەدەنىيەتتىن ھالقىغان شەكىل سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تۇيغۇلىرى ۋە ئورتاق تەسەۋۋۇرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. دۇنياۋى ئەپسانىلەر شەخس، دىن، قەبىلە، مىللەت، ھەتتاكى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەردىن ھالقىپ كەتتى. مىللىي ئەپسانىلەر شۇ سەۋەبتىن كۈچكە ئىگىكى، ئۇلاردا مۇئەييەن دەۋردىكى مۇئەييەن مىللەت، خەلقنىڭ پۈتۈن قىياپىتى ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ مەپتۇنكار شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرىلدى. ۋەھالەنكى، ئەپسانىلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىگە جاۋاب بېرىش، ئۇنى چۈشىنىش ھەممە يورۇتۇش ئۈچۈن مەدەنىيەت ھالقىغان سېلىشتۇرما ئەپسانە تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىشقا كۈچلۈك ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەت تۇغۇلدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۇنجى قېتىم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىغان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆزلىرى تۇرغان كائىناتنىڭ پەيدا بولۇش سىرلىرى توغرىسىدا پىكىر قىلىشقا باشلىغان. تەپەككۇرنىڭ تېيىزلىق ۋە گۆدەكلىك دەۋرىدە ئىنسانلار ئىجاد ئەتكەن ئەپسانىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن دۇنيانىڭ يارىلىش ۋە ئادەمنىڭ يارىتىلىش تېمىلىرىغا بېغىشلانغان. ئەپسانىلەرگە پەيدا بولۇش زېمىنى بولۇپ بەرگەن ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ مەركەزلىك ئېتىقاد شەكلى «تەبىئەتكۈچلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇش» (يەنى «ئانىمىزم — ھەممىدە روھ بار نەزەرىيىسى») بولغاچقا، ئىپتىدائىي ئىنسان ئەجدادلىرىنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە تۇتىدىغان ئەڭ مۇھىم پوزىتسىيىسى «ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش، ئىلاھلاشتۇرۇش» بولغان. شۇڭا بىز بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ سەنئەتلىك شەكلى بولغان ئەپسانىلەردىن كائىنات جىسىملىرىنى ئۆزىگە نام قىلغان ئىلاھلارنى كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىتالايمىز. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىلاھ دەپ قارىغان تەبىئەت جىسىملىرى (ماھىيەتتە بۇنداق ئىلاھلار مەۋجۇت بولمىسىمۇ) ئىپتىدائىي دىن ۋە ئەپسانىلەرنى چۈشىنىشكە يېتەرلىكتۇر.

سېلىشتۇرما ئەپسانەشۇناسلىقنىڭ مەقسىتى بويىچە يارالمىش ئەپسانىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىز ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ قىممىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىمۇ كۆپ ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز مەلۇم بىر مىللەت ياكى خەلقتە مەلۇم بىر خىلدىكى ئەپسانىلەرنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى،

يەنە باشقا مىللەت ياكى خەلقلەردە شۇ خىلدىكى ئەپسانىلەرنىڭ بولمىغانلىقىغا ئىشىنەلىسەكمۇ، بىراق يارالمىش ئەپسانىلىرى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن مىللەت ياكى مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. چۈنكى ئىنسانلا بولىدىكەن، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى ۋە مۇھىتى ھەققىدە، ئۆزىنى تەربىيىلەۋاتقان تەبىئەت ھەققىدە ئويلىنىشتىن، تەسەۋۋۇرلۇق ئوبرازلارنى يارىتىشتىن مۇتلەق خالىي تۇرمايدۇ. دەرۋەقە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرى يوقىلىپ كەتكەن ياكى باشقا مىللەتلەر ئەپسانىلىرى بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن. «ھەرقايسى مىللەتلەر ئەپسانىلىرىنىڭ سىستېمىلىشىشى (ئەپسانىلەر سىستېمىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى) مەلۇم جەمئىيەتلەردىن سىۋىلىزاتسىيە تەركىبلىرىنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقى ياكى سىۋىلىزاتسىيە دەۋرىگە قەدەم قويۇشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.»② شۇنداق قىلىپ ئايرىم مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرى شۇ مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتلىرى ۋە قانداشلىقى سەۋەبلىك ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، ئەپسانىلەر توپى ياكى سىستېمىسىغا ئايلانغان. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرى ھامان بىر تۈركۈم ئەپسانىلەر سىستېمىسىغا ئىگە. بۇ يەردە توختالماقچى بولغان مەسىلىنىڭ تۈگۈنىدىن ئېيتقاندا ھەرقانداق بىر ئەپسانىلەر سىستېمىسى ئالدى بىلەن يارالمىش ئەپسانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

يارالمىش ئەپسانىلىرى ئەڭ روشەن ئىپتىدائىي خاراكتېرنى ئالغان بولۇپ، يەنە نوقۇل ئىپتىدائىي دىن ئاساسىدىكى يارالمىش ئەپسانىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان دىنلىرىدىكى يارالمىش قىسسەلىرىنى مەلۇم جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرغىچە مۇكەممەل ياكى مۇكەممەلرەك سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن مىسىر ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، گرېك ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، جۇڭگو ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، پارس ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، ھىندى ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، ئالتاي ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، يەھۇدىي - ئىسرائىل ئەپسانىلىرى سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە يارالمىش ئەپسانىلىرى ئەڭ گەۋدىلىك ۋە يارقىن ئورۇندا تۇرىدۇ. ھالبۇكى ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ دەستۇرلىرىدىكى ئالەم ۋە ئىنساننىڭ يارىلىشىغا ئائىت بايانلار (بۇددا دىنى بۇنىڭدىن نىسبەتەن مۇستەسنا) شۇ دىنلار تەرىپىدىن ھەقىقەت، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىدا تارىخىي يىلتىزىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا يارالمىش قىسسەلىرى توغرىسىدا تەھلىل ئېلىپ بېرىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

بىز تۆۋەندە يارالمىش ئەپسانىلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ماھىيىتى ئاساسىدا، ئۇلاردا ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئىچكى تەرتىپ، ئورتاق ۋە خاس بولغان يارالمىش مۇتىفلىرى، شۇ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەم قاراشلىرى ۋە ھايات قاراشلىرى توغرىسىدا تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

ئالدى بىلەن يارالمىش ئەپسانىلىرى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەھلىلدە ئالەمنىڭ يارىلىشى ۋە ئادەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدا نىسپىي چەك بەلگىلەپ بېرىش زۆرۈر. شۇ ئاساستا يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى:

A: ئالەم شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ھالەت.

B: ياراتقۇچى ئىلاھ (ياكى ئىلاھلار) نىڭ ئەزەلىيتى.

C: ئالەمنىڭ يارىلىشىغا ئاساس بولغۇچى ماددا.

D: ئالەم يارىلىشىنىڭ ئىچكى تەرتىپى.

E: بوشلۇقتا ئالەم يارىتىش مۇتىفى.

F: سۇ يۈزىدە ئالەم يارىتىش مۇتىفى.

G: ئالەمنىڭ يارىلىشىدىكى خاسلىق ۋە ئورتاقلىق ئامىللىرى.

H: ئادەمنىڭ يارىلىشىغا ئاساس بولغۇچى ماددا.

I: ئىلاھلارنىڭ جەڭگى - جېدەللىرى ئىچىدە ئالەم ۋە ئادەمنىڭ يارىلىش ئېپىزوتى قاتارلىقلار ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

## 1. ئالەم شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ھالەت

ئىلىم - پەن قاراشلىرى بويىچە، «ئالەم
ماددىي دۇنيا بولۇپ، ئۇ ئىنسان ئېڭىغا تايانماي
مەۋجۇت بولىدىغان ئوبيېكتىپلىقتۇر. ئۇ ئۈزلۈك-
سىز ھەرىكەت ۋە تەرەققىيات ئىچىدە تۇرىدۇ.
زامان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىپتىداسى
(باشلىنىشى) ۋە ئىنتىھاسى (ئاخىرلىششى)
يوقتۇر. ماكان نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ چەك - چېگ-
رىسى يوقتۇر. ئالەم بولسا ھەم كۆپ خىللىق ھەم
بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ خىللىقى
ماددىي جەھەتتىكى ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ كۆپ
خىللىقىدا، بىردەكلىكى بولسا ئۇنىڭ ماددىيلىقىدا
... پۈتۈن ئالەمدە سامان يولى سىستېمىسىغا ئوخ-
شاش يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىن نەچچە مىلياردى
بار بولۇپ، ھەربىر سىستېما يۈز مىلياردلىغان
تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ
ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە ئىنسانىيەت كۆزىتە-
لىگەن ئەڭ يىراق ئالەم جىسمى بىزدىن ئون
مىليارد نۇر يىلى يىراقلىقتىدۇر.»③ مانا مۇ-
شۇنداق چەكسىز ئالەم ھەققىدىكى تولۇق ۋە ھەقى-
قىي بىلىم ھازىرغا قەدەر ئىلگىرىلەش ھالىتىدە
تۇرىۋاتقان بىر پەيتتە، بۇندىن 20 — 30 مىڭ
يىللار ئىلگىرىكى ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋ-
رىدە ئالەم ھەققىدىكى تونۇشلىرىنىڭ چەكلىك بو-
لۇشى، تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ بو-
لۇشى ۋە ئەمەلىيەتتىن خېلىلا يىراقلىقى ئەجەبلى-
نەرلىك ئەمەس. روشەنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار
نەزەرىدىكى ئالەم ئۇلارنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە
ھېس قىلىش دائىرىسىدىكى شەيئىلەر، جۈملىدىن
قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، بۇلۇت، يامغۇر، قار،
چاقماق، گۈلدۈرماما، ھايۋانات، دەل - دەرەخ،
تاغ - دەريا ... لار بولۇپ، بۇلاردىن تاشقىرى
تۇرغان شەيئىلەر، ھەتتا ئۇلار كۆرۈپ، ئاڭلاپ،
سېزىپ تۇرىدىغان شەيئىلەر ئىچىدە يوشۇرۇنغان
ماھىيەت ئۇلار ئۈچۈن يەنىلا بىر تېپىشماق، تې-
پىشماق بولغاندىمۇ ئۇلاردا قورقۇنچ، سۇر بې-
سىش، ۋەھىمە ۋە شادلىق قوزغايدىغان تېپىشماق
ئىدى. ئىنسانغا خاس بولغان تۈرلۈك روھىي پائا-
لىيەتلەر مەسىلەن، مۇھەببەت، نەپرەت، سېغى-
نىش، ئەسلەش، غەزەب، چۈش كۆرۈش ... كە
ئوخشاشلار ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ سىرلىق تۇيۇل-
غان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەقىل ئارقىلىق
جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن سىر ۋە تېپىشماقلارغا رې-
ئاللىقتىن تاشقىرى تۇرىدىغان تەسەۋۋۇرلار بىلەن
جاۋاب بېرىش ھەممە ئىنسانغا ئورتاق ماھىيەتتۇر.
ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان كائىنات توغرىسىدا ئۇزاق
خىياللارنى سۈرۈشكەن گۆدەك (ئەقلىي تەرەققى-
يات جەھەتتىن) ئىنسان ئەجدادلىرى ئۆزلىرى
يولۇقىۋاتقان تۈرلۈك ھادىسىلەرگە، شەيئىلەرگە
سۇبيېكتىپ جەھەتتىن روھ ئاتا قىلىپ، «ھەممى-
دە روھ بار» ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز
مەۋجۇتلۇقىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان
شەيئىلەردە ئىلاھىي خىسلەت بار، دەپ قارىدى.

ئىلىم - پەن كەشپىياتلىرى ۋە پەرەزلىرى
ئىسپاتلىدىكى، پۈتكۈل ئالەم شەكىللىنىشتىن
ئىلگىرى كائىنات تۇمان ھالىتىدە بولۇپ،
(1775- يىلى كانت قۇياش سىستېمىسىنىڭ پەيدا
بولۇشىغا دائىر «تۇمانلىق قىياس» تەلىماتىنى
تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇندىن كېيىن
40 نەچچە خىل تەلىمات بارلىققا كەلگەن بولسى-
مۇ، ھەممىسى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغىنى
يوق.④) بۇ تۇمان ھالىتىدىكى ماددىلار ئۇزاق
ئېرالىق بىرىكىش، تۇپلىنىش، گەۋدىلىنىش
جەريانىدىن كېيىن ئالەم جىسىملىرىغا ئايلانغان ۋە
مۇئەييەن سىستېمىلاردا ئۆز ھەرىكەتلىرىدە بول-
غان. ھالبۇكى، ئىپتىدائىي ئىنسان ئەجدادلىرى-
نىڭ نەزەرىدىكى ئالەم پەقەت ئۆزلىرى ياشاۋاتقان
زېمىن ۋە زېمىننى ئوراپ، يېپىپ تۇرغان ئاسمان
بوشلۇقى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇ-

شى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى تولىمۇ چەكلىك بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئەپسانىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى بولغان يارالمىش ئەپسانىلىرى خېلى روشەن دەرىجىدە بۇ ھەقىقەت تەركىبىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.

ھەرقايسى مىللەتلەر ئەپسانىلىرى ياكى يىلتىزداش مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ئەپسانىلەر سىستېمىسىدىكى ئالەمنىڭ يارىلىشىغا ئائىت بۆلەكلىرىدە ئالەمنىڭ يارىلىشىدىن بۇرۇنقى ھالەت تۇرلۇك تەسەۋۋۇرلاردا گەۋدىلىنىدۇ.

يارالمىش ئەپسانىلىرىدە ئالەم يارىلىشتىن ئاۋۋالقى ھالەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلاردا ئاز ساندىكى ئەپسانىلەردىن باشقا كۆپىنچىسىدە بىر ياكى بىرنەچچە ئىلاھ ئوبرازى مەۋجۇت. ئىلاھ ئوبرازى مەۋجۇت بولمىغانلىرىدا بىرەر گىگانت ئادەم، بىرەر تۇخۇم، بېلىق ۋە دەرەخكە ئوخشاش ئۆزىدىن كۆپىيىش ياكى يېتىلىش ئىقتىدارى بار بولغان شەيئىلەر ئوبرازى بار. «ئالەم يارىلىشتىن بۇرۇنقى تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، پاتقاقچىلىق، ئۆزى يالغۇز زېرىككەن بىر ئادەم ياكى مەلۇم زىددىيەت توقۇنۇشىغا قەدەم باسقان ئىلاھلار» بارلىق يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ئالەم يارىلىشتىن بۇرۇنقى ھالەت ھەققىدىكى ئورتاق بىر تەسۋىردۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيانىڭ يوقتىن بار قىلىنىشى ياكى ئەسلى مەۋجۇد شەيئىلەردىن بەرپا قىلىنىشى — يارالمىش ئەپسانىلىرىنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىر نۇقتىدۇر. دەرۋەقە كۆپىنچە ئەپسانىلەردە مەۋجۇتسىزلىق (Nonexistence) تىن مەۋجۇتلۇق (Existe+nce) قا ئۆتۈش تەسۋىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك. بىز بۇنى يەنىلا ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەسەۋۋۇرىدىكى ئالەم چۈشەنچىلىرىدىن ۋە ئالەمگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن ئىزدەيمىز.

جۇڭگودىكى خەنزۇ مىللىتى ۋە خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدە ئالەم يارىلىشتىن بۇرۇنقى ھالەت «ئەڭ دەسلەپتە پۈتۈن ئالەم قۇيۇقۇرۇق بولۇپ، ئاسمان - زېمىن يوق ئىدى، ئەتراپ زۇلمەت قاراڭغۇ تۇمان بىلەن قاپلانغان ئىدى...» دېگەن بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ⑤. خەنزۇلارنىڭ «پەنگۇنىڭ ئالەمنى يارىتىشى»، خانى مىللىتىنىڭ «تەڭرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى»، «ئاسمان، يەر ۋە ئادەم»، ئاچاڭ مىللىتىنىڭ «جېپاما بىلەن جېمىما» قاتارلىق ئەپسانىلىرى ۋە بەيزۇ، بۇلاڭزۇ، توڭزۇ، يۈمى قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىنىڭ دەسلەپىدىلا يۇقىرىقى بايانلار بىردەك باشلىنىش قىلىنغان. شىمالىي ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدىمۇ «ئالەم يارىلىشتىن ئىلگىرى ئاسمان - زېمىن يوق بولۇپ، قۇيقۇرۇق بوشلۇق بار ئىدى...» دېيىلىدۇ⑥.

يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىن بۇرۇنقى ھالىتى ئالتاي خەلقلىرى كۆز قارىشىدا «تۆت زات (تۆت تادۇ)» قارىشىغا مەركەزلەشكەن. قازاق خەلقىنىڭ يارالمىش ئەپسانىسى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدىن قېلىپ قالغان پارچىلاردا «ئالەمنىڭ مەنبەسى سۇ، ئوت، تۇپراق ۋە شامالدۇر» دەيدىغان قاراش مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل قاراش پۈتۈن ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىدىكى تۈپ يىلتىزدۇر.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، خېلى كۆپ ئەپسانىلەردە «دەسلەپ پۈتۈن دۇنيا سۇ بىلەن قاپلانغانىدى» دەپ تەسۋىر قىلىنغان. موڭغۇل، بەيزۇ، خانى، تۇزۇ مىللەتلىرىنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرى، فىنلاندىيە يارالمىش ئەپسانىسى، ياپونىيە يارالمىش ئەپسانىسى ... قاتارلىقلاردا ئالەم يارىلىشتىن ئىلگىرى پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ چەكسىز بىر دېڭىز ئىكەنلىكىدەك تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالتاي خەلقلىرىنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدىمۇ «ئالەم يارىلىشتىن ئىلگىرى پۈتۈن دۇنيا سۇ بىلەن قاپلانغان» دېگەن قاراش دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان قاراشنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى دۇنيانىڭ ئەڭ

دەسلەپكى ھالىتى توغرىسىدىكى بايانلارنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

A: ئەڭ دەسلەپتە پۈتۈن كائىنات چەكسىز كەتكەن قاپ - قاراڭغۇ بوشلۇق (تۇمانلىق) ئىدى.

B: ئەڭ دەسلەپتە دۇنيا يۈزى سۇ (دېڭىز) ئىدى.

بۇ ئىككى خىل ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر ئەمەلىيەتتە ئىنسان قادىر بولالىغان ئەڭ يۇقىرى تەسەۋۋۇر شەكلى بولسا كېرەك. ۋەھالەنكى، يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى دۇنيانىڭ يارىلىشتىن بۇرۇنقى ھالىتى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەردە بىر ياكى بىرقانچە ئىلاھنىڭ ۋە ياكى باشقا بىرەر جىسىمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى بولسا ئورتاق يارالمىش مۇتىفىدۇر. قەدىمكى ئىنسانلار چۈشەنچىلىرىدە دۇنيانىڭ، ئادەمنىڭ يارىلىشى شۇنداق ئىلاھلار بىلەن باغلانغانكى، بۇنداق بىر ئىچكى سەۋەب ياكى بىرەر تۈرتكە بولماي تۇرۇپ يارىلىش پائالىيىتىنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلار غايەت زور تەبىئەت كۈچلىرى (قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، چاقماق، گۈلدۈرماما، بوران - چاپقۇن...) نىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلاردىكى ئادەملەشتۈرۈلۈشىدۇر. يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلارنىڭ مۇنداق ماھىيەتلىك خاراكتېرى ئۇلارنىڭ يارىتىش پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئايان بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىپتىدائىي دىنلاردىكى ئىلاھلار بولسا يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلاردۇر. دۇنيا يارىلىشتىن بۇرۇنقى بوشلۇق ياكى چەكسىز سۇ يۈزىنى مەلۇم ماكان ۋە زامان چۈشەنچىسى بىلەن تولدۇرۇپ تۇرغان ئىلاھ ياكى ئىلاھلار توپى ئەپسانىلەردىكى دۇنيانىڭ ياراتقۇچىلىرىدۇر. بۇ ئىلاھلار شۇنچىلىك كۆپكى، ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىن خىلمۇ خىل، شەكلى، ھېس - تۇيغۇلىرىمۇ تۈرلۈك ھالەتلەردە ئىپادە قىلىنىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نەق «ئىنسان خاراكتېرى» گە ئىگە. بۇ ئاشۇ كۆپ ئىلاھلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى چۈشىنىشتە يېتەرلىكتۇر.

جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يارالمىش ئەپسانىلىرى سىستېمىلاشقان ئىلاھلار (قارىشى) غا ئىگە ئەمەس. ياراتقۇچى دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان پەنگۇ بولسا پۈتۈنلەي ئىلاھ، دەپ قارالمايدىغان، بەلكى يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەم سۈپىتىدىكى بىر ئوبراز بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىن بۇرۇنقى بىردىنبىر سەۋەبكار ۋە جانلىقتۇر. جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەپسانىلىرىدىمۇ جىبپىما، جىبمىما (ئاچاڭ مىللىتى)، مىلوتو (ياۋزۇ مىللىتى) قاتارلىق ئىلاھلار ۋە ئادەم ياراتقان نۈيۋا (نۈيۋا خەنزۇ ئەپسانىلىرىدىن ھالقىپ، خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەر ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھقا ئايلانغان) بار. بىراق ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلەر دەپ قارىلىۋاتقان مىسىر ئەپسانىلىرى ناھايىتى مۇكەممەل بولغان ئىلاھلار تۈركۈمىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىلاھلار قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە جەمەت ھاسىل قىلغان. ئەڭ چوڭ ئىلاھ بولمىش را (Ra) نىڭ جەمەتىدىكى بوشلۇق ئىلاھى شۇ (Shu)، ھۆل - يېغىن ئىلاھى تېفنۇت (Tefnut)، زېمىن ئىلاھى گېب (Geb)، ئاسمان ئىلاھى نۇت (Nut)، ھايات - مامات ئىلاھى ئوسىرىس (Osiris)، ئىسىس (Isis)، قۇرغاقچىلىق - گۈلدۈرماما ئىلاھى سېت (Set)، ئۆلۈم ئىلاھى ئانۇبىس (Anubis)، ھورۇس (Horus)، نېفتىس (Nephytis)، دەريا ئىلاھى خاپى (Hapi) قاتارلىق ئىلاھلار دۇنيا يارىلىشتىن ئىلگىرى چەكسىز بوشلۇقتا ئىلاھلار دۇنياسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان، دەپ تەسۋىر قىلىنىدۇ.

قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلار سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ ئەپسانىلەر سىستېمىسى ئىچىدە دۇنيا يارىلىشتىن ئىلگىرى بۇ بىر تۈركۈم ئىلاھلار بارمۇ - يوق، دېگەن نۇقتا ئېنىق ئەمەس. قەدىمكى پارس ئەپسانىلىرىدە دۇنيا يارىلىشتىن ئاۋۋالقى

دەۋرلەردە كائىناتتا ياخشىلىق ئىلاھى ئاھۇرا مازدا بىلەن يامانلىق ئىلاھى ئاھرامان (Ahura Mazda And Ahriman) مەۋجۇت بولغانىدى، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، قەدىمكى ئىرانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىيىتى ۋە روھىيىتى، ھەتتا ئالەمنىڭ ئالتۇن، ياغاچ، سۇ، ئوت، تۇپراق قاتارلىق بەش زات بىلەن باغلايدىغان قاراشلارغا ئىگە بولغان.

قەدىمكى بابىللىقلارنىڭ يارالمىش ئەپسانىسى «ئېنۇرما - ئېلىش» (Enurma — Elix) تە تەسۋىرلىنىشىچە، ئىپتىدائىي ئەجداد ئـابۇسۇ (Abusu) ۋە تېئامات (Te'amat) ھەمدە ئۇلار ياراتقان ئىلاھلار دۇنيا يارىلىشتىن ئىلگىرى ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىكەن. شۇ چاغقىچە كائىناتتا ئىلاھلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز جەڭگى-جېدەللەر بولۇپ تۇرغانىكەن. قەدىمكى ھىندىستاننىڭ يىگانە دەستۇرى «ۋېدا» (Veda) غا ئاساسلانغاندا دۇنيانى يارىتىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغۇچى گىگانت بۇرشا (Bursha) ئالەم شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇتىمىش.

ئالتاي خەلقلىرىنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدە تەسۋىر قىلىنىدىغان ئىلاھ بولمىش «تەڭرىلەر» (بۇ بىرقانچە تەڭرى بەزىدە «ئۈلۈگۈن»، دېيىلسە، يەنە بەزىدە چوڭراق ئاسمان جىسىملىرى نامى بىلەن ئاتىلىدىغان تەڭرىلەرمۇ مەۋجۇتتۇر.) نىڭ ئىچىدە دۇنيا يارىلىشتىن ئىلگىرىكى زامانلاردا بىر ياكى بىرەر تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، بىراق دۇنيانى ياراتقان تەڭرى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بۇ ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. (رادلوفنىڭ ئالتايلىقلار ئارىسىدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى داۋامىدا توپلىغان يارالمىش ئەپسانىلىرى بىر «تەڭرى» نىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلىنىپ كېتىدۇ).

يۇقىرىقىدەك ئىلاھلار ئوبرازىدىن باشقا، يارالمىش ئەپسانىلىرىدە دۇنيا يارىلىشتىن ئاۋۋال بىر بېلىق، بىر تۇخۇم ۋە ياكى كەركىدان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. جۇڭگو ئەپسانىلەر سىستېمىسىغا تەۋە بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدە يۇقىرىقىدەك ھايۋانات مەنبەچىلىكى قاراشلىرى خېلى چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئىپتىدائىي ئەجدادلار تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ قىسمەن قالدۇقلىرى سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن يارالمىش ئەپسانىلىرى ئىچىدە ئالەم يارىلىشتىن بۇرۇنقى ھالەت توغرىسىدا قىلىنغان تەسەۋۋۇرلاردا ناھايىتى چوڭ دادىللىق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خېلى يۇقىرى دەرىجىدە مەنتىقىسىزلىق بار. بۇ مەنتىقىسىزلىق (ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىدا ئەكس ئەتكەن دۇنيانىڭ دەسلەپكى ھالىتى توغرىسىدىكى ئېنىقسىزلىق) بولسا دۇنيانى يارىتىش تەسەۋۋۇرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئىلاھلار تۇرىدىغان ئاسمان - زېمىن، تاغ - دەريا ۋە دېڭىز قاتارلىق مۇئەييەن ماكان، دۇنيا ياكى يارىتىشقا سەۋەب بولغۇچى جىسىم بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق زامان مۇساپىسى، مەلۇم ئېنېرگىيە مەنبەسى ياكى جانلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ھادىسىسىدىن ئىبارەت. ئېھتىمال بۇ — قەدىمكى ئىنسان ئەجدادلىرىنىڭ ئالەم ھەققىدە قىلغان تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئەقلىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولسا كېرەك.

## 2. ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ ئەزەلىيىتى (قۇدرىتى)

روشەنكى، ئەڭ قەدىمگە تەۋە يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ياراتقۇچىلار ئىلاھلاردۇر، ياكى كەم دېگەندە ئىلاھىي خىسلەتكە ئىگە مەلۇم بىر جانلىق ياكى نەرسىدۇر. يارالمىش ئەپسانىلىرىدە دۇنيانى ياراتقان ئىلاھ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل قۇدرەتكە ئىگە.

A: قۇدرەتلىك بىر ئىلاھ.

بۇ كۆپىنچە بىر ئىلاھلىق دىنلاردىكى ئىلاھ

بولۇپ، ئۇ ئىلاھنىڭ ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسى يوق. ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان ماكانى ئىنسان ئەقلىدىن تاشقىرى بولۇپ، جۇغراپىيىلىك مەنىدىكى ماكان چۈشەنچىسىگە تەڭ ئەمەس. ئۇ ئىلاھ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ، چەكسىز ئالەمدە ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتتە (خاھىشتا) تۈرلۈك شەيئىلەرنى ياراتتى. ئۇ ياراتقان ئالەم ئەپسانىلەردە دېيىلىۋاتقان دۇنيادىن كۆپ ھالقىپ كېتىدۇ. ئۇ بارچە كائىناتنى ئۆز خاھىشى بويىچە مۇتلەق يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە خالىسا مەۋجۇتسىزلىققا ئايلاندۇرىدۇ. ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرىدا دېيىلىۋاتقان ئىلاھ مۇشۇ خىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇ «تەۋرات» (Old Testment) نىڭ «دۇنيانىڭ يارىلىشى» بابىدا ۋە «قۇرئان» ئىچىدىكى سەھىپىلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

B: مەلۇم بىر ئىلاھ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىلاھلار.

كۆپىنچە يارىلىش ئەپسانىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئىلاھلار مەلۇم بىر ئىلاھتىن ياكى بىر جۈپ ئىلاھتىن ئاپىرىدە بولغان ئىلاھلاردۇر. مىسىر ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى قۇياش ئىلاھى رانىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، را (Ra) شۇ بىلەن تېفنۇتنى «ئايال زاتىغا مۇھتاج بولماي» ئاپىرىدە قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن تېفنۇتتىن گېب ۋە نۇت تۇغۇلغانىكەن. گېب بىلەن نۇتتىن ئىسىس، ئوسىرىس، نېفتىس ۋە سېتلار تۇغۇلغانىكەن. ئىسىس بىلەن ئوسىرىستىن ھورۇس تۇغۇلغان، ئوسىرىس بىلەن نېفتىستىن ئانۇبىس تۇغۇلغانىكەن. شۇنداق قىلىپ «قۇياش شەھىرىدىكى توققۇز ئىلاھ» نىڭ جەمەتى شەكىللەنگەنىكەن⑦. قەدىمكى بابىلون ئەپسانىسى «ئېنۇرما - ئېلىش» تە تەسۋىرلەنگەن ئابۇسۇ بىلەن تىئامات ئەڭ قەدىمكى ئىلاھلار ئەجدادلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن سۈيىدىن نۇرغۇن ئىلاھلار پەيدا بولغان ۋە بۇ ئىلاھلار كېيىن ئانۇبىس بىلەن تىئاماتقا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئەپسۇسكى، مەزكۇر ئەپسانىدە ئانۇبىس بىلەن تىئاماتنىڭ قۇدرىتى سۆزلەنمىگەن⑧. شىمالىي ياۋروپانىڭ دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەسىرى «ئېددا شېئىرلىرى» (Poetic Edda) دە تەسۋىرلەنگەن ياراتقۇچى ئىلاھلار بولسا ئىلاھلار دۇنياسى «ئاسكارد» (Askard) نىڭ ھۆكۈمرانى ئودىن (Odin) نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر⑨. فىنلاندىيە خەلق ئېپوسى «كالېۋالا» («Kalevala») دا ياراتقۇچى ئىلاھ بولسا مەلۇم بىر ئىلاھنىڭ يۈزى ئېچىلمىغان قىزى ئىكەن⑩. ياپونىيىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەسىرى بولغان «ياپونىيە خاتىرىلىرى» ("Chroniclis of Japan — Kojiki") دىكى ياراتقۇچى ئىلاھلار بولسا ئىزاناگى (izanagi) بىلەن ئىزانامى (izanami) بولۇپ، ئۇلار بىرلىشىپ 35 ئىلاھنى ئاپىرىدە قىلغان ۋە شۇندىن كېيىن دۇنيانىمۇ ئاپىرىدە قىلغانىكەن⑪. پارس ئەپسانىلىرىدىكى ياخشىلىق ئىلاھى ئاھۇرامازدا بىلەن يامانلىق ئىلاھى ئاھرىمان ئەسلى قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىمدىن تۇغۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

دۇنياغا مەشھۇر يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۇنيا يارىلىشتىن ئىلگىرى تارتانۇس (Tartanus) دېگەن بىر ئۆڭكۈردە قاراڭغۇ زۇلمەتتىن نۇرغۇن قىزلار پەيدا بولغان، ئۇلاردىن ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغىنىنىڭ ئىسمى ۋېنۇس (Venus) بولۇپ، ئۇ مۇھەببەت ئىدى. ئۇ قانداق پەيدا بولغان، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ باشقىلاردىن ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇ ئەڭ بۇرۇن ياشىغان ۋە ھازىرمۇ ياشىماقتا. بۇندىن تاشقىرى زۇلمەتتىن ئېلىپۇس (Elipus) تۇغۇلغان. يەنە كائوس (Chaos) تۇغۇلغان شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوغلى ھېمېرا (Hemera) تۇغۇلغان. يەنە شۇ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ئاسمان ئىلاھى ئاتا ئۇرانۇس (Uranus) ۋە زېمىن ئىلاھى ئانا گەييا (Gaea) تۇغۇلغان. ئولىمپىس تېغىدىكى زېۋس ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق ئىلاھلار ئەنە شۇ ئۇرانۇس بىلەن گەييانىڭ باللىرىدۇر.

خۇددى ئادەمگە ئوخشاش جىنسىي پەرقىنىڭ بولۇشى، تۇغۇلۇشى، ئۆلۈشى ۋە نىكاھلىنىشى، ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ بولۇشى — يارىلىش ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلارغا ئورتاق بولغان خۇسۇسىيەتتۇر. بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئەپسانىلەردىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىلاھلار-

نىڭ ماھىيەتتە، پەقەت ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرنى ئادەملەشتۈرۈشى ۋە ئۇلارنى يەنە ئىلاھىي دەرىجىگە كۆتۈرۈش جەريانىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى يەنە مەلۇم نۇقتىدىن ئىسپاتلايدۇ.

C: مەنبەسى ئېنىقسىز بىر تۈركۈم ئىلاھلار.

يەنە بىر قىسىم يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ياراتقۇچى ئىلاھلارنىڭ ئەزەلىيىتى (قۇدرىتى) ئېنىقسىز بولۇپ، ئۇلار تۇغۇلمىغان بەلكى تەبىئىي پەيدا بولغان (ياكى پەيدا قىلىنغان) ئىلاھلاردۇر. يەنى بۇ ئىلاھلار كۆپىنچە مەلۇم تەبىئەت ھادىسىسى ياكى شەيئىنىڭ نەق ئۆزى بولۇپ، تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇنداق ئىلاھلار ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىدە مەۋجۇتتۇر. ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىدىكى كۆك تەڭرى، يەر تەڭرى، كۈن تەڭرى ۋە ئاي تەڭرىلەر مانا مۇشۇ خىلدىكى ئىلاھلاردۇر. يۇقىرىقى ئىككى تۈركۈمدىكى ئىلاھلاردىن باشقا بارلىق ئىلاھلار مۇشۇ تىپقا تەۋە بولۇپ، بۇلارنى ئىنسانىي خاراكتېرى ئاجىزراق، تەبىئىيلىكى كۆپرەك ئىلاھلار، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

D: يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەم خاراكتېرىدىكى ياراتقۇچى.

يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەم خاراكتېرىدىكى بۇنداق ئىلاھلارمۇ بەزى ئەپسانىلەردە دۇنيانىڭ يارىلىشىغا ئاساس بولغۇچىلار سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. جۇڭگو ئەپسانىلىرىدىكى پەنگۇ مانا مۇشۇنداق خاراكتېردىكى ياراتقۇچىدۇر. ئەپسانىدە ئېيتىلىشىچە، پەنگۇ زۇلمەت پاتقاق ئىچىدە 18 مىڭ يىل ئۇخلىغان ۋە ئويغانغاندىن كېيىن يارىتىش پائالىيىتىگە كىرىشكەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ساپ ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتىنى كۆرۈش تەس. يەنە نۈيۋا بىلەن فۇشىلارمۇ يېرىم ئىلاھ ۋە يېرىم ئادەملىك خۇسۇسىيەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، ھەمكارلىشىپ دۇنيا ياراتقان ئەپسانىۋى ياراتقۇچىلاردۇر. ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئادەم بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزىدە ئىلاھلىق خىسلەتلىرىنى ھازىرلىغان. باشقا ئىلاھلار دۇنيانى ياراتقاندا گىگانت ئادەم بۇرشانى ماتېرىيال قىلغانىدى⑫.

قازاق خەلقىنىڭ يارالمىش ئەپسانىسىدە ياراتقۇچى ئىلاھ جاساغان ھەم يېرىم ئىلاھ ھەم يېرىم ئادەم خىسلەتلىك بولۇپ، مەزكۇر ئەپسانىدە ئۇنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر يوق.

بىز يۇقىرىقى تىپلاردىن باشقا، بىر قىسىم يارالمىش ئەپسانىسىدە غايەت زور بېلىق، بۇقا، توخۇم ۋە دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ يارىلىشقا سەۋەبچى بولغان ئىلاھىي خىسلەتلىك ئوبرازلار ئىكەنلىكىدەك ماھىيەتنى كۆرەلەيمىز. دەرۋەقە، ئەپسانىلەرنىڭ ئىپادىلەش شەكلى بارلىق شەيئىلەر ئادەملەشتۈرۈلگەن، ھەممە بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ئادەملەشتۈرۈلگەن مۇناسىۋەتلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنلىكىدەك ئىنتايىن ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگىدۇر. ئەپسانىلەردىكى ياراتقۇچى ئىلاھلارنىڭ كۆپرەك ئادەم خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنغانلىقىدەك تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسىدىن، ئەپسانىلەرنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئىچىدە ئۆسۈپ چىقىشى — خاراكتېرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

## 3. دۇنيانىڭ يارىلىشىغا ئاساس بولغۇچى ماددا كۆز قارىشى

ئىپتىدائىي ئىنسانلار دۇنيانىڭ يارىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك تەسەۋۋۇرلىرىدا، ئۆزلىرى توقۇغان ئەپسانىلىرىدە دۇنيانىڭ يارىلىشىغا ئاساس بولغان ماددا (خام ماتېرىيال) نى سىرتتا قالدۇرمىدى. شەرق ۋە غەرب ئەپسانىلىرىدە ئالەمنىڭ يارىلىشىغا ئاساس بولغۇچى ماددا كۆز قارىشىدا چوڭ پەرق بار. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىدا ئوت، تۇپراق، سۇ ۋە

شامالدىن ئىبارەت «تۆت زات» دۇنيانىڭ ئەسلى
ماھىيەتلىك ماددىسىدۇر. ۋەھالەنكى، جۇڭگونىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەپسانىلىرى ۋە پارس ئەپساند-
لىرىدە ئوت، سۇ، شامال، تۇپراق ۋە مېتال (ئال-
تۇن) دىن ئىبارەت «بەش زات» كۆز قارىشى دۇن-
يانىڭ ماددىي مەنبەسى توغرىسىدىكى كۆز قاراش-
لارنىڭ مەركىزىدۇر. غەرب ئەپسانىلىرىدە شەرق
ئەپسانىلىرىگە ئوخشىمىغان هالدا، دۇنيانىڭ ماد-
دىي مەنبەسى كۆز قارىشى سىستېمىلاشمىغان.
شۇنداقتىمۇ تۈرلۈك ئەپسانىلەردە تەسۋىر قىلىنغان
يارىلىشقا ئاساس بولغۇچى ماددا قاراشلىرىنى تۆ-
ۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈپ كۆرسىتىش
مۇمكىن:

A: ئىلاھلار گەۋدىسىدىن دۇنيانىڭ ئاپىرىدە
بولۇشى.

ئىلاھلار گەۋدىسىدىن دۇنيانىڭ ئاپىرىدە بول-
غانلىقى ھەققىدىكى يارالمىش ئەپسانىلىرى روشەن-
كى، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى كۆز قاراشلىرىنىڭ
مەھسۇلىدۇر. چۈنكى بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەردە
ئەسلى تەبىئەت خاراكتېرلىك ئىلاھلار ياكى تەبى-
ئەت جىسىملىرى، ھادىسىلىرىگە تەققاسلانغان ئى-
لاھلار ئەسلىدىنلا تەبىئەتنىڭ ئۆزى بولسىمۇ، ئۇ-
لار ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلار ۋاسىتىسىدە زامان جە-
ھەتتىن ئىلگىرىكى ھالەتكە ئۆتكۈزۈلگەن ياكى
مەۋجۇتلۇقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يەنە شۇ تەسەۋ-
ۋۇرلار ياردىمىدە بۇ ئىلاھلار پارچىلىنىپ، دۇنيا-
دىكى ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى شەيئى-
لەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر-
نىڭ قايتىلانما ھالىتى سۈپىتىدە بىر قىسىم يارال-
مىش ئەپسانىلىرىنىڭ غولىنى تەشكىل قىلغان.
بىز بۇنداق تىپتىكى ئەپسانىلەردىن، ئىپتىدائىي
ئىنسانلارنىڭ ئانىمىستىك قاراشلىرى يىلتىزىدا
كۆكلەپ چىققان تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنىڭ ئەينەن
كۆرۈنۈشىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

قەدىمكى مىسىر ئەپسانىلىرى بۇ تىپتىكى ئەڭ
روشەن مىسالغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. قۇياش ئىلا-
ھى شەھىرىدىكى باش ھۆكۈمران ئىلاھ را «ھېچ-
قانداق ئايال زاتىغا مۇھتاج بولماي» ئوغۇل شۇ ۋە
قىز تېفنۇتنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. مىسىر ئېھراملى-
رىغا سىزىلغان ئەپسانىۋى سۈرەتلەردىن مەلۇم بو-
لىدۇكى، قۇياش شەھىرىدىكى رادىن كېيىنكى
سەككىز ئىلاھ بولسا قوشكېزەك ئىلاھ ئوغۇل -
قىزلىرىنىڭ ھەم ئاكا - سىڭىل ھەم ئەر - خوتۇن
بولۇشتەك قالايمىقان نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن پەيدا
بولغان ئىلاھلاردۇر. مىسىر ئەپسانىلىرىدە شۇنداق
بىر ئېپىزوت بار. يەنى، قۇياش ئىلاھى را ئۆزى-
نىڭ ئوغۇل نەۋرىسى بولغان زېمىن ئىلاھى گېب
بىلەن قىز نەۋرىسى بولغان ئاسمان ئىلاھى نۇتنىڭ
مەخپىي نىكاھلىنىشىپ يۈرگەن يېرىدىن بايقاپ
قېلىپ، قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە دەرھال ئوغلى
شۇنى ئەۋەتىپ توي كارۋىتى ئۈستىدىكى ئاكا -
سىڭىلنى ئايرىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ياپ - يې-
شىل زېمىن بىلەن كۆپ - كۆك ئاسمان ئوتتۇرى-
سىدا مەڭگۈلۈك تەبىئىي بوشلۇق شەكىللىنىدۇ.
شۇ بولسا بۇ ئاشىق - مەشۇق ئىلاھلار ئوتتۇرىسىدا
چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى ئاسمان سەتھىدە كۆتۈ-
رۈپ تۇرىدۇ. قىزى نۇتنىڭ گەۋدىسى چەكسىز
كېڭىيىپ ئاسماننىمۇ چوڭىيىدۇ⑬.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مىسىر ئەپسانىلىرىدە
دۇنيانىڭ ئەسلىسى ئىلاھ نۇت بىلەن ئىلاھ گېب-
نىڭ بەدىنىدۇر. خەنزۇلارنىڭ يارالمىش ئەپساند-
لىرىدىكى پەنگۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ دۇنيانىڭ
يارىلىشىغا ئاساس بولغان قەھرىماندۇر. «پەنگۇ
پاتقاق ئاستىدا 18 مىڭ يىل ئۇخلاپ ياتقاندىن كې-
يىن ئويغىنىپ قارىسا ئەتراپ قاپ - قاراڭغۇ ئې-
كەن. ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بىر خاسىيەتلىك پال-
تىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنى كۈچەپ بىر چېپىپتىكەن
لاي شۇ ھامان يېرىلىپتۇ. يېنىك ۋە سۈزۈك ھاۋا
ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ئاسمان بىنا
بوپتۇ، تۆۋەنگە ئولتۇرۇشقان ئېغىر قىسمىدىن زې-
مىن پەيدا بوپتۇ... پەنگۇ ئۆلۈش ئالدىدا بەدىنىنى
تۈرلۈك - تۈمەن نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.
ئۇنىڭ سول كۆزى قۇياشقا، ئوڭ كۆزى ئايغا،
چاچ- ساقاللىرى يۇلتۇزغا، نەپىسى شامال ۋە بۇ-
لۇتقا، ئاۋازى گۈلدۈرماما ۋە چاقماققا، پۇت -
قوللىرى تاغ ۋە تۈزلەڭلىككە، قېنى دەريا - ئۆس-
تەڭگە، تومۇرى يولغا، مۇسكۇلى تۇپراققا، تېرە
ۋە سېرىق تۈكلىرى دەل - دەرەخ ۋە گۈل - گىياھ-
لارغا، سۆڭەك ۋە چىشلىرى تاش بىلەن مېنىرال-
لارغا، ئىلىكى مەرۋايىت ۋە مەر - مەر تاشلارغا
ئايلىنىپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تەرلىرىمۇ يامغۇر ۋە شەب-
نەمگە ئايلىنىپتۇ⑭.

ئىلاھى خىسلەتلىك بەدەندىن دۇنيانىڭ ئاپىرى-
دە بولۇشى مۇتىفى قەدىمكى ھىندى ئەپسانىلىرىد-
مۇ مەۋجۇت. «ۋېدا» دىكى ئەپسانىدە دۇنيانىڭ يا-
رىلىشى ئەسلى ئادەم بولغان گىگانت بۇرشانىڭ
پارچىلىنىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىلاھلار گى-
گانت بۇرشانى قۇربانلىق قىلغاندا ئۇنىڭغا باھارنى
ئىسرىق قىلىپ كۆيدۈرىدۇ، كۈزنى نەزىرە قىلى-
دۇ. نەزىرىدە ئېقىپ چۈشكەن مايلار ئۇيۇشۇپ،
گىگانت بۇرشانىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئاسمان -

زېمىن پەيدا بولىدۇ. ئېقىپ چۈشكەن مايلاردىن ھاۋادىكى قۇشلار، جانىۋ - جانىۋار ۋە ھايۋاناتلار شەكىللىنىدۇ. قۇياش ئۇنىڭ كۆزىدىن كۆتۈرۈلىدۇ، نەپەسى بورانغا ئايلىنىدۇ. بوشلۇق ئۇنىڭ كىندىكىدىن، ساما ئۇنىڭ بېشىدىن، يەر پۇتىدىن، نىشان ۋە بەلگىلەر بولسا ئۇنىڭ قۇلىقىدىن ئۆزگىرىدۇ. قەدىمكى ھىندى دىنىدىكى تەبىقىچىلىك تۈزۈمىنىڭ مەنبەسى يەنە مۇشۇ يارالمىش ئەپسانىسى بولۇپ، بۇ ئەپسانىنىڭ ئادەم يارىتىش قىسمىدا تەسۋىرلىنىشىچە، بۇرشانىڭ ئاغزى براھمان (Brahman - دىنىي تەبىقە)، ئىككى بىلىكى خان ساترىلار (Satri - خان جەمەتى)، يوتىسى بولسا ۋايشىرالار (Vaishra - ئاقسۆڭەكلەر) ۋە پۇتىنىڭ ئۇچى سودرالار (Sudra - تۆۋەن تەبىقە) گە ئايلانغان⑮.

قەدىمكى بابىلون ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، جاھالەت ھۆكۈمرانى تىئامات ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاشقان ئىلاھلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ. بىراق يېڭىلىپ ئىلاھلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ماردۇك (Mardok) باشچىلىقىدىكى ئىلاھلار تىئاماتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىئاماتنىڭ جەسىدىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسمان - زېمىن شەكىللىنىدۇ. گەۋدىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىن ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى شەيئىلەر ياسىلىپ چىقىدۇ.

پارس ئەپسانىلىرىدىكى ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىلاھ ئاھۇرامازدا يارىتىش پائالىيىتىدە ئالدى بىلەن ئۆز جىسمانىيىتىدىن يەتتە پەرىشتىنى يارىتىدۇ. بۇ پەرىشتىلەرنىڭ جىسمانىيىتى ۋە روھىيىتى «بەش ئامىل» ۋە ھايۋانات، زىرائەتلەر بىلەن باغلىنىدۇ. مەزكۇر ئەپسانىدە بەش زات شەكلىنى ئالغان ئىلاھ ئاھۇرامازدانىڭ گەۋدىسى دۇنيانىڭ يارىلىشىغا ئاساس بولغان.

ناھايىتى ئېنىقسىز بولغىنى شۇكى، ئىلاھ بەدىنىدىن ئاپىرىدە بولغان دۇنيا ئۆزى بىر ماددىي دۇنيا بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ تىپتىكى ئەپسانىلەردە ئىلاھنىڭ گەۋدىسى ئەسلى نېمە، دېگەن مەسىلىدۇر. بۇنىڭدىن مۇنداق بىر تەتۈر يۈنىلىشلىك خۇلاسىنى ئاسانلا چىقارغىلى بولىدۇ. يەنى بۇنداق ئىلاھنىڭ بەدىنى دۇنيانىڭ ئۆزىدۇر. بۇ ماھىيەتتە تەبىئەت سۈپىتىنى ئالغان تەسەۋۋۇردىكى ئىلاھلاردۇر.

B: تۇپراقتىن ياكى تۇپراق تەركىبلىك ماددىلاردىن دۇنيا يارىتىش.

تۇپراقتىن دۇنيا يارىتىش تىپىدىكى ئەپسانىلەر يارالمىش ئەپسانىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر تۈردۇر. بولۇپمۇ زېمىن ۋە زېمىن ئۈستىدىكى شەيئىلەرنىڭ يارىلىشىدا، تۇپراقنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر ئىپتىدائىي ئىنسان ئەجدادلىرىنىڭ ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ماتېرىيال ئاساسى توغرىسىدىكى تۇنجى قاراشلىرىنى مەلۇم نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالتاي خەلقلىرىنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدە «كوداي (ئۈلگۈن) يەر يارىتىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن قېرىنداش بولغان ئادەمگە بۇيرۇق قىلىپ دېڭىز تېگىدىن تۇپراق ئالدۇردى…» (ياقۇت ئەپسانىسىنىڭ بىر قىسمى)، «… جاساغان دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دەريا ئاستىغا چۈشۈپ، يېرىمى قىزىل، يېرىمى كۆك بولغان يۇمىلاق تاشنى تېپىپ چىقىپتۇ…» (قازاق يارالمىش ئەپسانىسىنىڭ بىر قىسمى) دېگەندەك بايانلار بار.

پەنگۇنىڭ دۇنيانى يارىتىش ئەپسانىسىدىمۇ ئۇنىڭ ياتقان ماكانى ئاسمان - زېمىنىنىڭ ماددىي ئاساسى لاي - تۇپراقتۇر. خانى مىللىتىنىڭ ئەپسانىلىرىدە يەر يارىلىشتا سېرىق تۇپراق، ئاسمان يارىلىشتا ئالتۇن قاتارلىق مېتاللار ئىشلىتىلگەنلىك ھەققىدىكى بايانلار بار. تۇزۇ مىللىتىنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدە، ئىلاھ پاقىنىڭ سۇ ئاستىدىن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن توپىسى بىلەن زېمىننى ياراتقانلىقى ھەققىدە تەسۋىرلەر بار.

تۇپراق ياكى تۇپراق تەركىبلىك ماددىلاردىن دۇنيا يارىتىش مۇتىفىدا تۇپراقتىن يارىتىلغان شەيئىلەر كۆپىنچە زېمىن (قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللار) بولۇپ، ئاسمان بوشلۇقىنىڭ شەكىللىنىشى كۆپ ئەھۋاللاردا بىر خىل تەبىئىيلىك سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. تۇپراقتىن دۇنيا يارىتىش تەسۋىرى يەنە باشقا مىللەتلەر يارالمىش ئەپسانىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر ئانا تېمىدۇر.

C: ئىلاھىي خىسلەتلىك تۇخۇمنىڭ دۇنيانىڭ يارىلىشىغا ئاساس بولۇشى ۋە نام - نىشانسىز يارىتىلغان دۇنيا تەسۋىرى.

بىر قىسىم يارالمىش ئەپسانىلىرىدە دەسلەپكى بىر ئىلاھىي خىسلەتلىك تۇخۇم (نېمىنىڭ تۇخۇمى بۇ ئېنىق ئەمەس) پارچىلىنىپ ئۇنىڭدىن دۇنيانىڭ يارالغانلىقىدەك ئانا تېما مەۋجۇت. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەپسانىلىرىدىكى پەنگۇ يەنە بىر ئەپسانە ۋارىيانتلىرىدا بىر تۇخۇم ئىچىدە 18 مىڭ يىل يېتىپ چىققان پالۋان ئىكەن. فىنلاندىيە خەلق ئېپوسى «كالېۋالا» (Kalevala) دا تەسۋىرلىنىشىچە، ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ قىزى يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەندە، بىر قۇشنىڭ چەكسىز دېڭىز يۈزىدە ئۇۋا تاپالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆ-

روۋپ تىزىنى سۇدىن چىقىرىپ بېرىدۇ. ھېلىقى قۇش كېلىپ ئۇنىڭ تىزىدا ئۇۋا ياسايدۇ ۋە يەتتە تۇخۇم تۇغىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ تۇخۇملار پاچاقلىنىپ ئۇلاردىن ئاسمان- زېمىن ۋە ئاراللار شەكىللىنىدۇ. بۇ دېڭىز ئانىسىنىڭ قولىنى ئۇياق - بۇياققا سوزۇشلىرى نەتىجىسىدە ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدىكى شەيئىلەر پەيدا بولىدۇ.

خۇددى تۇخۇمدىن چۈجە چىققاندەك، دۇنيانى بىرەر تۇخۇمدىن ئاپىرىدە قىلىش تەسەۋۋۇرلىرى ئوبرازلىق تەپەككۇر نۇقتىسىدىن بەك مەنتىقىسىزمۇ ئەمەس. چۈنكى بۇمۇ دۇنيا توغرىسىدىكى سىرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەسەۋۋۇرلىرىدىكى بىر خىل يېشىلىش، ھەل قىلىنىش ئۇسۇلى، خالاس.

يەنە بىر قىسىم ئەپسانىلەردە دۇنيا نامەلۇم جىسىمنىڭ ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن، ياكى يوقلۇقتىن پەيدا بولغان، دەپ ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇنداق ئەپسانىلەردە نامەلۇم بىر ئېنېرگىيە مەنبەسى ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولىدۇ («رېگ. ۋېدا» دىكى يارالمىش ئەپسانىسى) ياكى ئەسلىنى كىمنىڭ ياراتقانلىقى ئېنىق بولمىغان بىر دۇنيا ئۆز ئىچىدىن نۇرغۇن ئىلاھلارنى تۇغىدۇ. بۇنداق تىپتىكى ئەپسانىلەر بارلىق ئەپسانىلەر ئىچىدە چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ ۋە كۆپىنچە سىستېمىلاشمىغان شۇنداقلا دەۋرى ئۇزاق بولمىغان ئەپسانە قالدۇقلىرىدا ئۇچرايدىغان بىر ئەھۋالدۇر.

## 4. دۇنيانىڭ يارىلىشىدىكى ئىچكى تەرتىپ

ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەسەۋۋۇرلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۆز مۇھىتىدىكى ئەڭ زور بولغان ئىككى يارالمىش ئالدى بىلەن ئۆزلىرى پۇت دەسسەپ تۇرغان زېمىن ۋە ئۆزلىرىنى ئوراپ، يېپىپ تۇرغان ئاسمان ئىدى. ھەقىقەتەن، ئاسمان ۋە زېمىن بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەر مەۋجۇتلۇق ماكانىغا ئېرىشەلەيتتى. مۇشۇنداق بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئىپتىدائىي ئەپسانىلەردىكى ئەڭ چوڭ ئىلاھلار ئاسمان ئىلاھى بىلەن زېمىن ئىلاھىدۇر. بۇ ئالتاي خەلقلىرى ئەپسانىلىرىدىكى ئىنتايىن روشەن بىر ھادىسە بولۇپ، كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرىسى قەدىمكى ئالتاي خەلقلىرى ئېتىقادىدا ئەڭ بۈيۈك ئىلاھلاردۇر. باشقا مىللەتلەر ئەپسانىلىرىدىكى ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىپتىدائىي دىنلاردىكى ئىلاھ چۈشەنچىلىرىدە، ئاسمان ئىلاھى بىلەن يەر ئىلاھى ئەڭ چوڭ ئىلاھلار بولۇپ، ئاتىغا تەققاسلانغان ئاسمان ئىلاھى بىلەن ئانىغا تەققاسلانغان زېمىن ئىلاھى قوشۇلۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تۈرلۈك شەيئىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئەۋلاد ئىلاھلار»نى ئاپىرىدە قىلىدۇ. يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى دۇنيانىڭ ئايرىلىش تەرتىپىدە شۇ سەۋەبتىن ئەڭ دەسلەپتە يارالغىنى ئاسمان بىلەن زېمىندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ۋە باشقا تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئاندىن زېمىن ئۈستىدىكى تاغ - دەريالار، ئۆسۈملۈكلەر ....دۇر. جانلىقلار بولسا ئەپسانىي قاراشلار بويىچە ئەڭ كېيىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر. ھەرقايسى سىستېمىدىكى ئەپسانىلەر ياكى سىستېمىغا كىرمىگەن كىچىك ئەپسانىلەردە بولسۇن ھەممىسىدىن «ئاسمان - زېمىن - قۇياش - ئاي - يۇلتۇز - ھاۋادىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى — دېڭىز (بۇ بەزىدە ئەسلىدىنلا مەۋجۇت) تاغ، دەريا، زېمىن ئۈستىدىكى باشقا شەيئىلەر — جانلىقلار ئاخىرىدا ئادەم (ئىنسان)»دىن ئىبارەت مۇقىم بىر تەرتىپ بار بولۇپ، بۇنداق يارىلىش تەرتىپىگە ئائىت مىساللارنى ھەممە يارالمىش ئەپسانىلىرىدىن دېگۈدەك ئۇچرىتالايمىز.

دۇنيانىڭ يارىلىشىدىكى ئىچكى تەرتىپ بارلىق يارالمىش ئەپسانىلىرىدە ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ. يەنى،

A: دۇنيانىڭ يارىلىشى مەلۇم ياراتقۇچى ياكى ياراتقۇچىلار تەرىپىدىن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەرتىپ بويىچە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

B: تەبىئەتتىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر شەكلىنى ئالغان ئىلاھلار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەرتىپ بويىچە تۇغۇلىدۇ ياكى پەيدا بولىدۇ.

ئالدىنقى خىلدىكى يارالمىش تىپى سۈنئىي دىنلار ۋە بىر قىسىم غەيرىي تەبىئىي ئىپتىدائىي دىنلاردىكى يارالمىش ئەپسانىلىرىگە ئورتاق بولغان ماھىيەتتۇر. كېيىنكى خىلدىكى يارالمىش تىپى بولسا يۇنان ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، مىسىر ئەپسانىلىرى سىستېمىسى، ئالتاي ئەپسانىلىرى سىستېمىسى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەپسانىلىرى سىستېمىسىغا ئورتاق بولغان يارالمىش تەرتىپىدۇر.

دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر سىستېمىلىرىدا ئىككى خىل ھالەت تەسۋىرلەنگەن.

يەنى بىر قىسىم ئەپسانىلەردە سۇ يۈزى يارىلىشنىڭ ماكان ئالاھىدىلىكىدۇر. يەنە بىر قىسىم ئەپسانىلەردە بوشلۇقتا دۇنيانىڭ يارىلىشى، بۇ يەنە بىر خىل ماكان ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇندىن باشقا دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ يارقىن ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى ۋە مەھسۇلىدۇر. شۇ سەۋەبتىن دۇنيانىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يارىلىش مۇتىفى بولسا پۈتۈن ئەپسانىلەرنىڭ ئەڭ مېغىزلىق قىسمىدۇر. بىز ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ئورتاق بىر مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، ئوخشاش بىر يىپ ئۇچى ۋە ئوخشاپ كېتىدىغان يارىلىش جەريانى ۋە ماتېرىيالىغا قاراپ، بارلىق يارالمىش ئەپسانىلىرىنى ئەسلى بىر مەنبەدىن كەلگەن، ئەسلى بىر بۇلاقتىن ئېقىپ چىققان تارماق ئېقىنلاردۇر، دەپ ئېيتالمايمىز. دەرۋەقە ئىپتىدائىي دىنلارغا خاس ئەپسانىلەر ھامان شۇ دىنلارنىڭ ئىگىلىرى بولغان خەلقلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەپسانىلەردۇر. سۈنئىي دىنلارنىڭ يارىلىشقا دائىر بۆلەكلىرى شۇ دىنلارنى قوبۇل قىلغان خەلقلەر ئارىسىدا ئۇلاردا ئەسلىدىن بار بولغان يارالمىش ئەپسانىلىرىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاققان بولۇشى، ياكى ئۇلاردىن مەلۇم دەرىجىدە پايدىلانغان ۋە ئۆزىنى بېيىتقان بولۇشى كېرەك. ئوخشاش مۇتىفلىق ئەپسانىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، يوللىرى، ۋاستىلىرى پۈتۈن مەدەنىيەت قاتلىمىدا نىسبەتەن مۇرەككەپ بىر سىستېما بولۇپ، بۇنى پەقەت مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىنلا ئىزاھلاپ بېرىش مۇمكىن. تىپىك پاراللېل تەرەققىيات نەزەرىيىسى ياكى بىر مەنبەچىلىك نۇقتىئىنەزەرى بىلەن يارالمىش ئەپسانىلىرىگە مۇئامىلە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مۇقەددىمىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا خاس ئىنسانىي تەپەككۇر، ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسى ... قاتارلىق مەسىلىلەر يارالمىش ئەپسانىلىرىگە ئوخشاش قەدىمىي ۋە غوللۇق ئەپسانىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشتە تولۇق نەزەرگە ئېلىنسا، ئەپسانىلەر تەتقىقاتىدا يېشىلمەيدىغان سىر قالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سۈنئىي دىنلاردىكى يارالمىش ئەپسانىلىرى ئۆزىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكى بىلەن، ئۇلار شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىچىدە تاكى ھازىرغىچە ئومۇمىي دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. بۇ مەسىلىگە قارىتا توغرا مۇئامىلىدە بولۇش، ئىپتىدائىي دىنلاردىكى يارالمىش ئەپسانىلىرى بىلەن سۈنئىي دىنلاردىكى يارالمىش ئەپسانىلىرىنى نىسپىي پەرقلىق ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش يەنە ئەھمىيەتلىكتۇر. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەسىلىلەر ئەپسانىلەر تەتقىقاتى (Mythology) دا ھەل قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەردۇر، ئەلۋەتتە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


① لۇداجى: «غەرب دىن تەلىماتلىرى تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى، 614 ـ بەت.

② «مىفولوگىيە» كونسپېكتىدىن.

③ «ئوكيانۇس» نىڭ كىچىكلىتىپ بېسىلغان نۇسخىسى، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 998 ـ بەت.

④ ⑬ شىگولىڭ: «ئالەم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 8 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 51 ـ بەت.

⑤ ⑫ تاۋيالىڭ، جولىڭ شىيۇلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئەپسانىلىرى»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

⑥⑦⑧⑨⑩⑪ داۋىد. لىمىڭ، ئېدۋىن. بېلدا: «مىفولوگىيە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1990ـ يىلى 6 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

⑭ سىپىنسېر. J. پالمېر: «دۇنيادىكى دىنلارغا ئومۇمىي نەزەر»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى، 4 ـ بەت.


(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا

ھەمراھ مۇھەممەت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ-ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدە يۈز بەرگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەر، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**:本文简要论述实行经济体制改革以来,随着经济的增长,新疆维吾尔族婚姻家庭关系中出现的新变化、存在的问题以及解决的方法.

**Abstract**: Since the reforming of the economis rule, with the growing up of economy, the minority people in Xinjiang, including Uyghur people have great changes on the marriage life and family relationship. The writer of this article gave us a brief exposition about it and showed us the existing problems and the solving ways.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 10 نەچچە يىل مابەينىدە، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭى، تەپەككۇرى، تۇرمۇش شەكلى ھەم مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلاردا زور ئۆزگىرىش بولدى. بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋىتى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى شۇ دۆلەت ياكى شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ھۆجەيرىسى بول-

* ھەمراھ مۇھەممەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

غان نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋىتىدىمۇ يېڭى ئۆزگە-
رىش بولدى. ئالايلۇق، نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى
جۆرە تاللاش ئېڭىدا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھ-
ۋالىغا، مال ـ مۈلكىگە، ئەمەل ـ مەرتىۋىسىگە
ئەھمىيەت بېرىشتىن، لايىق بولغۇچىنىڭ ئىقتىدا-
رىغا، تالانتىغا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئەخلاقىي
پەزىلىتى قاتارلىق ئاساسلىق تەرەپلەرگە ئەھمىيەت
بېرىشكە قاراپ يۈزلەندى، بۇ خىل يۈزلىنىش ئىس-
لاھات ـ ئېچىۋېتىش دەرىجىسى چوڭقۇرلاشقان،
ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلاردا
تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنمەكتە. مەسىلەن: شىن-
جىڭدىكى 300 قىزنىڭ جۆرە تاللاش ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلاردىن
198ى، يەنى 66% تى كەسپتە تىرىشچان، ئىختى-
ساسلىق يىگىتكە ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان-
لىقىنى، پەقەت ئونىلا، يەنى 3.3% تىلا پۇلدار
بايۋەتچىلەرگە ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلى-
قىنى ئىزھار قىلغان. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق
مىللەت ياشلىرىنىڭ شەھەرلەردە، بولۇپمۇ پەن ـ
تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ تارماقلىرىدا ئىش-
لەيدىغانلىرى ئىچىدە ئىقتىدارلىق، تالانتلىقلاردىن
جۆرە تاللايدىغانلارنىڭ نىسبىتى بۇرۇنقىدىن خېلى
زور دەرىجىدە كۆپەيدى. ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەت-
نىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ
ئائىلىدىكى ئورنىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئۇلار-
نىڭ تۇرمۇش ئېڭىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى.
ئالايلۇق، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، بالا بېقىش
ۋە تەربىيىلەشنى پۈتۈنلەي ئاياللارنىڭ قىلىشقا تې-
گىشلىك ئىشى دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ئور-
نىنى ئائىلە ئىشلىرى، بالا بېقىش ۋە تەربىيىلەش
ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى
دەيدىغان يېڭىچە قاراش ئىگەللەشكە باشلىدى. بۇ
ئائىلە ئەمگىكىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشقا قاراپ يۈز-
لىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. نۇرغۇن ئاياللار-
نىڭ ئائىلە ئىقتىسادىدا مۇھىم ياكى خېلى مۇھىم
رول ئويناپ، ئائىلە ئىقتىسادىغا ھەسسە قوشقانلى-
قى جەمئىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئەرلىرىنىڭ ئېتى-
راپ قىلىشىغا ئېرىشتى، ھازىر ئەر-ئاياللارنىڭ
بىر- بىرىگە قويىدىغان تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىدىمۇ
ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇنقىدەك ئەرلەر نېمە دېسە
خوتۇنى «خوپ» دەپ تۇرىدىغان، ئەرلەرنىڭ ئېيت-
قىنى مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن خوتۇنى قارى-
غۇلارچە بويسۇنىدىغان، ئاياللار ئەرلىرى ئۈچۈن
ئۆزىنى شەرتسىز قۇربان قىلىۋېتىدىغان، جەمئى-
يەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئەھۋاللار پەي-
دىنپەي ئازايدى.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى
ئۇزاق مۇددەت فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ زۇلمى،
كەمسىتىشى ۋە خارلىشىغا ئۇچرىغان، بۇ ئاساسلى-
قى باشقىلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋې-
لىش، نىكاھ سودىسى ۋە ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى
خالىغانچە تالاق قىلىۋېتىش ئىمتىيازى قاتارلىقلاردا
گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ھازىر ئىسلاھات ئېچىۋې-
تىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاز
سانلىق مىللەت ئاياللىرىدا ئەركىن جۆرە تاللاش
نىسبىتى 50% تىن ئېشىپ كەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەمئىيەتنىڭ تە-
رەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇرۇنقىدەك ئىشلەپچى-
قىرىش ۋە ماددىي تۇرمۇشتا بىر ـ بىرىگە ياردەم
بېرىشنى ئاساس قىلىپ ئورنىتىلغان نىكاھ ـ مۇنا-
سىۋىتىنىڭ ئورنىنى، مۇھەببەتنى ئاساس قىلغان
نىكاھ مۇناسىۋىتى ئىگەللىدى، ئاياللار ئەرلىرىگە
بېقىندى بولۇش خاراكتېرىدىكى ئائىلە مۇناسىۋە-
تى، ئائىلە ئىشلىرىنى ئەر ـ ئاياللار ئورتاق بىر
تەرەپ قىلىدىغان دېموكراتىك ئائىلە مۇناسىۋىتىگە
ئۆزگەرمەكتە، بالدۇر پەرزەنت كۆرۈش، زىچ تۇ-
غۇش (بىر پەرزەنتتىن كېيىن يەنە بىر پەرزەنتنى
بىرنەچچە يىل ئۆتكۈزمەي تۇغۇش)، كۆپ تۇغۇش-
تەك ئەنئەنىۋى تۇغۇش ئادىتى كېچىكىپ تۇغۇش،
شالاڭ تۇغۇش (يەنى بىر پەرزەنتتىن كېيىن بىر-
نەچچە يىل ئۆتكۈزۈپ پەرزەنت كۆرۈش)، ئاز تۇ-
غۇشتىن ئىبارەت يېڭىچە تۇغۇش ئادىتىگە ئۆزگەر-
دى. مەسىلەن: «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى-
نىڭ 1996 ـ يىللىق 6 ـ سانىنىڭ «ئاياللار خىز-
مىتىدىن ئۇچۇرلار» سەھىپىسىدىكى مەلۇماتقا ئا-
ساسلانغاندا، تۇرپان ۋىلايىتىدە تۇغۇش ئىقتىدارىغا
ئىگە 93 مىڭ 619 ئايالنىڭ، 76 مىڭ 467 سى
تۇغۇت چەكلەش تەدبىرىنى قوللانغان، 7 مىڭ 92

جۇپ ئەر - خوتۇن يالغۇز پەرزەنت كۆرۈش كېنىشكىسى، 2 مىڭ 606 جۇپ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەر - خوتۇن پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالغان. تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 98.98% كە يەتكەن.

80% ئائىلىدە ئائىلە ئىقتىسادىنى ئەر - خوتۇن بىرلىكتە باشقۇرىدىغان بولغان، 50% ئائىلىدە ئايال غوجىدار بولغان.

ئەمما شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئىسلاھاتتىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە يۇكسەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىيات سەۋىيىسى دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلاردىن، بەزى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭكىدىن خېلى ئارقىدا، ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىدىمۇ روشەن پەرق بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپتونوم رايونىمىزدا فېئوداللىق كۆز قاراش ۋە باشقا تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاياللارنى خورلايدىغان، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، ھەتتا ئاياللارنى تاۋار ئورنىدا كۆرىدىغان قاراشلار يەنىلا مەۋجۇت. بۇ خىل قاراشلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) يېزىلاردا نىكاھ ئىشلىرىغا «بىدىك»، «ۋاستىچى»لارنىڭ ئارىلىشىشى. بۇنىڭدا بۇرۇنقىدەك كوللېكتىپ ئەمگەك پائالىيەتلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، يېزىلاردىكى ياشلارنىڭ ئۆز ئارا ئەركىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىش پۇرسىتىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىمۇ مۇھىم سەۋەب بولغان. دەرۋەقە بىز نىكاھ ئىشلىرىدا بەزى ياخشى نىيەتلىك ۋاستىچىلارنىڭ ئىككى ياشنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش ئۈچۈن قىلغان ساۋاپلىق، خالىس مېھنىتىنى قارىلىماقچى ئەمەسمىز، ئەمما نىكاھ ئىشلىرىدا «بىدىك» لىككە تايىنىپ پايدا - مەنپەئەت ئېلىشقا، نىكاھ سودىسى قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئايرىم كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. گەرچە بۇ خىل «بىدىك»، «ۋاستىچى»لار تويلىشىدىغان ئىككى ياشنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ خىل نىكاھ ئىككى ياش ئىختىيارىي مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ تويلاشقان نىكاھقا يەتمەيدۇ.

(2) چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئالدىن بېيىغان بەزى كىشىلەر بۇرژۇئازىيىنىڭ جىنسىي ئەركىنلىك قارىشىنىڭ تەسىرىدە خوتۇننى قىزلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، خىللاشتۇرۇش، توي قىلماي تۇرۇپ بىللە ئولتۇرۇش، ئاشنا ئويناش، باشقىلارنىڭ ئەر - ئاياللىرىغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشنى ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغەت، بەخت ئۆلچىمى قىلىۋالدى. نەتىجىدە جەمئىيەتتە نىكاھدىن ئاجرىشىش، خوتۇن يەڭگۈشلەش خېلى ئەۋج ئېلىپ قالدى. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەلۇم مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقان بىر ئائىلىدە ئەر تەرەپ قايتىدىن قىز ئېلىش مەقسىتىدە ئۆز ئايالىنى يەتتە بالا بىلەن قويۇپ بەرگەن. بۇ كىشى شۇ ئىش تۈپەيلىدىن ھەتتا ئولتۇراق ئۆيلىرىنىمۇ سېتىۋېتىپ ئايالى بىلەن بالىلىرىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. يەنە بىر ئائىلىدىكى ئەر تەرەپ ئايالىنى «ئۆزى بىلەن تاكاللىشىدۇ»، «ئاغزى يامان» دېگەننى باھانە قىلىپ نىكاھدىن ئاجرىشىپ كېتىپ 2 - خوتۇننى ئالغاندىن كېيىن يەنە ئۇنى «كەم سۆز ئىكەن»، «گەپ - سۆزى يېقىمسىز»، «كۆڭلۈمگە ياقمىدى» دەپ ئىككى بالىسى بىلەن نىكاھدىن ئاجراشقان. ئۇ 3 - خوتۇننى ئالغاندىن كېيىن يەنە ئۇنى كېسەلمەن كۆرۈپ نىكاھدىن ئاجرىشىپ كەتكەن. 4 - قېتىم قايتا ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ خوتۇنى بىلەن دائىم دېگۈدەك ئۇرۇشۇپ - سوقۇشۇپ ئۆتكەن. بۇنداق مىساللارنى يەنە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، كۇچار ناھىيە ئارال يېزىدىكى تەكشۈرۈلگەن 205 كىشىلىك نىكاھلانغان ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا 155 كىشى نىكاھدىن ئاجراشقان بولۇپ، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ 75.6% نى ئىگىلىگەن. بۇ 155 كىشى جەمئىي 292 قېتىم نىكاھدىن ئاجراشقان. بۇنىڭ ئىچىدە 68 ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي يەتتە قېتىم تۇرمۇش قۇرغان.

تۇرپان مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 1996 - يىلى قوبۇل قىلىنغان نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلوسى 1023 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنى 883 پارچە، 1997 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا قوبۇل قىلىنغان نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلوسى 512 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنى 466 پارچە بولغان. تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 1994 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلوسى 245 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قوش نىكاھلىنىش دېلوسى 14 پارچە بولغان. تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق سىڭگىم يېزا سوت مەھكىمىسىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1994 - يىلى ئومۇمىي قوبۇل قىلىنغان ھەق - تەلەپ دېلوسى 96 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلوسى 52 پارچىگە يېتىپ 53.8% نى ئىگىلىگەن؛ 1995 - يىلى ئومۇمىي قوبۇل قىلىنغان ھەق - تەلەپ دېلوسى 100 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھدىن ئاجرىشىش ماجىراسى 71 پارچىگە يېتىپ 70% نى ئىگىلىگەن. 1996 - يىلى ئومۇمىي قوبۇل قىلىنغان ھەق - تەلەپ دېلوسى 106 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىراسى 50 پارچىگە يېتىپ 56% نى ئىگىلىگەن. 1997 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قوبۇل قىلىنغان 60 پارچە دېلو ئىچىدە نىكاھ ماجىراسى 29 پارچە بولۇپ، 48.3% نى ئىگىلىگەن.

يۇقىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، مەيلى تۇرپان شەھىرىدە بولسۇن ياكى يېزىلاردا بولسۇن، نىكاھدىن ئاجرىشىدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارغان. تۇرپان رايونىدا نىكاھدىن ئاجرىشىش ماجىرالىرىنىڭ بۇنداق كۆپ بولۇشىدا ئەرلەردىكى ئەرلىك ھوقۇق ئىدىيىسى، فېئوداللىق، خۇراپاتلىق ئىدىيە، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىكلەشكەن تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تەسىرى شۇنداقلا قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشىنىڭ ئاجىز، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولغان.

قۇمۇل شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1993 - يىلى بىر تەرەپ قىلىنغان نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلوسى 300 دىن ئاشقان بولۇپ، شۇ يىلى بىر تەرەپ قىلغان 756 ھەق - تەلەپ دېلوسىنىڭ 46% نى ئىگىلىگەن. «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 8 - سانىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1986 - يىلدىن 1994 - يىلى 6 - ئايغىچە A. B ناھىيە بازارلىرىنىڭ ئىككى ئاياللار كومىتېتى تەۋەسىدە، 1300 نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى سودىگەرچىلىك قىلىدىغان 211 كىشى ئىچىدە، بېيىغان بەزى ئەرلەر خوتۇنىنى قىزلاشتۇرۇپ، خىللاشتۇرۇپ بولغان. ئىگەللىنىشىچە ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىگە قىز بىلەن يىگىتنىڭ تونۇشقان ۋاقتى قىسقا بولۇپ، بىر - بىرىنى تولۇق چۈشىنىشمەيلا ئالدىراپ تويلاشقانلىقى، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش تەربىيىسىنىڭ كەمچىل، قانۇن ئېڭىنىڭ تۆۋەن، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ بولسا، بەزىلىرى نىكاھ ئەخلاقىغا خىلاپ بولۇپ، بۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جۈملىدىن بىر قىسىم ياشلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى، ياشلارغا قارىتا توغرا بولغان نىكاھ - ئائىلە، مۇھەببەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش جەھەتتە تەشۋىق، تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

توغرا بولغان نىكاھ - ئائىلە قارىشى — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، شۇڭا بىرىنچىدىن، ھەرقايسى جايلار ھەر مىللەت خەلقىگە نىكاھ قانۇنىنى، ئانا - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر قانۇن نىزاملارنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىشى ۋە ئۇلارنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە جازالىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، ياشلارغا توغرا بولغان نىكاھ - ئائىلە، مۇھەببەت قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەش توغرىسىدىكى تەربىيىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك. ئۇلارنى بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن، ئاتالمىش «جىنسىي ئەركىنلىك» قارىشىدىن، نامۇۋاپىق كونا قائىدە - يوسۇنلارنىڭ، ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا يې-

تەكلەش، ئۇلارغا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن سالماق-
لىق بىلەن ئويلىنىش، توي قىلغاندىن كېيىن
بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر - بىرىگە كۆيۈ-
نۈش، بىر - بىرىگە ئىلھام بېرىش، ئۆزئارا يول
قويۇش، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش توغرىسىدا تەربىيە
بېرىش، ئائىلىدىكى ئۇششاق-چۈشەك ئىشلار توغ-
رىسىدا ئورۇنسىز جىدەللىشىپ نىكاھدىن ئاجرى-
شىشنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە، بالىلارغا ۋە جەمئى-
يەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ئېنىق تونۇتۇش
لازىم، بولۇپمۇ پۇل تېپىپ بېيىغاندا يېڭىسىنى
كۆرۈپ كونىسىدىن چاندىغان، ئەرزىمەس ئىشلار
ئۈچۈن يەڭگىللىك بىلەن نىكاھ ماجراسىنى قىلى-
دىغان ئىشلاردىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدىكى
ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىللە
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ھەقىقەتەن ئىمكانىيىتى قال-
مىغان ئەر - خوتۇنلارنى ۋاقتىدا قانۇنىي رەسمىيەت-
لەر بىلەن ئاجراشتۇرۇش، ئۆي تۇتۇپ قېلىش
ئېھتىماللىقى بارلىرىغا ئامالىنىڭ بېرىچە مۇناسىۋى-
تىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۈندەش كېرەك. يېنىكلىك
بىلەن نىكاھدىن ئاجرىشىپ كېتىشكە مۇۋاپىق چەك
قويۇش ئۈچۈن بەزى جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يە-
كۈنلەش كېرەك. يەنى 2 - قېتىم ياكى 3 - قېتىم
نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ تەلىپىنى بىر
مەزگىل كېچىكتۈرۈش ئاساسىدا ئۇلارنىڭ نىكاھ-
دىن ئاجرىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلىرى، ئۆتكۈز-
گەن سەۋەنلىكىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى نەزەرگە
ئېلىپ، ئاندىن قايتا نىكاھلىنىشقا بولىدىغان ياكى
بولمايدىغانلىقىنى بېكىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە يەنە ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، تۇرمۇش
قۇرغىنىغا ئىككى يىل بولمىغانلار نىكاھتىن ئاج-
رىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدىغان-
لىقى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش، نىكاھدىن
ئاجرىشىشنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قاراپ، ئەستايى-
دىل مۇئامىلە قىلمايدىغان كىشىلەرگە قارىتا بىر
مۇكەممەل قانۇن تۈزۈپ يولغا قويۇلۇشى، پەرزەنت-
لەرنى بېقىش مەسىلىسىدە، ئەگەر ئەر تەرەپ يې-
نىكلىك بىلەن نىكاھدىن ئاجرىشىشتا قەتئىي چىڭ
تۇرۇۋالغان بولسا، پەرزەنتى مەيلى بىر بولسۇن
ياكى بىرقانچە بولسۇن، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش
راسخوتىدىكى (يەنى سۈننەت توي، قىز - يىگىت
تويلىرىدىكى) چىقىمىنىڭ ھەممىسىنى بىردەك ئەر
تەرەپ ئۈستىگە ئېلىشنى ھەمدە نىكاھتىن ئاجرى-
شىپ كەتكەندىن كېيىن، ئولتۇراق ئۆيىنى ئايال
تەرەپكە بۇيرۇپ بېرىشنى ئويلىشىپ كۆرۈش كې-
رەك.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايون-
ىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش، سوتسى-
يالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىش ئۈچۈن، كەڭ پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن -
تۈزۈم تەربىيىسى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارى-
شى ۋە قىممەت قارىشى تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇ-
رۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە ھەرىكەت
ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك
قانۇن ئورگانلىرى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق
ئورۇنلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ، نىكاھ - ئائىلە ماجرالىرىنى توغرا بىر تە-
رەپ قىلىپ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق مەنپە-
ئىتىنى قوغداش ئاساسىدا، نىكاھ - ئائىلە مۇناسى-
ۋىتىدە سوتسىيالىستىك ئەخلاققا بۇزغۇنچىلىق
قىلغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە چەك
قويۇش ئارقىلىق كۆپ ئاجرىشىش، كۆپ نىكاھلى-
نىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 6-، 7 -، 8 -، 10 - سانلىرى.
2. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 3 - سانى.
3. «قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 - يىللىق 8 - سانى.
4. تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ 1986 - يىلى چىقىرىلغان خىزمەت دوكلاتىدىن ئۈزۈر.
5. «شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى» دېگەن كىتابنىڭ 8 - بابى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)


تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئاياللار مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئەۋلادلار ساپاسىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە

پەزىلەت داۋۇت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئاياللار (ئانىلار) مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ ياخشى بولۇش — بولالماسلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ.

**摘要**：本文以具体事例为据，论述家庭教育中母亲文化水平的高低对子女的教育及其素质的好坏产生直接影响的规律。

**Abstract**: This article, by giving examples, expounds that the superiority or inferiority of women's standard of education exerts a direct influence on children's training and their quality.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ نوپۇسىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە بولغان تونۇشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ، دىققەت ئېتىبارى قوزغالماقتا. چۈنكى، نوپۇس سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ياكى قىلالماسلىقىغا، ئىقتىسادنىڭ داۋاملىق ئېشىش ياكى ئاشالماسلىقىغا، پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ داۋاملىق يۈكسىلىش ياكى يۈكسىلەلمەسلىكىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. كىشىلەر بۇنى تەدرىجىي تونۇپ يەتمەكتە. ئۇنداقتا، ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل زادى قەيەردە؟ مانا بۇ بىز تەتقىق قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ تۈگۈنى.

ئىنسان تۇغۇلىدۇ، يېتىلىدۇ، قېرىيدۇ، ئۆلىدۇ. بۇ مۇشۇ تەرىقىدە چەكسىز دەۋر قىلىپ بارىدۇ، مۇشۇنداق چەكسىز دەۋر قىلىش ئىنسانلارنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، نەسىل قالدۇرۇشى نەتىجىسىدىن بولىدۇ. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئايال كىشى يەنى ئانا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى شۇ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بالا ئالدى بىلەن ئانا قورسىقىدا ئاپرىدە بولۇپ يېتىلىدۇ ۋە دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ئانا تېنىدىن ئوزۇقلۇق ئالىدۇ. يورۇق دۇنياغا

---

• پەزىلەت داۋۇت: ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەلىم - تەشۋىقات مەركىزىنىڭ خادىمى.

كۆز ئاچقان هامان ئانا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ-
دىن باشلاپ بالىنىڭ ئانا بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاق-
تى تەبىئىيكى كۆپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن بىر
بالىنىڭ دۇنياغا كېلىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئانا
ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئاياللارنىڭ توي قىلىشى، بالا توغۇشى ئادەم-
لەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، پسىخئولوگىيىلىك
هالەتلىرىنىڭ ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا تە-
سىر كۆرسىتىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاياللارنىڭ
تۇغۇت سانى ۋە سۈپىتى پەقەتلا ئۆز بەدىنىنىڭ
تۇغما ساپاسى بىلەنلا باغلىق بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تەسىرى ۋە
ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى ئادەملەرنىڭ ساپاسى-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ توي قى-
لىش، تۇغۇشقا بولغان كۆز قارىشى، هاياتلىق قە-
دىر - قىممەت كۆز قارىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئاياللار-
نىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇلارنىڭ تۇغۇت ئارزۇ-
سى ۋە قانچە پەرزەنت كۆرۈشى بىلەن زىچ مۇناسى-
ۋەتلىك بولىدۇ.

مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان ئاياللار
پەرزەنتلىك بولۇشنى هاياتلىقتىكى چوقۇم يۈز بې-
رىدىغان نورمال فىزىئولوگىيىلىك ئەھۋال، پەر-
زەنتلىك بولۇش ئاياللارنىڭ هوقۇقى دەپ قارايدۇ.
شۇڭلاشقا ئۇلار ئاز تۇغۇش ۋە تۇغۇلغان بالىنى
ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشنى ئالدىنقى
شەرت قىلىدۇ.

مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ساۋاتسىز ياكى
چالا ساۋات ئاياللار پەرزەنتلىك بولۇش ئاياللارنىڭ
مەجبۇرىيىتى دەپ قاراپ، ئەرلىرىنىڭ ئۆزىنى بالا
تۇغىدىغان ماشىنا قىلىۋېلىشىغا بويسۇنىدۇ.

هازىر دۆلىتىمىزدە ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك
تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش كەڭ تۈردە تەشۋىق
قىلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋى-
يىسى يۇقىرى بولغاندا، پىلانلىق تۇغۇت ئاڭلىق
ئىجرا قىلىنىپ نوپۇسنىڭ ساپاسىمۇ كۆتۈرۈلىدۇ.

پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىقتىسا-
دى گۈللەنگەن ئۆلكە ياكى شەھەرلەردە پىلانلىق
تۇغۇت ئاڭلىق ئىجرا قىلىنىپ، كۆپ پەرزەنت
كۆرۈش ئىدىيىسى ئۆزلۈكىدىن سۈپەتلىك تۇغۇش
ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلەش بىلەن ئالماشماقتا، چۈن-
كى ئىقتىسادى گۈللەنگەن ئورۇنلاردىكى كىشىلەر-
نىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بول-
دۇ. مەملىكىتىمىزدىكى شىنجىڭ، شاڭخەي قاتار-
لىق ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان شەھەر-
لەردىكى نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئۇدا ئۈچ
يىل مىنۇس (—) هالدا بولغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە
ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار بولغان ئورۇنلار، جۈم-
لىدىن شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىنى ئېلىپ
ئېيتساق، قانچە نامرات، قالاق بولغانسېرى شۇنچە
كۆپ تۇغۇپ، كۆپ تۇغقانسېرى تېخىمۇ نامراتلى-
شىپ، بالىلارنىڭ ئوقۇشسىز قېلىش نىسبىتى
يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، يامان سۈپەتلىك ئايلى-
نىش هاسىل بولۇۋاتىدۇ.

بىز تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن سانلار سېلىشتۇر-
مىسىدىن بۇنى كۆرۈۋالالايمىز.

| | يېشى | | | |
|---|---|---|---|---|
| مەدەنىيەت سەۋىيىسى | 45 | 50 | 55 | 60 |
| ساۋاتسىزلار | 5.46 | 5.86 | 5.77 | 5.50 |
| باشلانغۇچ | 4.48 | 4.80 | 5.02 | 4.87 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا | 3.55 | 3.74 | 4.26 | 4.45 |
| تولۇق ئوتتۇرا | 2.80 | 2.85 | 3.12 | 3.41 |
| ئالىي مەكتەپ | 2.13 | 2.05 | 3.11 | 3.00 |
| ئومۇمىي سان | 5.08 | 5.62 | 5.65 | 5.42 |

(جۇڭگونىڭ $\frac{1}{1000}$ نوپۇسىنى نۇسخە ئېلىپ تەكشۈ- رۈش جەدۋەللەر توپلىمىدىن ئېلىنىدى.)

يۇقىرىدىكى گرافىدىن قارىغاندا، ئالىي مەك- تەپ سەۋىيىسىدىكى ئاياللار ساۋاتسىز ئاياللارغا قا- رىغاندا 2.51 — 3.81 بالىنى ئاز تۇغقان. ئەڭ چوڭ پەرق باشلانغۇچ ھەم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك- تەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ئاياللاردا كۆرۈلگەن.

بۇنىڭدىن ئازراق بىلىم سەۋىيىسىنىڭمۇ ئۇ- لارنىڭ تۇغۇش ۋە تۇغۇشتىن ساقلىنىش ئېڭىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ تۇغۇت نىسبىتى ساۋاتسىزلارغا قارىغاندا ئىككى نەپەر كەم بولغان.

ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى بىر ئادەمنى تەربىيىلەشكە كەتكەن راسخوتقا، بىرقانچە ئونلىغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكى ئادەمنى تەربىيە- لەشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋ- يىيىسىدىكى بىرقانچە ئايالنى كۆپرەك تەربىيىلىگەندە بىرقانچە ئون بالا ئاز تۇغۇلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تۇغۇت سانىنى ئازايتىشتا بولغان پايدىسى كۆپرەك. رايو- نىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، 1990 - يىلىدىكى 4 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس سانلىق مەلۇما- تىغا ئاساسلانغاندا، مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى پەرق مۇنداق بولغان:

| مەدەنىيەت سەۋىيىسى | نوپۇس سانى | ئومۇم نوپۇستا ئىگەللىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|
| ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلار | 2454000 | 16.2 |
| باشلانغۇچ مەكتەپ | 5526000 | 36.5 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا | 3135000 | 21 |
| ئالىي مەكتەپ | 279000 | 1.9 |

مانا بۇنىڭدىن شىنجاڭنىڭ نوپۇس مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ، مەملىكەت سەۋىيىسىدىن كۆپ ئارقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەدەنىيەتلىك، سەۋىيىلىك ئاياللارنىڭ ئۆمۈر بويى پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى مۇنداق بولغان: 45 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئاياللار ئىچىدە

ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغان ئاياللارنى
ساۋاتسىز ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا5 . 2— 81 . 3
بالىنى ئاز تۇغقان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سە-
ۋىيىسىدىكىلەرنى باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكىلەر بى-
لەن سېلىشتۇرغاندا تۆت بالىنى ئاز تۇغقان.

مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق ئومۇميۈز-
لۈك 10% نوپۇسنى تاللاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا
ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى-
نىڭ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش بىلەن سېلىشتۇرما
ئۆلچىمى 1 : 3 : 9 : 27 نىسبەتلىك بولغان. يەنى
مەدەنىيەت دەرىجىسى تۆۋەن بولغان ئاياللارنىڭ
كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى، يۇقىرى سەۋى-
يىلىك ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا ئۈچ ھەسسە يۇقى-
رى بولغان. مانا بۇ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇ-
قىرى - تۆۋەن بولۇشىنىڭ، پىلانلىق تۇغۇت خىز-
مىتىگە بولغان تەسىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئامىل
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغاندا، نەزەر
دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئېخىمۇ مەزمۇنلۇق، ئېخى-
مۇ رەڭدار بولغان مەنىۋى تۇرمۇشقا ئىنتىلىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرزەنتلىرىگە بولغان تەربى-
يىنى كۈچەيتىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ مەنىۋى، ئىدى-
يىۋى جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بې-
رەلەيدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقى-
رى بولغاندا، ئاز پەرزەنتتىن بالىلىق تۇرمۇشىنىڭ
لەززىتىنى ئېتىيدۇ. يۇقىرى مەلۇماتلىق ئاتا - ئانا
بالىسىنىڭمۇ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى-
نى خالايدۇ. بالا كۆپ بولغاندا، ئاتا - ئانىنىڭ
يۈكى ئېغىرلاپ، بالىلارنى تەربىيىلەشكە يېتىشىپ
بولالمايدۇ - دە، بالىلارغا قارىتىلغان تەربىيە تۆ-
ۋەنلەپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىن ئاياللار-
نىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت بىلەن
زىچ ئالاقىسى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
شۇڭلاشقا ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈ-
رۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ يېزىلا-
ردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، دەسلەپكى باس-
قۇچتىكى مەدەنىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، قا-
نۇن كۆز قارىشىنى تىكلەش ئارقىلىق ناتوغرا تۇ-
غۇت كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش، بولۇپمۇ ئاياللار-
نىڭ ساۋاتسىزلىقنى تېزدىن تۈگىتىش خىزمىتى-
نى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ پەن - مەدە-
نىيەت ساپاسىنى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈشنى ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش كې-
رەك.

نوپۇس ساپاسى ئىنسانلارنىڭ تەن ساپاسى ۋە
ئەقلىي ساپاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. پى-
لانلىق تۇغۇتنى ئاكتىپلىق ئىجرا قىلىش ئاز تۇغۇش،
سۈپەتلىك تەربىيىلەشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. 农村人口问题解答，辽宁人民出版社，1987 年出版

2. 人口素质概论，辽宁人民出版社，1988 年

3. 中国计划生育道路，辽宁大学出版社，1990 年



(پوچتا نومۇرى: 830002)


**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

# بازار مېخانىزمى توغرىسىدا

جاپپار مۇتىئى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، بازار مېخانىزمىنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ ئامىللىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇئامىلىنى ئاپتوماتىك تەڭشەشى، ئۆزئارا باغلىنىشى، جانلىقلىقى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، تاللاش، يېتەكلەش ۋە بايلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى فۇنكسىيىسى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要:** 本文论述市场机制的意义及其诸因素在生产和流通的自动调节、相互联系、活力、动力、选择、引导以及资源分布等方面的特点和功能.

**Abstrast:** In this article, the writer expounded the significance and various factors of market mechanism in production and circulation about the automatic regulate, interaction, vitality, impetus, selection, guiding and its peculiarities and functions in resource distributing, etc.

## 1. بازار مېخانىزمىنىڭ مەنىسى

بازار مېخانىزمى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى تەڭشەش مېخانىزمى بولۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ يادروسى. ئۇ باھا ۋە رىقابەت، تەمىنلەش ۋە تەلەپ قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بازار مېخانىزمىنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى ئۆزئارا تەقەززا قىلىپ، ئۆزئارا باغلىنىپ، ئۆزئارا رول ئويناپ، ئۆزئارا ئويغۇنلىشىپ، ئۆزلۈكىدىن ماسلىشىپ، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازاردىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ئىستىخىيىلىك ھالدا تەڭشەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن رىقابەت جەريانىدا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، مۇقەررەر ھالدا بازاردا تاۋار باھاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەۋرىنىپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بازاردىكى تاۋار باھاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەۋرىنىپ تۇرۇشى يەنە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەمىنلەشكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىستېمال مىقدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بازاردا تەمىنلەش — تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەڭشەيدۇ. باھا - رىقابەت، تەمىنلەش - تەلەپ قاتارلىق بازارنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى ئۆزئارا سەۋەب نەتىجە شەكلىدە باغلىنىپ، ئۆزئارا تەقەززا قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئورتاق فۇنكسىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازار مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بازار مېخانىزمىنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى-

• جاپپار مۇتىئى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ لېكتورى.

ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغان ئاياللارنى ساۋاتسىز ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا 2.5— 3.81 باللىنى ئاز تۇغقان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەرنى باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆت باللىنى ئاز تۇغقان.

مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك 10% نوپۇسنى تاللاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش بىلەن سېلىشتۇرما ئۆلچىمى 1:3:9:27 نىسبەتلىك بولغان. يەنى مەدەنىيەت دەرىجىسى تۆۋەن بولغان ئاياللارنىڭ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولغان. مانا بۇ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنىڭ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان تەسىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغاندا، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، تېخىمۇ رەڭدار بولغان مەنىۋى تۇرمۇشقا ئىنتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرزەنتلىرىگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ مەنىۋى، ئىددىيىۋى جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرەلەيدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغاندا، ئاز پەرزەنتتىن باللىق تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ. يۇقىرى مەلۇماتلىق ئاتا - ئانا بالىسىنىڭمۇ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى خالايدۇ. بالا كۆپ بولغاندا، ئاتا - ئانىنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ، بالىلارنى تەربىيىلەشكە يېتىشىپ بولالمايدۇ - دە، بالىلارغا قارىتىلغان تەربىيە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىن ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت بىلەن زىچ ئالاقىسى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، دەسلەپكى باسقۇچتىكى مەدەنىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، قانۇن كۆز قارىشىنى تىكلەش ئارقىلىق ناتوغرا تۇغۇت كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تېزدىن تۈگىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش كېرەك.

نوپۇس ساپاسى ئىنسانلارنىڭ تەن ساپاسى ۋە ئەقلىي ساپاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. پىلانلىق تۇغۇتنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىش ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. 农村人口问题解答，辽宁人民出版社，1987 年出版

2. 人口素质概论，辽宁人民出版社，1988 年

3. 中国计划生育道路，辽宁大学出版社，1990 年

(پوچتا نومۇرى: 830002)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# بازار مېخانىزمى توغرىسىدا

جاپپار مۇتىئى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، بازار مېخانىزمىنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ ئامىللىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇئامىلىنى ئاپتوماتىك تەڭشىشى، ئۆزئارا باغلىنىشى، جانلىقلىقى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، تاللاش، يېتەكلەش ۋە بايلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى فۇنكسىيىسى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文论述市场机制的意义及其诸因素在生产和流通的自动调节、相互联系、活力、动力、选择、引导以及资源分布等方面的特点和功能。

**Abstrast**: In this article, the writer expounded the significance and various factors of market mechanism in production and circulation about the automatic regulate, interaction, vitality, impetus, selection, guiding and its peculiarities and functions in resource distributing, etc.

## 1. بازار مېخانىزمىنىڭ مەنىسى

بازار مېخانىزمى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى تەڭشەش مېخانىزمى بولۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ يادروسى. ئۇ باھا ۋە رىقابەت، تەمىنلەش ۋە تەلەپ قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بازار مېخانىزمىنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى ئۆزئارا تەقەززا قىلىپ، ئۆزئارا باغلىنىپ، ئۆزئارا رول ئويناپ، ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزلۈكىدىن ماسلىشىپ، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازاردىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ئىستىخىيىلىك ھالدا تەڭشەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن رىقابەت جەريانىدا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، مۇقەررەر ھالدا بازاردا تاۋار باھاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەۋرىنىپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بازاردىكى تاۋار باھاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەۋرىنىپ تۇرۇشى يەنە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەمىنلەشكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىستېمال مىقدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بازاردا تەمىنلەش — تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەڭشەيدۇ. باھا - رىقابەت، تەمىنلەش - تەلەپ قاتارلىق بازارنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى ئۆزئارا سەۋەب نەتىجە شەكلىدە باغلىنىپ، ئۆزئارا تەقەززا قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئورتاق فۇنكسىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازار مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بازار مېخانىزمىنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى-

* جاپپار مۇتىئى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ لېكتورى.

نىڭ ئۆزئارا تەقەززا قىلىپ، ئۆزئارا ئۇيغۇنلە-
شىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ ئورتاق رول ئوينىشى-
نىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى، تەمىنلەش بىلەن
تەلەپ ئارقىلىق رىقابەت جەريانىدا شەكىللەنگەن
بازار باھاسىنى (تاۋار باھاسىنى، مەبلەغ باھاسى-
نى، ئىش ھەققى باھاسىنى) ئۈزلۈكسىز شەكىل-
دىكى تەڭپۇڭلۇققا ئېلىپ كېلىدۇ. باھامۇ شەكىل-
دىكى باھا بولىدۇ. شەكىلدىكى باھا ئەكسىچە بول-
غاندا بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئۆزگە-
رىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا شەكىلدىكى باھا
شارائىتىدا تەمىنلەش- تەلەپنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇنلە-
شىپ، ئۆزئارا رول ئويناش يۆنىلىشى ۋاقىتلىق
ھالەتتىكى تەڭپۇڭلۇقلا بولىدۇ. بۇ خىل تەمىنلەش
بىلەن تەلەپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بازار باھاسى نورغۇن-
لىغان ھالەتنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ماھى-
يىتى بازاردىكى بازارغا قاتناشقۇچىلارنى ئۆز مەنپە-
ئىتى ئۈچۈن ئۆزئارا تەقەززا قىلىپ، ئۆزئارا رول
ئويناپ بازارغا ئورتاق قاتنىشىشتىن ئىبارەت.
ئەكسىچە، بازار بازارغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىقتىسا-
دي ھەرىكىتىنى تەڭشەپ، ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ
ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى
تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرۇ-
شى بىلەن تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى-
نى بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، مەنپەئەت
مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ. شۇڭا بازار مېخانىز-
مى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش شەكلى
بولۇپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىشلەپچىقى-
رىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال قا-
تارلىق پۈتكۈل جەرياننى ئىستىخىيىلىك تەڭشەي-
دۇ.

بازار مېخانىزمى كونكرېت باھا مېخانىزمى،
رىقابەت مېخانىزمى، تەمىنلەش - تەلەپ مېخانىز-
مى، ئىش ھەققى مېخانىزمى، پايدا نىسبىتى مېخا-
نىزمى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. قىممەت قانۇنىيىتى،
رىقابەت قانۇنىيىتى، تەمىنلەش - تەلەپ قانۇنىيە-
تى، پۇل - مۇئامىلە قانۇنىيىتى قاتارلىق قانۇنى-
يەتلەرنىڭ رول ئوينىشى جەريانىدا بازار باھاسى-
نىڭ تەۋرىنىشى بىلەن بازاردىكى تەمىنلەش - تە-
لەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئوتتۇرىسىدا ئۆز-
ئارا تەقەززا قىلىدىغان باغلىنىش ۋە رول ئويناش
سەۋەبىدىن باھا مېخانىزمى شەكىللىنىدۇ. تاۋار
ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تاۋار ساتقۇچىلار ۋە تاۋار
سېتىۋالغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەمىنلەش - تەلەپ
مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ رىقابەت
مېخانىزمى شەكىللىنىدۇ. تەمىنلەش بازاردىكى تە-
لەپنى قاندۇرالمىسا، تاۋارنىڭ باھاسى ئۆرلەيدۇ،
تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتسە، بازاردىكى تا-
ۋارنىڭ باھاسى تۆۋەنلەيدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقارغۇ-
چىلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەت كەسكىن بولىدۇ. بۇ
خىل تەقەززالىق مۇناسىۋەت تەمىنلەش - تەلەپ
مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىش ھەققىنىڭ
ئۆزگىرىشى بىلەن ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش-
تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشى ئىش ھەققى مېخانىزمىنى
شەكىللەندۈرىدۇ. پايدا نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشى
ئارقىلىق ئامانەت- قەرز مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش-
تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەقەززا قىلىدىغان
باغلىنىش ۋە رول ئويناش پايدا نىسبىتى مېخانىز-
مىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى ھەر خىل مې-
خانىزملار ئۆزئارا باغلىنىپ، ئۆزئارا رول ئويناپ
بىرلىككە كەلگەن بازار مېخانىزمى ھاسىل قىلى-
دۇ. باھا مېخانىزمى بازار مېخانىزمىنىڭ يادروسى
بولۇپ، بازار باھاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەۋرى-
نىپ تۇرۇشى تەمىنلەش -تەلەپتە ئۆزگىرىش پەيدا
قىلىدۇ. تەمىنلەش - تەلەپتىكى ئۆزگىرىشمۇ ئوخ-
شاشلا بازار باھاسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.
بازار باھاسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش بازارغا قات-
ناشقان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە
بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، بازاردا پايدا
قوغلىشىپ، تارماقنىڭ ئىچكى قىسمىدا، تارماقلار
ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رىقابەت بولىدۇ. بازاردىكى
كەسكىن رىقابەت ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ
ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار بولۇپ، زىيان تارتقان
ياكى پايدىسى بەك ئاز بولغان تارماق ۋە كارخانىلار-
دىن ئۈنۈمى يۇقىرى، پايدىسى ياخشىراق بولغان
تارماق ۋە كارخانىلارغا مۇۋاپىق ئېقىشىنى ئىلگى-
رى سۈرۈپ، چەكلىك بولغان بايلىقتىن ئۈنۈملۈك
پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنى
تەڭشەپ، ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، بايلىقنىڭ ئەڭ

ياخشى تەقسىم قىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەلەپ بىلەن ئومۇمىي تەمىنـ
لەشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەيلى
تارماقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ياكى تارماقلار ئوتـ
تۇرىسىدىكى رىقابەتتە بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىش
ئامىللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىشى بىلەن
ئېقىپ چىقىپ كېتىشى، بازاردىكى تەمىنلەش ـ
تەلەپتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. تەمىنلەش ـ تەـ
لەپتىكى ئۆزگىرىش، بازار باھاسىدا ئۆزگىرىش
پەيدا قىلىدۇ، بازار باھاسىدىكى ئۆزگىرىش ئوخـ
شاشلا تەمىنلەش ـ تەلەپتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىـ
دۇ. بۇ بىر تەرەپتىن بازار مېخانىزمى ئامىللىرىـ
نىڭ ئۆزئارا تەقەززا قىلىپ، ئۆزئارا رول ئويناپ
بازاردىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن ئىگىلىك باشقۇرـ
غۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكىتىنى تەڭشەپ، باـ
زار ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئىپادىلەپ
بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل باغلىنىش ۋە
تەۋرىنىش تەمىنلەش ـ تەلەپ يۆزلىنىشىنىڭ بىرـ
دەكلىكىنى، باھا بىلەن قىممەتنىڭ يۆزلىنىشىنىڭ
بىردەكلىكىنى كۆرسىتىپ، باھانىڭ قىممەتنى
مەركەز قىلىپ قىممەت ئەتراپىدا تەۋرىنىپ تۇـ
رۇپ، بازاردىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى تەڭـ
شەپ، تەمىنلەشنى تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ،
جەمئىيەتنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ياخشى
قاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئېخمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈۋاتـ
قانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ خىل
تەڭشەش ئاڭلىق جەريان ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمايـ
دۇ. چۈنكى بازارغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەرقايسىسى
ئۆز مەنپەئىتىگە چوغ تارتىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان
ئىقتىسادىي پائالىيەتتە، مۇقەررەر ھالدا قىممەت
قانۇنىيىتىنىڭ ئىستىخىيىلىك زورلۇق كۈچى تەـ
سىر كۆرسىتىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئېخىنىكىسى قاـ
لاق، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى بولمىغان بىر قىـ
سىم كارخانىلار شاللىنىپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي
ئەمگەكنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئارقىلىق ئېخمۇ
كۆپ ئىجتىمائىي ئەمگەكنى تېجەپ قالغىلى بولىـ
دۇ. بازار مېخانىزمىنىڭ بۇ خىل ئىستىخىيىلىك
تەڭشەش ھەرىكىتى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا
كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى ۋە نىشانىنى
تەڭشەپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش، تەقـ
سىمات، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمالدىن ئىبارەت
پۈتكۈل ئىقتىسادىي پائالىيەتنى، ئىجتىمائىي بايـ
لىقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، كىرىمنى تەقسىم
قىلىشنى، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكىتى ۋە
ئىستېمالنى تەڭشەپ، چەكلىك بولغان ئىجتىمائىي
بايلىق شارائىتىدا نېمىنى ئىشلەپچىقىرىش، قانداق
ئىشلەپچىقىرىش، قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىش، قانـ
داق ئېخىنىكىنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىش، كىم
ئىشلەپچىقىرىشنى، قانداق قىلغاندا ئەڭ زور پايدىـ
نى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ
ھەم بازار مېخانىزمى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ.
شۇڭا بازار مېخانىزمى مىكرو ئىگىلىكنىڭ ھەرىـ
كىتىنى تەڭشەپ، ئۇنى بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشـ
تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ماكرو ئىگىلىكتىكى
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىـ
تىنىمۇ بەلگىلىك تەڭشەيدۇ.

## 2. بازار مېخانىزمىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بازار مېخانىزمى — ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى
تەڭشەپ ۋە تىزگىنلەپ، بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنـ
لاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىـ
گە.

**1) بازار مېخانىزمى ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن مۇئامىلىنى ئاپتوماتىك ھالدا تەڭـ
شەيدۇ.**

بازار مېخانىزمى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رول
ئويناش مېخانىزمى ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى
تەڭشەش مېخانىزمى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى
ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشى
ئاساسىدا تەڭشەش بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي
ھەرىكەتنى ئۆزىدە ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان
سېھرىي كۈچ ئارقىلىق تەڭشەپ، بازار ئېھتىياجىغا

ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر خىل تاۋار بىلەن تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەندە شۇ خىل تاۋارنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. پايدا ئازىيىپ زىيان تارتىشقا يۈزلىنىش بىلەن بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئەمگەك باشقا تارماقلارغا كۆچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قىسقىراپ تەمىنلەش ئازلايدۇ. ئەكسىچە، مەلۇم بىر خىل تاۋار بىلەن تەمىنلەش تەلەپنى قاندۇرالمىسا، شۇ خىل تاۋارنىڭ باھاسى ئۆرلەيدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار كۆپلەپ پايدىغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تارماقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى كېڭىيىپ تەمىنلەش ئاشىدۇ. بۇ، بازار مېخانىزمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇئامىلىنى ئاپتوماتىك ھالدا تەڭشەپ بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشىدۇر.

### 2) مەنپەئەتنىڭ تەقەززا قىلىشى

ھەرقانداق ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ مەقسىتى ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش. ماددىي مەنپەئەتتىن ئايرىلغان ئىقتىسادىي پائالىيەت بولمايدۇ. دېمەك، ماددىي مەنپەئەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئىقتىسادىي پائالىيەتتە مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان پايدا قانچە كۆپ بولسا، مەنپەئەت شۇنچە زور بولىدۇ. مەبلەغ ۋە مەبلەغنىڭ ئىگىسى شۇنچە جانلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىقتىسادىي پائالىيەتتە ئىمكانقەدەر كۆپرەك پايدىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بازاردىكى باھاغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەھسۇلاتنىڭ باھاسى قانچە يۇقىرى بولسا، شۇ تاۋارنى ئىشلەپچىقارغان كارخانىلار كۆپرەك پايدىغا ئىگە بولالايدۇ. ئەكسىچە بولسا، پايدا ئاز ھەتتا زىيان تارتىدۇ. شۇڭا باھانىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغانلىقتىن، ھەرقايسىسى ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ يەردە رىقابەت مېخانىزمى، خېيىم- خەتەر مېخانىزمى رول ئويناۋاتقانلىقتىن، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن مەبلەغ سالغۇچىلار ھەر ۋاقىت، ھەر زامان بازاردا پايدىغا ئىگە بولۇش ياكى پايدىدىن ئايرىلىپ قېلىش بېسىمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەنپەئەتتىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاستىدا، كۆپرەك پايدىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بازارغا قاتناشقان ھەرقانداق كىشى ياكى ئورۇن باشقۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەمگەك سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەڭ ئاز جانلىق ئەمگەك ۋە بۇيۇملاشقان ئەمگەك سەرپىياتى، ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەڭ كۆپ مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىپ، بازار رىقابىتىدە پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇشقا، ئەڭ زور پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئىستېمالچىلارمۇ ئەڭ ئاز چىقىم ئارقىلىق، كۆپرەك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا بازار ئىگىلىكىدە ماددىي مەنپەئەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش بازار مېخانىزمى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەگەر ماددىي مەنپەئەت ئېتىراپ قىلىنمىسا ياكى ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارالسا، بازار مېخانىزمىنىڭ رولى بولمايدۇ، بازار مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايدۇ.

### 3) بازار مېخانىزمى ئامىللىرىنىڭ باغلىنىشچانلىقى

بازار مېخانىزمىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى باھا، تەمىنلەش، تەلەپ، رىقابەت قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئامىللار ھەر بىرى مۇستەقىل يەككە - يېگانە ھالدا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ، ئەكسىچە ھەربىر ئامىل ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق بىر ئامىلنىڭ رولى ئىككىنچى بىر ئامىلغا سەۋەب بولىدۇ. ئىككىنچى بىر ئامىلنىڭ رولى ۋە ھەرىكىتى ئۈچىنچى بىر ئامىلغا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى بازاردىكى تەمىنلەش - تەلەپنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، تەمىنلەش تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشى باھانىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتسە، باھا تۆۋەنلەيدۇ. تەمىنلەش تەلەپنى قاندۇرالمىسا، باھا ئۆرلەيدۇ. باھادىكى ئۆزگىرىش پايدىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەم بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. باھا يۇقىرى بولسا، پايدا كۆپ بولىدۇ، باھا تۆۋەن بولسا، پايدا ئاز بولىدۇ. ھەتتا زىيان تارتىپ ۋەيران بولىدۇ. پايدىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى مەبلەغ جۇغلاش، مەبلەغ سېلىش، ئىش ھەققى قاتارلىقلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، پايدا كۆپ بولسا، جۇغلانما كۆپ بولىدۇ، سېلىنىدىغان مەب-

لەغمۇ كۆپ بولىدۇ، ئىش ھەققى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ مۇكاپات كۆپىيىپ بارىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئاز بولىدۇ ھەتتا بولمايدۇ. پايدا، ئىش ھەققى، مەبلەغ قاتارلىقلاردىكى ئۆزگىرىش يەنە تەمىنلەش-تەلەپ مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. تەمىنلەش - تەلەپ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش يەنە بىر قاتار تەكرار ئۆزگىرىشلەرگە تۈرتكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بازار مېخانىزمىنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرى ئۆزئارا بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئامىلى توسالغۇغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئىككىنچى بىر خىل ئامىلنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، باھا مېخانىزمى توسالغۇغا ئۇچرىسا، پايدا مېخانىزمىنىڭ سېلىنغان مەبلەغنى تەڭشەشتىكى رولى يوقىلىدۇ. تەمىنلەش - تەلەپ مېخانىزمىنىڭ رولى توسالغۇغا ئۇچرىسا، باھا مېخانىزمىنىڭ رولى يوقىلىدۇ. باھا مېخانىزمىنىڭ رولى توسالغۇغا ئۇچرىسا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالغا ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان رىقابەت مېخانىزمىنىڭ رولى يوقىلىدۇ.

### 4) بازار مېخانىزمىنىڭ جانلىقلىقى

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازارغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئايرىم ئەمگىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەككە ئايلىنىشى، قىممىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، مەھسۇلاتنىڭ رېئال مەھسۇلاتقا ئايلىنىشى، پايدا ئېلىپ ئۆزلۈكسىز يۈكسىلىپ بېرىشى ياكى ئەكسىچە زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بازاردا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تەقدىرى بازاردا بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا بازار قاتناشقۇچىلىرى بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بازار ئۇچۇرىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى جانلىق ھالدا بازاردىكى باھانىڭ تەۋرىنىشىگە ماسلاشتۇرىدۇ. كارخانىلار باھا ئۇچۇرى ۋە غەيرىي باھا ئۇچۇرىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كۆلىمى بىلەن مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى ۋە مىقدارىنى تەڭشەپ بەلگىلەيدۇ. بازار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى تەمىنلەش - تەلەپتىكى سىگنال بولۇپلا قالماي، بەلكى كارخانىنىڭ پايدا ئېلىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ، كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ھەرقانداق بىر كارخانا بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنىدىغان ئايرىم ئەمگەك ۋاقتىنى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىدىن تۆۋەنلىتىپ، ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى بازاردا تولۇق قىممەت بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كۆپرەك پايدىغا ئىگە بولۇشقا ۋە بازاردا پۇت دەسسەپ تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. كارخانا بازار ئېھتىياجى بىلەن كارخانا مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، جانلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلىرىنىڭ بازار تاپالماسلىقى ۋە قىس بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىپ، ساتقۇچى تەرەپ بىلەن سېتىۋالغۇچى تەرەپنىڭ بازىرىنى ئۆز ۋاقتىدا، ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. دېمەك، بازارغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىگە مەنپەئەت بىۋاسىتە ماسلاشتۇرۇلۇپ، بازار ئۇچۇرىغا ئاساسەن ئىقتىسادىي پائالىيەتنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرغانلىقتىن، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان جانلىقلىقنىڭ ھەقىقىي ئەمەلگە ئېشىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

## 3. بازار مېخانىزمىنىڭ ئىقتىدارى

بازار مېخانىزمى بازاردىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى ئىستىخىيىلىك تەڭشەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

### 1) تاللاش ئىقتىدارى

كارخانىنىڭ تۈرلۈك پائالىيىتى بازار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بازار تاۋار ئالماشتۇرىدىغان سورۇن بولۇپ كارخانىلارنى يېتەكلەيدۇ. كارخانا بازارنىڭ يېتەكلىشى ۋە ئۇچۇرىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنى تولۇق قىممەتكە يەنى كۆپرەك پايدىغا ئىگە قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ، مۇقەررەر ھالدا بازاردا كەسكىن رىقابەتنى پەيدا قىلىدۇ. رىقابەت تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت تالىشىش كۆرۈشى بولۇپ تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كارخانىلار، بازاردا پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇپ، كۆپرەك پايدىغا ئىگە بولىدۇ. ئەكسىچە، شارائىتى ناچار، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز كارخانىلار زىيان تارتىدۇ، ھەتتا

بەزىلىرى ۋەيران بولىدۇ. رىقابەت مېخانىزمىنىڭ بۇ خىل ياخشىلىرىنى تاللاش، ناچارلىرىنى شاللاشتىكى رولى كارخانىلارنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

2) يېتەكلەش ئىقتىدارى

بازار مېخانىزمى بازار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق بازاردىكى تەمىنلەش - تەلەپ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كارخانىلارنى مەنپەئەت تەرەپكە يېتەكلەيدۇ. كارخانىلار زىياندىن ساقلىنىپ، مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىنى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. مەنپەئەت كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغايدىغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. مەيلى شەخس ياكى كارخانا بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەنپەئەت تەلىپى بار. ئۇلارنىڭ مەقسىتىمۇ ئەڭ زور مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش. باھا ئۇچۇرى كارخانىلارنى مەھسۇلاتنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكلەيدۇ. بازار كارخانىنى زىيانىنى ئازايتىپ كۆپرەك پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ.

3) بايلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى

بازار مېخانىزمىنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرى بازاردا ئۆزئارا رول ئويناپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي بايلىقنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بازاردىكى تەمىنلەش - تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. تەمىنلەش - تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بازاردىكى تاۋار باھاسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. باھانىڭ ئۆزگىرىشى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش كارخانىلارغا بېسىم، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئېلىپ كېلىپ رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بازار كارخانىلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ناچارلىرىنى شاللايدۇ. باھا ئۇچۇرى بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ يۆنىلىشىنى يېتەكلەپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، ماسلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ، تەمىنلەش - تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشى باھادا ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىپ، ھەرقايسى تارماق ھەرقايسى كەسىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشاش بولمىغان پايدا سەۋىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ قويغانلىقتىن، بازارغا قاتناشقۇچىلار پايدا قوغلىشىپ، تارماق كەسىپلەر ئارا ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئېقىپ تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قايتىدىن تەشكىللىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى تارماقلاردا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي بايلىق كۆپ، يەنە بەزى تارماقلاردا ئىجتىمائىي بايلىق ئاز بولۇپ كېتىدىغان ھالەتتىن ساقلىنىپ، چەكلىك بولغان ئىجتىمائىي بايلىقنى بازاردىكى ئوبيېكتىپ ئېھتىياج بويىچە تەقسىم قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئەمگەكنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىقدارىنى ئاشۇرۇپ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

بازار مېخانىزمىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتنى تەڭشەشتە يۇقىرىقىدەك نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە بەزى ئاجىزلىقلىرىمۇ بار بولغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1994 - يىللىق 5 - سان.
2. «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى سىستېمىلىق تەھلىل قىلىش»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خەنزۇچە 1988- يىلى نەشرى.
3. «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن ئومۇمىي بايان» جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى، خەنزۇچە 1993 - يىلى نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتى هەققىدە

ئەھمەت مامۇت*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار شەرھلىنىش ئاساسىدا، ئىگىلىك هوقۇق بىلەن كىشىلىك هوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 本文阐述发达的西方国家与发展中国家在人权和主权关系方面不同观点，就主权和人权的关系作简要论述.

**Abstract**: In this article, based on the different views of the developed westen counteies and the developing countries about the relationship between human rights and sovereign rights, the author gave us a brief exposition about sovereign rights and human rights.

كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى خەلقئارادا كۈچلۈك تالاش - تارتىش قوزغاپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتنى نورماللاشتۇرۇش، تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىگىلىك هوقۇق دېگەندە، بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىگىلىك هوقۇق دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم شۇنداقلا ئۆزىگە خاس هوقۇقى. هەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى بولۇشى شەرت، ئىگىلىك هوقۇقى بولمىسا، دۆلەت هېسابلانمايدۇ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى مۇقەددەس، دەخلى - تەرۇزسىز، ئۇنى دۆلەتتىن ئايرىۋەتكىلى، ئۆتۈنۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى دۆلەتنىڭ هۆكۈمرانلىق هوقۇقى بىلەن ئىگىدارلىق هوقۇقىدىن ئىبارەت ئىككى هوقۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ئىچكى جەھەتتە ئالىي هوقۇق، تاشقى جەھەتتە مۇستەقىللىق هوقۇقى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ئىچكى جەھەتتىكى ئالىي هوقۇق بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمىنى ئەركىن تاللىۋېلىش، ئۆز زېمىنى تەۋەسىدىكى بارلىق ئادەم ۋە نەرسىگە قارىتا،

* ئەھمەت مامۇت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان باشقۇرۇش تەۋەلىكى
هوقۇقىنى يۈرگۈزۈش هوقۇقىدىن ئىبارەت تاشقى
جەھەتتىكى مۇستەقىللىق هوقۇقى، ھەر بىر دۆ-
لەتنىڭ باراۋەر خەلقئارا قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە
بولۇپ، مۇستەقىل ئۆز ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا
ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى تاشقى ئىشلىرىنى مۇستە-
قىل بىر تەرەپ قىلىش ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزى ۋە
ئارىلىشىشىنى ئىستىسنا قىلىش هوقۇقىدىن ئىبا-
رەت. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ھەرقايسى ئەل-
لەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپلا قالماستىن،
بەلكى يەنە خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار
پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدىغان ۋە ئېتىبار بېرىدى-
غان يادرولۇق مەسىلە. ئۇنى ئىنكار قىلىشقا، ئا-
جىزلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا
بولمايدۇ. ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى-
نىڭ خاراكتېرى ياكى باشقا تەرەپلىرى ئۆز دۆلى-
تىنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ خاراكتېرى ياكى
باشقا تەرەپلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ دېگەننى باھانە
قىلىپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشسا،
نورمال خەلقئارا مۇناسىۋەت قالايمىقانلىشىپ كې-
تىدۇ. ئىگىلىك هوقۇق مەيلى بىر دۆلەت ئۈچۈن
بولسۇن ياكى خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچۈن بولسۇن
ئىنتايىن مۇھىم.

كىشىلىك هوقۇق ئۇقۇمى XVII — XVIII
ئەسىرلەردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، 1776 - يىلىدىكى
«ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»، 1789 -
يىلىدىكى «فرانسىيە كىشىلىك هوقۇق خىتابنامى-
سى» قاتارلىق قانۇنىي هۆججەتلەردە تۇنجى قېتىم
قانۇن شەكلىدە بەلگىلەنگەن. كىشىلىك هوقۇق
ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تاكى 1 - دۇنيا ئۇرۇ-
شىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىچكى ئىشلار مەسىلىسى
ھېسابلىنىپ كەلگەنىدى، 1948 - يىلى 12 - ئاي-
نىڭ 16 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
يىغىنىدا «دۇنيا كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى»
ماقۇللاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلىك هو-
قۇق مەسىلىسى خەلقئارا قانۇن ساھەسىگە تەۋە ئۇ-
قۇم بولۇپ، خەلقئارالىق مەسىلىگە ئايلاندى. كى-
شىلىك هوقۇق ئۇقۇمىنى چۈشەندۈرۈشتە تارىختىن
بۇيان ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ
كەلدى. دۆلىتىمىز كىشىلىك هوقۇققا «كىشىلىك
هوقۇق — كىشىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ياكى بەھ-
رىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەركىنلىك، با-
راۋەرلىك هوقۇقى ياكى بولمىسا ھەربىر ئادەمنىڭ
ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى بويىچە بەھرىمەن
بولىدىغان ياكى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بول-
غان ئەركىن، باراۋەر ئىجتىمائىي، سىياسىي ئور-
نىنى كۆرسىتىدۇ. »[1]دەپ تەبىر بېرىدۇ. ھەرقاي-
سى ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىما-
ئىي تۈزۈملىرى، قانۇنلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى،
مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، ئىدېئولوگىيىسى قاتار-
لىق تەرەپلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش
بولمىغان شارائىت، ئوخشاش بولمىغان دۆلەتتە يا-
شاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كىشىلىك هوقۇققا بولغان
قارىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ھازىر ھەرقايسى ئەل-
لەرنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئوخ-
شاش بولماسلىقى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئەللەردە
ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كىشىلىك هوقۇق قارىشى-
نىڭ يەنى، كىشىلىك هوقۇقنىڭ ئۆلچىمى، ئۇقۇ-
مى، مەزمۇنى ۋە كىشىلىك هوقۇقنى قوغداش قا-
تارلىق تەرەپلەردىكى قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماس-
لىقى تۈپەيلىدىن، كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئىگى-
لىك هوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىمۇ ئۆتكۈر
تالاش - تارتىش مەۋجۇت. بۇ تالاش - تارتىشلار
غەرب ئەللىرى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىككى
خىل كۆز قاراشتا گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە.

غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە دائىر نەزەرى-
يىسىنىڭ نېگىزى — كىشىلىك هوقۇق ئىگىلىك
هوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەگەر بىرەر دۆلەتتە
كىشىلىك هوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ئەھۋالى
كۆرۈلسە، خەلقئارا جەمئىيەت شۇ دۆلەتنىڭ ئىگى-
لىك هوقۇقىنى قايرىپ قويۇپ ئارىلىشىشى كېرەك
دېگەندىن ئىبارەت. غەرب قانۇن نەزەرىيىچىلىرى
كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى خەلقئارا قانۇننىڭ
بىر تۈرلۈك پرىنسىپىغا ئايلانغانىكەن، ئۇنى ھەر-
گىزمۇ دۆلەت ئىچىدە باشقۇرىدىغان مەسىلە دەپ

---

[1] «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» (قانۇن تومى) 814 - بەت.

قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭغا ئەزا بارلىق دۆلەتلەر سۈرۈشتە قىلىشقا تېگىشلىك ھەم ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى خەلقئارا قانۇن ساھەسىگە كىرگۈزۈلگەنىكەن، ئۇنى خەلقئارا جەمئىيەت سۈرۈشتە قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئەگەر كىشىلىك ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق پرىنسىپى ۋە ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىنى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە تەدبىق قىلماسلىق كېرەك؛ بىر دۆلەتنىڭ ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دائىر ئىچكى قانۇنلىرى ئارقىلىق قوغدىشى ھاجەتسىز، شۇڭا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئىچكى قانۇنلار ئارقىلىق قوغدىشىنى ئىستىسنا قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارا جەمئىيەت قوغدىشى كېرەك؛ كىشىلىك ھوقۇق خەلقئارا قانۇندا ئېتىراپ قىلىنغان، دۆلەت ئىچىدىكى قانۇندىن مۇستەقىل بولغان بىر تۈرلۈك قانۇنىي ھوقۇق بولۇشى كېرەك؛ كىشىلىك ھوقۇق «شەخسنىڭ ھوقۇقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ مەيلى دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولسۇن ياكى ئېتىراپ قىلىنمىغان بولسۇن تەبىئىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ»①، ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنى ئارقىلىق ئارىلىشىشقا ۋە خالىغانچە چەك قويۇشقا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولماي بىر دۆلەت ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلسا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇنىڭغا قارىتا بىر خەلقئارالىق مەسىلە سۈپىتىدە ئارىلىشىش ھوقۇقى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خەلقئارا خاراكتېرىنى تەكىتلەپ، ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، زورۇر تېپىلغاندا، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى چەكلەش ھەتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەننى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا، ئىگىلىك ھوقۇق كىشىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنسۇن ياكى قىلىنمىسۇن، شۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بولغانىكەن باشقا ھەرقانداق دۆلەت ۋە تەشكىلاتنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئىگىلىك ھوقۇق كىشىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرغانىكەن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىگىلىك ھوقۇقتىن ھالقىپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە ئارىلىشىشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇقنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى قانۇنلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشتىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەت ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ھاكىمىيىتىدە بولىدۇ. دۆلەتتىن باشقا ھەرقانداق كۈچ ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ئىگىلىك ھوقۇق ۋە مۇستەقىللىق بولمىسا، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش مەسىلىسىدە، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق پرىنسىپى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرىدۇ.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر يەنە ھەرقايسى ئەللەر ئۆزئارا باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەربىر دۆلەت ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۇسۇلىنى تاللىغاندا، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارا قوغداشنىڭ مەلۇم بىر خىل ئۇسۇلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ، ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ماھىيەتتە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىنكار قىلىنىشى دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كىشىلىك ھوقۇقنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، نۆۋەتتە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى تەرەققىي قىلىپ خەلقئارا قانۇن دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا دۆلەت ئىچىدە باشقۇرۇلىدىغان مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆلچىمى ۋە مەزمۇنىغا بولغان چۈشەندۈرۈشى شۇ دۆلەتنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇڭا ھازىرقىدەك بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى بولمىغان شارائىت ئاستىدا، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش مەسىلىسىمۇ دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، كىشىلىك ھوقۇق دۆلەتنىڭ ئىچكى قانۇنى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، ھەرقانداق بىر ھوقۇق، جۈملىدىن كىشىلىك ھوقۇقمۇ دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىلا، بۇ ھوقۇق دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغاندا، دۆلەت قانۇن ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدۇ ياكى مۇۋاپىق تولۇقلاپ بېرىدۇ.

---

① «جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى» («ئاق تاشلىق كىتاب»نى ئۆگىنىش ماتېرىيالى) 6 - بەت. جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى 1997 - يىلى 1 - نەشرى.

كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارا قوغداش پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى قوغداشنىڭ تولۇقلىمىسى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، چوقۇم ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىچكى قانۇنلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك دېگەن تەشەببۇستا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلار يەنە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆز دۆلىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ، ھەرقانداق دۆلەت ھەرقانداق شەكىل ۋە ئۇسۇللار بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىنى تاللاش ۋە يولغا قويۇش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا ۋە ھەرقانداق بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق سەۋەب بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلماسلىققا بولمايدۇ دەپ قاراپ كەلمەكتە.

غەرب ئەللىرى بولسا، يۇقىرىقى كۆزقاراشلارغا قارشى ھالدا ئۆز كۆز قارىشىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە، ئۇلار كىشىلىك ھوقۇققا ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلەرنى بېرىشكە بولمايدۇ دەپ قاراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى بولۇشى كېرەك دېگەننى تەسەببۇس قىلماقتا. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ دۆلەت ئىچىدە باشقۇرىدىغان مەسىلە ئەمەس، ھەرقايسى ئەللەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولغانىكەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىنى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىشى، نىزامنامىگە ئاساسەن كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇنى ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشقانلىق، ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ، خەلقئارا تەشكىلاتلارلا ئەمەس، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى شۇنداقلا شەخسلەرمۇ ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغاندا مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ھەرىكەت قوللىنىشقا، خەلقئارانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا ھەقلىق، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى، مەدەنىيەت، دىنىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» قاتارلىق بىر قاتار خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ھۆججەتلىرىدە بەلگىلەنگەن كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى، ھەرقايسى ئەللەرگە ئومۇمىيۈزلۈك تەتبىقلاش كېرەك، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلسا بولمايدۇ. كىشىلىك ھوقۇق مۇتلەق بولىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشى ئەمەس، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قىممىتى ۋە ئۆلچىمى بىردەك ۋە ھەممىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرى بولسۇن ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى تەكىتلەش جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن خالىي بولالمىدى، بۇ ئاساسەن ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە بولغان قارىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. كىشىلىك ھوقۇق ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى بولغاچقا، بۇنى دۆلەت تېخى شەكىللەنمىگەن ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلاپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلار ئەڭ قەدىمكى دەۋردە تەبىئەت دۇنياسىدا ئەركىن، باراۋەر ياشاپ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي شەكلىنى نامايان قىلغانىدى، ئۇلار زۇلۇمغا، ئېزىش - ئېزىلىشكە، ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشىگە ئۇچرىمايتتى، ئۇلار پەقەت تەبىئەت بىلەنلا كۆرەش قىلاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ جىسمانىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى يەنى كۈچلۈك ئاجىز بولۇشى، ئۇلار ياشاۋاتقان تەبىئىي شارائىتنىڭ ياخشى، يامان بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئىگە بولىدىغان ئوۋ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىمۇ ئوخشاش بولماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپكى ئەركىن، باراۋەر بولغان كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىشىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىككە، باراۋەرلىككە ئىنتىلىشى، ئىنسانلار تەبىئەتكە مەنسۇپ بولغان تەبىئىي شەخس بولغانلىقى ئۈچۈن ئەركىن، باراۋەر بولۇش پرىنسىپى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھوقۇق مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بېرىۋاتىدۇ، ئىنسانلار ئۆزىدە بار بولغان تەبىئىي كىشىلىك ھوقۇقتىن سىرت ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىمۇ نۇرغۇنلىغان ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈردى شۇڭا، ھازىر

كىشىلىك هوقۇقنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلارنىڭ سىياسىي هوقۇقى دەل ئىجتىمائىي جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېرىشكەن هوقۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەهسۇلى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى كىشىلىك هوقۇقىنىڭ مۇهىم مەزمۇنىدىن ئىبارەت. ئەمما دۇنيادىكى هەرقايسى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەهۋالى، مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىنسانلاردا تەبىئىي هالدا ئۆز هوقۇقىنىڭ دائىرىسى، مەزمۇنى ۋە ئۇقۇمى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەيدانغا كەلدى، هەمدە ئوخشاش بولمىغان ئىگىلىك هوقۇقلۇق دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى، شۇنداقلا هەرقايسى ئىگىلىك هوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كونكرېت ئەهۋالىغا ئاساسەن ئۆز دۆلىتىنىڭ كىشىلىك هوقۇقى قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ دۆلەت خەلقى بەهرىمەن بولىدىغان هوقۇق (ئىجتىمائىي، سىياسىي هوقۇق) لارغا قارىتا مۇۋاپىق بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. قىسقىسى كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئىگىلىك هوقۇق بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى ئەمەس، ئۇلار بىر بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كىشىلىك هوقۇقىنىڭ خەلقئارالىق قوغدىلىشى كىشىلىك هوقۇقنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، شۇڭا بەزى غەرب ئەللىرىنىڭ كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىنىڭ خەلقئارادا بىرلىككە كەلمىگەنلىكىنى باهانە قىلىپ، مەلۇم سىياسىي مەقسەت بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. يەنە شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ خەلقئارادىكى ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن قەدەممۇ قەدەم ماسلىشىپ، كىشىلىك هوقۇق توغرىسىدىكى قانۇنلارنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە غەرب ئەللىرىگە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.

ئىگىلىك هوقۇقنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلىك هوقۇقنى قايرىپ قويۇشقا ياكى نوقۇل هالدا كىشىلىك هوقۇقنى دەپ، ئىگىلىك هوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ. كىشىلىك هوقۇق ماهىيەتتە شۇ دۆلەتتىكى زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ ئىگىدارلىق، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش هوقۇقىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىگىلىك هوقۇقنى كىشىلىك هوقۇقنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئىگىلىك هوقۇقنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، كىشىلىك هوقۇقنى قوغداش ئاساسىدا ئىگىلىك هوقۇققا هۆرمەت قىلىش، ئىگىلىك هوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلمىغان هالدا كىشىلىك هوقۇقنى هەقىقىي تۈردە كاپالەتلەندۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، هەرقايسى ئەللەر ئۆزئارا هۆرمەت قىلغان، خەلقئارا ئەهدىنامىگە رىئايە قىلغان هالدا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئىگىلىك هوقۇق مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ مۇهىم تەقەززاسىدۇر.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «جۇڭگو ئىنسىكلوپېدىيىسى» (قانۇن تومى)، جۇڭگو ئىنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى 1984 - يىلى بېيجىڭ، شاڭخەي نەشرى.
2. «جۇڭگونىڭ كىشىلىك هوقۇقى ئەهۋالى» («ئاق تاشلىق كىتاب» نى ئۆگىنىش ماتېرىيالى 2.)، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى 1992 - يىلى 1 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.
3. «كىشىلىك هوقۇق نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.
4. «خەلقئارا قانۇن دەرسلىكى»، ساقچى ئەمەلدارلىرى مائارىپى نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەهرىرى: تۇرسۇن هوشۇر ئىدىقۇتى

# يازما تىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا

دىلشات ئىسمائىل*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، دېلو بېجىرىشتە يازما تىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بىرنەچچە خىل ئۇسۇلى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文简要论述建档时利用书面语言特点有意改动的文字的几种识别方法。

**Abstract**: In this article, the writer gave us a brief description about several ways of making differences of the purposely changed words by the way of using the characteristics of the writing language when openning the files

يېزىق باھالاش خەلقئارادا خېلى بۇرۇنلا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان كەسپىي خىزمەت بولسىمۇ، لېكىن رايونىمىز ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا پەقەت 50 - يىللاردىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىغا تەدبىق قىلىنىپ قوللىنىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يېزىق باھالاش ھەر خىل يېزىق دېلولىرىنى چېلىقتۇرۇش، ئاشكارىلاش، ئىسپاتلاش جەريانىدا قانۇنىي دەلىل ئىسپاتلىق رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى مالىمانچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. ھەتتا بەزىلىرى چەت ئەلنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىغا مەخپىي خەت يېزىش، ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاش، دۆلەت ئىچىدە بولسا ھەر خىل ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى چاپلاش، تارقىتىش، ئىقتىسادىي دېلولاردا بولسا ھەر خىل ھۆججەت، گۇۋاھنامىلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. بۇ جەرياندا ئۇلار ئۆزىنىڭ يېزىق ئادەتلىرى بىلەن خەت يازماستىن يېزىقلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ دېلو سادىر قىلماقتا. شۇڭا يېزىق باھالاش خىزمىتىدە نورمال يېزىلغان يېزىقلارنى باھالاشقا قارىغاندا، قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلارنى باھالاش كۆپرەك سالماقنى ئىگەللەيدۇ. يېزىق باھالاش خىزمىتى نورمال يېزىلغان يېزىقلارنى باھالاش ۋە قەستەن ئۆزگەرتىلگەن يېزىقلارنى باھالاشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

• دىلشات ئىسمائىل: شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرلار ئىنىستىتۇتى رازۋېد فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلار 80، 90 پىرسەنتتىن ئىگەللەيدۇ. چۈنكى جىنايەتچىلەر ئۆزىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن يېزىش قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن خەت يازماستىن، خەتلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ يازىدۇ. شۇڭا ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا نورمال يېزىلغان يېزىقلارنى باھالاشقا قارىغاندا قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلارنى باھالاش قىيىنغا چۈشىدۇ.

يېزىقنى قەستەن ئۆزگەرتىش يېزىق يېزىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى كىشىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. چۈنكى ئۇلار ماھىرلىق بىلەن يېزىلغان يېزىقلارنى ھەم ساختىلىق بىلەن يېزىلغان يېزىقلارنى، چالا يېزىلغان يېزىقلارنى ۋە ھەرپلەرنى ئۇستىلىق بىلەن شەكىللەندۈرۈپ چىقالايدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەرقانداق كىشى يېزىقنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى جىنايەتچى خەت يېزىش سۈرئىتىنى، ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ خەت سۆڭەكلىرىنى بۇزۇپ ۋە سۇندۇرۇپ يازغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك خەت يېزىش ئادىتىدە بىر خىل مۇقىملىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىگە سىڭىپ كەتكەن خەت يېزىشتىكى قانۇنىيەتلەرنى، يېزىقلىرىنىڭ ئىنچىكە ئالاھىدىلىكلىرىنى يەنىلا خېتىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ قويىدۇ. لېكىن ئاز خەتلىك ئىسىملارنى، شوئارلارنى، سان - سىپىرلارنى، ھەرپلەرنى يېزىشتا تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق يېزىق ماتېرىيالىدا ھەرپلەرنىڭ تەكرارلىنىشى كۆپ بولمايدۇ.

جىنايەتچىلەرنىڭ يېزىقلارنى قەستەن ئۆزگەرتىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللىرى خەت يېزىش ماھارىتىنى تۆۋەنلىتىش، ئۆزى ئادەتلەنگەن خەتلەرنى سەتلەشتۈرۈپ يېزىش، خەت يېزىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ يېزىش، خەت سۆڭەكلىرىنى بۇزۇپ يېزىش، قەلەمنى قول بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ يېزىش، قەلەمنى چىشلەپ تۇرۇپ يېزىش، باشقىلارنىڭ يېزىقلىرىنى ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ يېزىش ياكى ئۆزىنىڭ يېزىقىنى باشقىلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشىتىپ تۇرۇپ يېزىش، سىزغۇچ ئارقىلىق يېزىش، خەتلەرنى چېكىتلەر بىلەن شەكىللەندۈرۈپ چىقىش ياكى قۇرلارنى بىر نەچچە كىشى بۆلۈشۈپ يېزىش، سول قول بىلەن ياكى پۇتى بىلەن يېزىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

جىنايەتچىلەر يازما ھۆججەتلەرنى قەستەن ئۆزگەرتىشتە ئاساسلىقى خەت سۆڭەكلىرىنى، ئالاھىدە يېزىلغان ھەرپلەرنى، سان - سىپىرلارنى، ھەر خىل بەلگە ئالامەتلەرنى قەستەن ئۆزگەرتىپ ماڭىدۇ، لېكىن يازما تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدۇ.

شۇڭا يازما ھۆججەتلەرنى باھالاشتا ئالدى بىلەن يازما تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ ئاندىن باھالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. مانا بۇ تەرەپلەردىكى باھالاش خىزمىتى قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلارنى باھالاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جىنايەتچىلەرنىڭ يېزىقنى ئۆزگەرتىش سەۋەبى، مەقسىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى رازۋېدكا يۆنىلىشىنى بۇراش، قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەينى ماتېرىيالنى قەستەن ئۆزگەرتىدۇ. بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ خېتىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەر خىل مۇھىت ۋە شەرت - شارائىتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يازغان خەتلەر بىلەن ئۆرە تۇرۇپ يازغان خەتلەر ھەم يېزىق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ يازغان خەتلەرنىڭ خەت سۆڭەكلىرى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بەزى جىنايەتچىلەر تاملارغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئېسىلىپ تۇرۇپ ھەر خىل خەتلەرنى يېزىپ قويىدۇ. بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ خېتىنىڭ ئۆزگىرىپ يېزىلىشى ئەنسىزلىك، قورقۇش تۈپەيلىدىن بولىدۇ. مەسىلەن رازۋېدكا خادىملىرى گۇمانلىق ئوبيېكتنىڭ پۇچۇركىسىنى ھەر خىل مەخپىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئېلىۋاتقاندا، ئۇ رازۋېدكا مەقسىتىنى بىلىپ قالسىلا، ئۇنىڭ خېتىنىڭ سۆڭەكلىرى ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ تەرەپلەرگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. يازما تىلنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۇرۇپ قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ

تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئۇسۇلى بار.

(1) يازما تىلنىڭ مەزمۇنىدىكى ئالاھىدىلىككە قاراش كېرەك. مەلۇم مەزمۇندىكى يازما تىل شۇ ھۆججەتتىكى يېزىقنى يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرىنى، كۆڭۈل ئارزۇسىنى، مۇددىئا-مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ روھىي كېسەل بولمىسىلا، چوقۇم مەخسەتلىك ئىش قىلغان بولىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېزىق ئارقىلىق جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدە چوقۇم مەقسەت، مۇددىئاسى بولغان بولىدۇ.

مەسىلەن: χ يىل χ ئورۇندا 519 دېلوسىغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە مەخپىي تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىلغان. يەنە χ يىلى χ ئورۇنغا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان بىر پارچە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋارىقى چاپلانغان بولۇپ، جىنايەتچىنىڭ يازما ماتېرىيالدا نېمىنى قوللايدىغانلىقى، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى قاتارلىق تەرەپلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق رازۋېد يۈنىلىشىنى 519 دېلوسىدا زەربە يېگەن، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە زەربە يېگەن كىشىلەرگە قارىتىش ئارقىلىق دېلونى پاش قىلغان. دېلونىڭ پاش بولۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا جاۋابكارنىڭ ھەقىقەتەن 519 دېلوسىدا ھەم ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە زەربىگە ئۇچرىغان ئوبيېكت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

(2) يېزىقتا ئىشلەتكەن ئاتالغۇلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئاتالغۇلار سۆزدىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى قوللىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئالاھىدىلىككە قاراپ شۇ ماتېرىيالنى يازغان كىشىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، شۇنداقلا قايسى جايدىن ئىكەنلىكى، قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا يازما تىلنىڭ مەزمۇندىكى ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا، يېزىقتا ئىشلەتكەن ئاتالغۇلارنى تەھلىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاتالغۇ سۆزلەرنى بەزى كىشىلەر كۆپ ئىشلىتىدۇ، بەزى كىشىلەر ئاز ئىشلىتىدۇ. ئاتالغۇ سۆزلەرنى، ئوخشىتىشلارنى، تەمسىللەرنى كۆپ ئىشلەتكەن كىشىلەرنى ئادەتتە سەۋىيىلىك كىشىلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر يېزىپ چىققان ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى قايىل قىلالايدۇ.

مەسىلەن: مەلۇم كىشى، مەلۇم بىر جايدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن بولسا، ئۇ كىشى تەبىئىي ھالدا شۇ جاينىڭ تىل شېۋىسىنى، تەلەپپۇزىنى، ئومۇملاشقان ئاتالغۇ سۆزلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان بولىدۇ. يازغان ماتېرىياللىرىدىمۇ بۇ تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەپ قويىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنى ئالساق، دائىرىسى كەڭ، مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولغانلىقتىن، مەلۇم بىر ئاتالغۇ سۆزنى ھەرقايسى جايلاردا ھەر خىل شېۋىدە ئاتايدۇ. مەسىلەن «قارا» (قارىماق) دېگەن سۆزنى شىمال تەرەپلەردە قارا دەيدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا قالا، بەزى جايلىرىدا قايلا دەيدۇ، لوپنۇر تەرەپلەردە قارالّا دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. مانا بۇ خىل شېۋىدىكى ئوخشىماسلىققا قاراپ خەت يازغۇچىنىڭ رايون تەۋەسىنى بېكىتىپ چىقىشقا بولىدۇ.

χ يىلى غۇلجا شەھىرىدە قوزغىتىش خاراكتېرىنى ئالغان تەشۋىقات ۋارىقى تارقالغان بولۇپ، يازغۇچى خەتنى ئىلى شېۋىسىدە يېزىپ كېلىۋېتىپ مەلۇم بىر ئاتالغۇنى تۇرپان شېۋىسىدە يېزىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن رازۋېد يۈنىلىشىنى تۇرپاندىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارغا ياكى تۇرپاندىن ئۇرۇق-توغقان يوقلاشقا كەلگەنلەرگە قارىتىپ ئىگەللەش، رازۋېد قىلىش ئارقىلىق دېلو پاش قىلىنغان. نەتىجىدە، بۇ ۋاراقنى بىر تۇرپانلىق جىنايەتچىنىڭ يازغانلىقى ئىسپاتلانغان. يەنە بىر دېلودىمۇ يازغۇچى ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىغا خاس تىل شېۋىسىدە يېزىپ كېلىۋېتىپ «ماۋجۇشى» دېگەن سۆزنى «ماۋچۇشى» دەپ يېزىپ قويغان. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئارىلاشقان، خىزمەت قىلغان قازاق بولۇشى مۇمكىن دېگەن نۇقتا بىلەن رازۋېد يۈنىلىشىنى قازاقلار ئارىسىغا قارىتىپ دېلونى پاش قىلغان. نەتىجىدە جىنايەتچى قازاق بولۇپ چىققان. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئاتالغۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئادىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى توغرا ئىشلىتىشى

مۇمكىن، بەزىلىرى خاتا ئىشلىتىشى مۇمكىن. بۇمۇ كىشىلەرگە سىڭگەن بىر خىل ئادەت بولۇپ بۇنىڭغا ئاساسەن يازغۇچىنىڭ كەسپىي دائىرىسىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس كەسپىي سۆزلىرى بولىدۇ. ج خ سېپىدە كۆز - قولاق، ئاگېنت دېگەنگە ئوخشاش، دوختۇرلارنىڭ دىئاگنوز دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇ سۆزلىرى بار. مانا شۇ سۆزلەرگە قاراپ جىنايەتچىنىڭ كەسپىي دائىرىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا تىللاردا يەنە يەرلىك تىل، قەدىمكى تىل، سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان تىللارمۇ بار. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ قاراش كېرەك. يەرلىك تىللىرىمىزدا قارا تىل، ياپىلاق تىللار بار. مەسىلەن: شىمال تەرەپلەردە كالىنىڭ بېشىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلىدىغان بىر خىل ئاياغ بولۇپ، بۇنى چورۇق دەپ ئاتايدۇ. بۇنى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا خالتىراق دەيدۇ. شۇڭا يازما ماتېرىياللاردا بۇنداق سۆزلەرگە، ئاتالغۇلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

(3) يازما تىلدىكى باشقا ئالاھىدىلىككە قاراش كېرەك. بۇ ئاساسەن يېزىقنى قەغەز يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئالاھىدىلىككە قارىتىلىدۇ.

يېزىق يېزىش جەريانىدا يېزىقلارنى قەغەز يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرۇشتا كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. مەسىلەن: قەغەز يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاق قالدۇرۇش ئورنى ئوخشىمايدۇ، ئابزاسلارنىڭ قويۇلۇشى ئوخشىمايدۇ، قۇرلارنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشى ئوخشىمايدۇ، قۇر يۆتكەش ئورنى ئوخشىمايدۇ، يېزىقلارنىڭ ئارىلىقى ئوخشىمايدۇ. يېزىقلارنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بۇ تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

جىنايى ئىشلاردا جىنايەتچىلەر يېزىقلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىشتە خەت يېزىش سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىش، خەت يېزىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش، ئۆزى ئادەتلەنگەن خەت يېزىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش، ياكى باشقىلارنىڭ خەت يېزىش ئۇسلۇبىغا ئوخشىتىپ يېزىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. لېكىن بۇلار بىر تەرەپنى ئۆزگەرتسە، يەنە بىر تەرەپنى ئۆزگەرتىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. چۈنكى ئادەتتە ئادەمنىڭ مەركىزىي قوماندانلىق نېرۋا سىستېمىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ۋاقتى 16 — 18 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار خېتىنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزگەرتىشتىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يېزىقلارنىڭ ھەممە تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بەزىلىرى ئۆزگەرتكەن بىلەن خەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىپ ماڭىدۇ. لېكىن ئىنچىكە ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىپ كېتەلمەيدۇ. يېزىق ماتېرىيالىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. شۇڭا دېلو بېجىرىش جەريانىدا، رازۋېدكا خادىملىرى بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرگە دىققەت قىلىپ، دېلو ئۈستىدىن توغرا، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «جىنايى ئىشلار رازۋېدكاشۇناسلىقى».
2. پوچۇركا باھالاش توغرىسىدىكى لېكسىيە.
3. جىنايى ئىشلار رازۋېدكاشۇناسلىق دەرسلىكى، 1993 - يىلى باشقۇرۇش - كادىرلار شۆيۈەنى باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان.
4. «ماددىي ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈش» 1997 - يىلى 3 - ئايدا بېسىلغان خەلق نەشرىياتى 1 - نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830011)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى


سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ......................
...................... لىن يىن (قەييۇم قۇربان تەرجىمىسى (1 - سان 1 - بەت)
ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا ......
...................... ياقۇپجان باۋۇدۇن (2 - سان 1 - بەت)
مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى تىل گۈزەللىكى ھەققىدە ......................
...................... مۇختار ئەبەيدۇللا (2 - سان 7 - بەت)
بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا
...................... ئارزۇگۈل ئابدۇللا، خۇرشىدە جېلىل (3 - سان 1 - بەت)
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولى ھەققىدە......................
...................... گۈلزەپەر مۇھەممەت (3 - سان 6 - بەت)
دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى - جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قىبلىنامىسى...
...................... ئىسمائىل نىياز (4 - سان 1 - بەت)
سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى توغرىسىدا ... ن. ئەخمەتجان، ۋەلى ھامۇت (4 - سان 10 - بەت
ئىككى مەدەنىيەت ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ......... مەريەم ساۋۇت (4 - سان 19 - بەت)
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقىنىڭ پېشىۋاسى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات تېمىلىرى توغرى-
سىدا ...................... قەييۇم قۇربان (1 - سان 14 - بەت)
ئۇلۇغ مائارىپچى مەمتىلى (تەۋپىق) ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ............
...................... يالقۇن روزى (2 - سان 12 - بەت)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە......................
...................... ئازاد سۇلتان (3 - سان 10 - بەت)
مەشھۇر شائىر نىم شېھىت ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە ......................
كېرىمجان ئابدۇرېھىم ...................... (4 - سان 24 - بەت)
«دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ نەشرىيات مۇقەددىمىسى ......................
...................... ئىبراھىم مۇتىئى، ئامىنە ئابدۇرەھمان (1 - سان 26 - بەت)
ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا ......................
...................... راززاق مەتنىياز (1 - سان 62 - بەت)
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ھەققىدە......................
...................... مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىم (1 - سان 74 - بەت)
تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى ......................
...................... ئابدۇكېرىم رەھمان (2 - سان 34 - بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا ......................
...................... تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (2 - سان 45 - بەت)
ھىرقەتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرى توغرىسىدا ......................
...................... ھەنىپە سالىھوۋا (3 - سان 44 - بەت)
مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە ...................... پەرھات جىلان (3 - سان 59 - بەت)
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا بىر نەزەر............

…………………………………… تۇرسۇن پالتا(4 ـ سان 38 ـ بەت)
«پەنج بۇرادەر» داستانى ھەققىدە ………………… شېرىن قۇربان (1 ـ سان 112 ـ بەت)
ئەدەبىيات سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى چىنلىق توغرىسىدا …… ھەسەنجان سادىق (1 ـ سان 123 ـ بەت)
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش ……………
…………………………………… غەيرەتجان ئوسمان (2 ـ سان 80 ـ بەت)
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە……………
…………………………………… ئوسمان ئىسمائىل (2 ـ سان 92 ـ بەت)
خەلق چاقچاقچىسى ھىسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ھەققىدە ……………………
…………………………………… ئەنۋەر تاجىدىن (2 ـ سان 107 ـ بەت)
تاجىك ئەپسانىلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان ……………………………………
…………………………………… شېرىن قۇربان (3 ـ سان 100 ـ بەت)
تەسەۋۋۇپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ۋە ئورنى توغرىسىدا ……………………
…………………………………… ئىمىنجان ئەھمىدى (3 ـ سان 112 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىجارەت ئېكىنىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ھەققىدە …… ئىلھام ئابدۇكېرىم (3 ـ سان 120 ـ بەت)
ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم شەرتلىرى ھەققىدە………………… ئابلەت ئۆمەر (4 ـ سان 87 ـ بە)
يارالمىش ئەپسانىلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە ……………………………
…………………………………… ئەنۋەر سەمەت غەربىي (4 ـ سان 97 ـ بەت)
سەپسەتە ۋە ئۇنىڭ تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا …… كۈرەش مەھمۇتجان (1 ـ سان 86 ـ بەت)
ماتېماتىكىلىق توپلام ئۇقۇم توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە…… ھىمىت ئېلى (3 ـ سان 76 ـ بەت)

گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ (1. ئۈرۈمچى شەھىرى) …… مۇھەممەت ئوسمان (1 ـ سان 98 ـ بەت)
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىقتىسادىي جەرىمانە ۋە جازالاش ئادەتلىرى ……………………
…………………………………… ئىسمائىل تۆمۈرى (1 ـ سان 107 ـ بەت)
گۆھەر زېمىن شىنجاڭ — (2. قاراماي شەھىرى) …… مۇھەممەت ئوسمان (2 ـ سان 49 ـ بەت)
شىمالىي يايلاقتىكى تۇنجى چوڭ پايتەخت قارا بالغاسۇن شەھىرى ھەققىدە ……………………
…………………………………… مەھمۇت نىزام (2 ـ سان 57 ـ بەت)
يەر ـ جاي تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ……………………
…………………………………… رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا (2 ـ سان 69 ـ بەت)
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان سىرتقى قاتنىشىدا ئوينىغان رولى ……………
…………………………………… گۈلنار جۇماتاي (2 ـ سان 76 ـ بەت)
گۆھەر زېمىن شىنجاڭ — (3. شىخەنزە شەھىرى) …… مۇھەممەت ئوسمان (3 ـ سان 64 ـ بەت)
گۆھەر زېمىن شىنجاڭ — (4. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى) ……………………
…………………………………… مۇھەممەت ئوسمان (4 ـ سان 54 ـ بەت)
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مۇھىم بايانلاردىن قەدىمكى ئىلى بەگلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ……………
…………………………………… تۇرسۇن ئەرشىدىن (4 ـ سان 46 ـبەت)
مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات ……………
…………………… رۇقىيە مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، گۈلمىھرى ئابلەت (2 ـ سان 117 ـ بەت)
رۇس تىلىدىكى «Kogda» رەۋىشىنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە……………………
…………………………………… ئوفېرا نازاروۋا (2 ـ سان 121 ـ بەت)

ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق.................. لىتىپ توختى (3 ـ سان 82 ـ بەت)
هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق قوۇرۇلما توغرىسىدا ..................
.................. نەسرۇللا يولبولدى (4 ـ سان 64 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتاش سۆزلىرى ھەققىدە.................. يارى ئەبەيدۇللا (4 ـ سان 73 ـ بەت)
ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر توغرىسىدا ..................
.................. شاھزادەم سىيىت (4 ـ سان 80 ـ بەت)
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبرازلار ھەققىدە ..................
.................. قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى (1 ـ سان 127 ـ بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامىدىكى ئايال تەسۋىرى توغرىسىدا ..................
.................. قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى (3 ـ سان 72 ـ بەت)
بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا ..................
.................. ھەمراھ مۇھەممەت (4 ـ سان 112 ـ بەت)
ئاياللار مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئەۋلادلار ساپاسىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە ..................
.................. پەزىلەت داۋۇت (4 ـ سان 117 ـ بەت)
ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ... ئوسمان مۇھەممەت (2ـ سان 22 ـ بەت)
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە..................
.................. ئابدۇغېنى ئوبۇلھەسەن (2 ـ سان 27 ـ بەت)
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت بۇلغىنىش ئەھۋالى، سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى
ھەققىدە.................. قاھارجان ئىبراھىم (3 ـ سان 26 ـ بەت)
ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ..................
.................. رازىيە مۇھەممەت (3 ـ سان 38 ـ بەت)
بازار مېخانىزمى توغرىسىدا.................. جاپپار مۇتىئى (4 ـ سان 121 ـ بەت)
دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ..................
.................. ھەسەنجان تۇردى (1 ـ سان 133 ـ بەت)
ئادۋۇكات ۋە ئادۋۇكاتلىق تۈزۈمىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە ..................
.................. مەتروزى سادىق (1 ـ سان 138 ـ بەت)
گۇۋاھچىنىڭ پسىخىك مۇددىئاسى توغرىسىدا .................. ھەسەنجان تۇردى (2 ـ سان 125 ـ بەت)
ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرى ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەققىدە ..................
.................. تۇرسۇننىياز ساۋۇر (3 ـ سان 133 ـ بەت)
كىشىلىك ھوقۇق بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ..................
.................. ئەھمەت مامۇت (4 ـ سان 127 ـ بەت)
يازما تىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ قەستەن ئۆزگەرتكەن يېزىقلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى
توغرىسىدا .................. دىلشات ئىسمائىل (4 ـ سان 132 ـ بەت)
ئامىۋى مۇناسىۋەت ئىلمى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدە ..................
.................. خەلپىدىن مۇسايوف (2 ـ سان 131 ـ بەت)
كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ھەققىدە ..................
.................. خەلچەم ھەسەن (2 ـ سان 137 ـ بەت)

# ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

△ دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى فوندى تۈرى بولغان «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ قوش تىللىق ئوقۇتۇشى توغرىسىدىكى تەتقىقات» ئۈنىۋېرسىتېتىمىز تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى مۇھەببەت قاسىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە غەلىبىلىك تاماملىنىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات تۈرى 1994 - يىلى تەستىقلانغان بولۇپ، فوندىنىڭ 20 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن. تۈر رىياسەتچىسى مۇھەببەت قاسىم، ئەزالىرى خالىق نىياز، تاش رەھمان قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئۈچ يىل جەريانىدا ئوقۇتۇش ۋەزىپىلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش بىلەن بىرگە، كۆپ قېتىم ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، سۆھبەتلىشىش، سوئال سوراش، ئىمتىھان ئېلىش، دەرس ئاڭلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن ۋە 250 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلادىنى خەنزۇچە يېزىپ چىققان. تەتقىقات دوكلادى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۈنىۋېرسال تەتقىقات، مەخسۇس تېمىلاردىكى تەتقىقات ۋە باسقۇچلۇق تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوكلاتتا مىللىي مەكتەپلەردىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە ھۆكۈمەتكە ئون تۈرلۈك تەكلىپ پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تەتقىقات تاماملانغاندىن كېيىن، بۇ يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىن قوش تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىنىپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى باھالاش ئېلىپ بېرىلدى. باھالاشقا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر مەزكۇر تەتقىقات نەتىجىسىنى باھالاشتىن ئۆتكۈزۈشكە بىردەك قوشۇلدى ھەمدە ئاپتورلارنىڭ تۆھپىسىگە ئاساسەن، «بىرىنچى دەرىجىلىك نەتىجە» دەپ بېكىتىشكە تەكلىپ بەردى. نۆۋەتتە، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى.

△ پروفېسسور ليۇشىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، قەدىمكى تارىخ مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان ئىككى تۈرنىڭ بىرى «كۇسەن قەدىمىي ئېلىنىڭ تارىخى» ناملىق تەتقىقات تېمىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندى مەبلەغ سالىدىغان تۈر، يەنە بىرى «تۈرك خانلىقى تارىخى» ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن تەتقىقات تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى باھالاشتىن ئۆتۈپ نەشر قىلىندى.

△ دوكتور پېتىر تسىمېنىڭ «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا دىن ۋە جەمئىيەت»، «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۇراقلىق قاپىيىلىك شېئىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئىككى مۇھىم ئەسىرى نەشر قىلىندى. ئالدىنقى ئەسەردە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنىڭ خاتىملىرى ئاساسىدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددىزمى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن بولسا، كېيىنكىسىدە ئۇيغۇر قەدىمكى شېئىرىيىتى ھەققىدە ئومۇميۈزلۈك مەلۇمات بېرىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇراقلىق قاپىيىلىك شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈرلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مۇھىم، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان.

## «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»غا مۇشتىرى بولۇڭ

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئەسلى نامى «شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقتا چىقىدىغان، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بويىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە پېداگوگىكا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، بىر قەدەر نوپۇزلۇق پەسىللىك ژۇرناللارنىڭ بىرى. ژۇرنىلىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلىپ، پەلسەپە، سىياسىي - نەزەرىيە، قانۇن - تۈزۈم، ئىقتىساد، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، مەدەنىيەت، تىل - ئەدەبىيات، سەنئەت، مىللەتشۇناسلىق، زامانىۋى پەنلەر تەتقىقاتى ۋە ئاسپىرانت، دوكتورلار سەھىپىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، نامرات ناھىيىلەر مائارىپىنى قوللاش ھەققىدە تەدبىرلەر قاتارلىق سەھىپىلەر ئېچىپ، ئەسلىدىكى سەۋىيىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەڭ مائارىپچىلار ۋە ئىلىم - مەرىپەت سۆيەر كىتابخانلارنى ئېھتىياجىغا لايىق مەنىۋى مەنپەئەتكە ئىگە قىلالايدۇ. 1998 - يىللىق سانلىرىغا تېزدىن مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز!

ئەسكەرتىش: زاكازنى پوچتىخانىلار تارقاتقان ئوقتۇرۇش ياكى زاكاز تالونى بويىچە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ. ژۇرنالنىڭ ھەر سانلىق باھاسى 4 يۈەن، ژورنال بۆلۈمىگە بىۋاستە زاكاز يوللىسىڭىز 3 يۈەن.

ژۇرنالنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1040/C
ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى: 85 — 58
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى يولى 19 - قورۇ.
ئالاقىلاشقۇچى: شاۋكەت
تېلېفون نومۇرى: 4841601—2658 (0991)
پوچتا نومۇرى: 830053

# Journal of Xinjiang University

**(Philosophy and Soial Sciences, Uyghur edition)**

**№. 4. 1997 (Total: 72)**


# Contents


Deng xiaoping's Theory Is the Guide in Pushing Forward the Cause of Socialism in China ........ *Ismail Niyaz*

On the Essential Task of Socialism ........ *Nijat. Ahmatjan, Wali. Amut*

The Two Kinds of Civilization and Their Relations ........ *Məryəm. Sawut*

The Famous Poet Nim. Xehit and His Literary Works ........ *Kerimjan. abdurehim*

A view on the Agricultural Development of Ancient Uyghur People Based on the《Big Dictionary of Turkish Languges》........ *Tursun Palta*

From the Important Description of《Kutatku Bilik》—to the Ancient Kingdom of Ili ........ *Tursun Arxidin*

Beautiful Hometown—Xinjiang (4. Ili Kazak Autonomous) ........ *Muhammd. Osman*

About the Phonetics Structure of Modern Uyghur Language ........ *Nasurulla. Yolboldi*

About Appellation Words in Uyghur Language ........ *Yari Abaydulla*

About the Arabic Loanwords in Uyghur Language ........ *Xazadam. Siyit*

On the Important Requirements of Literary Creation ........ *Ablat. Omar*

The Comparative Research On the Originate Mythology ........ *Anwar. Samat*

Changes on Marriage Situation of Uyghur People under the Condition of Market Economy ........ *Hamra. Muhammad*

The Influence of Women's Literal Level Upon the Next Generation ........ *Pazilat. Dawut*

On Market Mechanism ........ *Jappar Muti,i*

On Human Rights and Sovereign Rights ........ *Ahmat. Mamut*

About Making Differences of the Words Which Are Inclined to Change by Making use of the Characteristics of Writter Language ........ *Dilxat Ismail*

The Total Contants of **1997** ........


**(Translated by Chuguluk Abdilim)**

ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯ НСКОГО У НИВЕРСИТЕТА

(Трехмесячныйжурналфилософии-общественной науки на уйгурском языке)

№. 4. 1997 г. (обший №72)

# Содержание

Теория Дин-шаопина-это показатель продвигающий вперёд шаг китайского социализма ………………………………………… Исмаил Нияз

Об основной задаче социализма ………………… Нижат Ахметжан. Вали хамут

Две культуры и об их отношениях ………………………………… Марьям Савут

Великий, известный позт Ним Шеит и о его творчестве ……… Керимжан Абдуреим

С точки зрения《Тюркского словаря》смотреть на развитие древнего сельскохозяйства уйгурского народа ……………………………………… Турсун Палта

Прокомментировать с точки зрения《Кутаткубилик》древнее княжество Или …… ………………………………………… Турсун Аршидин

Прекрасный край-Синьцзянь (Или-казахская автономая область-4ласть) ………… ………………………………………… Мухаммет Усман

Структура сронетики современного уйгурского языка ………… Насрулла Юолболди

Назывные имена в уйгурском языке ………………………… Я ри Абайдулла

Слова вошедшие в уйгурский язык с арабского языка ……………… Шахзадам Сеит

О главном условии литературного творчества ………………… Аблет Умар

Сравнение и изучение о легендах творства ………………………… Анвар Самат

Изменение брачных отношений уйгурского народа при положении экономического рынка ………………………………………… хамра Мухаммат

Влияние образования женщин качеству младшего поколения ……… Пазилат Давут

Омеханизме базара ………………………………………… Жаппар Мутии

Права человека и суверенное право и об их связи ……………… Ахмат Мамут

О различии изменения языка способом исполчзуя специсрику книжной речи ……… ………………………………………… Дильшат Исмаил

Общее содержание журнала за **1997** год ………………………………

(Перевод: Назарова Уфира)

# مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس تاشپولات تېيىپ

# 优秀专家塔西甫拉提·提依甫



تاشپولات تېيىپ، ئەر، ئۇيغۇر، 1958 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1976 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۆكتەبىر گۇڭشېسىدا ئىككى يىل قايتا تەربىيە ئالغان، 1978 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتى تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1983 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تاللانغان. 1988 - يىلى ياپونىيەنىڭ توكيو تەبىئىي پەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بېرىپ، 1992 - يىلى 6 - ئايدا سانائەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى دەرىجە ئاتلاپ دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۆھپىكار ئون ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 1994 - يىلى دەرىجە ئاتلاپ پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1995 - يىلى «شىنجاڭ بويىچە تۆھپىكار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى شىنجاڭ مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1996 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. شۇ يىلى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا ياشلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ياپونىيەنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئىككى تۈرلۈك تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىپ، بۇ ئىككى تەتقىقات تۈرىدىكى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق رەسىملەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە يەر يۈزىنىڭ ئۆسۈملۈكلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىش خەرىتىسىنى تۈزۈش قاتارلىق تېمىلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا ئىككى تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسىغا قاتناشتى ھەم يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ بىرى مەملىكەتلىك تەبىئىي پەن فوند تۈرى بولۇپ، بۇلار «تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى بوستانلىقلار بىلەن چۆللۈكلەرنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن بەلبېغىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشىنى يىراقتىن تەكشۈرۈپ، پەرقلەندۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات» (بۇ تەتقىقات تۈرىگە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان). يەنە بىرى «يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى رايونىدىكى تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات» (بۇ تەتقىقات تۈرىگە جۇڭگو تەرەپنىڭ مەسئۇلى بولغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا يەنە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان «يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، «ئايرو فوتو سۈرەتلەرنى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش»، «يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق تەبىئىي بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش»، «يىراقتىن سېزىلگەن سۈرەتلەرنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش»، «جۇغراپىيە ئىنفورماتسىيە سىستېمىسى»، «يەر ئىنفورماتسىيە سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش» قاتارلىق يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلدى ھەم ئاسپىرانتلارنى يېتەكلىدى.

تاشپولات تېيىپ مەيلى ياپونىيىلىك ئالىملار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن تەتقىقات تېمىلىرى بولسۇن ياكى ئۆز ئالدىغا ئىشلىگەن تەتقىقات تېمىلىرى بولسۇن، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنى تىزگىنلەشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا دەلىللەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ تەتىل مەزگىللىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ قېتىم تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلار ۋە قۇملۇقلارغا بېرىپ، بىۋاسىتە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان 40 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «فراكتال ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ سۈنئىي ھەمراھتا تارتىلغان سۈرەتلەر ئارقىلىق يەردىن پايدىلىنىش خەرىتىسىنى تۈزۈشنىڭ ئېنىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى»، «يىراقتىن سېزىلگەن سۈرەتلەرنى كۈچەيتىپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يېڭى بىر خىل ئۇسۇلى»، «سۈنئىي ھەمراھتا تارتىلغان سۈرەتلەر ئارقىلىق يەردىن پايدىلىنىش خەرىتىسىنى تۈزۈشتە مەشىق مەيدانىنى تاللاش توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەر 1994 - يىلى مەملىكەتلىك يىراقتىن سېزىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ۋە 1995 - يىلى ئېچىلغان جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى پارچە ماقالىسى 1995 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش يىغىنىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

主　编:库热西·买合木提江
本期责任编辑:吐尔逊·吾守尔

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

# 新疆大学学报

(哲学社会科学维吾尔文版)
(季刊)
(1980年创刊)
第18卷第4期 1997年12月

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
(پەسىللىك ژۇرنال)
نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى
1997 - يىللىق 4 - سان (18 - يىلى نەشرى)

---

主办单位:新疆大学(乌鲁木齐胜利路14号)
编辑出版:新疆大学学报编辑部
印　　刷:新疆大学印刷厂
国内发行:乌鲁木齐邮政局
国际标准刊号:ISSN 1005-5878
国内统一刊号:CN 65-1035/C
邮政编码:830046

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - نومۇر)
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1005-5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65-1035/C
پوچتا نومۇرى: 830046

---

定价: 3.00 元　　باھاسى: 3.00 يۈەن

国内代号: 58-13 :ۋەكالەت نومۇرى